چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

# پاراسەتلىك ھايات



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
خەتتات: مۇھەممەتئابدۇللا نۇرمۇھەممەت



## ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە ئەسەرلىرى

غايىۋى دۆلەت
پاراسەتلىك ھايات
ئۆلۈم رەزىل ئەمەس
غەربنىڭ تەپەككۇرى
ھۆكۈمدارلار دەستۇرى
زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ
ئەپلاتون پاراگلىرى ـ سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

پاراسەتلىك ھايات

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى

ISBN 978-7-5466-1967-5



چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى



# پاراسەتلىك ھايات

تۈزگۈچى: گو چىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

## 图书在版编目(CIP)数据

智慧人生：维吾尔文/郭成主编; 阿不都卡德尔·加拉里丁译. — 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.7

(外国名家名著丛书)

ISBN 978-7-5466-1967-5

Ⅰ. ①智 ··· Ⅱ. ①郭··· ②阿···Ⅲ. ①人生哲学 — 通俗读物 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.

① B821-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 163410 号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرسۇنگۈل قاسىم
گۆھەر ئوبۇل

مەسئۇل كوررېكتورى: رۇقىيە شېرىپ

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇر مۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

بەت ياسىغۇچى: ئايىنسا ئوبۇل

چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

**پاراسەتلىك ھايات**

تۈزگۈچى: گو چېڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 8.75
2013 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1967 - 5
باھاسى: 30.80 يۈەن

# كىرىش سۆز

تۇرمۇش ئىبرەت بىلەن تولغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىبرەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئۆزىگە خاس ئىپادە شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەدەبىياتتىكى مەسەل ۋە ھېكايەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئىبرەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشقا لايىق كېلىدىغان ژانىرلار سۈپىتىدە تارىخ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، ھازىرمۇ ئىستېمال قىممىتىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھېكايەتلەر غەرب ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئەدىبلەر ۋە ئۇستازلار قالدۇرغان ۋەسىقىلەردىن تېرىلگەن باشاقلار بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرى دۇچ كېلىدىغان روھىيەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى يىغىنچاق كۆرسىتىپ بېرىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

بەزىدە مەن قىسقا، ئىبرەتلىك نەرسىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئالمان - تالمان قەلەمگە ئېلىپ باقىمەن. ئادەتتە، خەنزۇ ئوقۇرمەنلەر ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرگە يېتەرلىك ئېرىشىپ، سەپەردە ۋە ئائىلىدىكى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا تەپەككۇر قىلغۇدەك تۇرتكىلەرگە نائىل بولىدۇ. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ ئالدىراشلىقتا ئويلانغۇدەك خۇرۇچ لازىمدۇ، دېگەن ئوي قولىمىزدىكى كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە سەۋەب بولغان. تەرجىمە بەكلا مۇنتىزىم ئەمەس، ئوقۇرمەنلەر ئوقۇش داۋامىدا ئۆز كەچۈرمىشىگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلغاي.

— ئابدۇقادىر جالالىدىن

# مۇندەرىجە


جەننەت ۋە دوزاخ........................1
ناكا ئۇرۇق..............................1
يول بېرىش..............................3
ئاپەت ۋە ئامەت..........................4
ئالدىڭدا بار نى ـ نى مۆجىزە..............5
ۋا كېچىش ۋە ئېرىشىش....................6
تەپكەك ئېشەك............................7
ئەللامە بىلەن كېمىچى....................7
يارىماسلىقنىڭ پايدىسى....................8
رىزىق..................................10
ئايروپىلان (ئۇچقۇ)نىڭ سىرى..............11
ئوغرى ۋە ئىنساب........................12
كىم كىمنى كەچۈرىدۇ؟....................14
ئۆلىمانىڭ دەريادىن ئۆتۈشى................15
زۇڭتۇڭ بىلەن مايور......................16
«هەئە» نىڭ زىيىنى........................17
ئېقىنغا ماسلىشىش........................17
ئۈچ نەسىھەت............................18
چۈجە بىلەن قوناق........................21
دىيالوگ سەنئىتى..........................22
هەققانىيلىق دېگەن نېمە؟..................24
تاڭ نۇرى................................25
تەخمىنىي جاۋاب..........................26

تەلەيلىك سېرژانت........27
ئەدەپ ۋە جان ساقلاش........27
يۈك........28
ئىشەنچلىك دادا........29
مۇنازىرىلىشىشنىڭ كۈچى........30
تىل قېلىپ، چىشىنىڭ يوقىلىشى........31
قۇلۇپنىڭ سىرى........32
تەركىدۇنيا زاھىت........35
روزېنتال تەسىرى........35
ھەزرىتى مۇسانىڭ بىر قولى........37
ۋاز كەچكەندىكى چىقىش يولى........37
كامالەت........39
چىرايلىق تاش........40
گۈزەللىك ۋە سەتلىك........42
ئوقۇتقۇچىنىڭ جاۋابى........43
تەڭرىنى مەنسىتمەسلىك........44
بېلىقچى بىلەن گۆھەر........45
پۇرسەت........47
ئۈچ قېتىم مۇنبەرگە چىقىش........48
ئېقىن........50
مىننەتدارلىق ئۈچۈنلا........51
شىرغا ئوخشاش........52
نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشى........53
پاراسەتلىك تەبىرچى........54
تۆتىنچى يول........55
ماھىرلىق........55
ئاچ كۆز سەكسەنپۇت........57
يول بىلىدىغان كاپىتان........58

تەقدىم.......................................58
خىسلەتلىك تاش.................................59
قىز ۋە كېلىن...................................60
چويۇن...........................................61
ئوخشاش پۇشايمان..............................61
بۇ جەننەت ئەمەس..............................64
ئىلاھىي تاشپاقىنىڭ پاراستى....................65
تاسادىپىي چېقىن...............................67
نەسىھەت.......................................67
ئۈچ سەيياھ.....................................68
دانىشمەننىڭ دانىشى.............................69
كىچىككىنە بىر ئىش.............................70
بار بىلەن يوقنىڭ پەرقى..........................71
قەيەرگە كەتتى..................................72
بېلىقنىڭ خۇشاللىقى.............................73
قايسى پۇتىنى ئالدىدا يۆتكەيدۇ؟..................73
مەن ھازىرلا كېلىمەن...........................75
غايە ۋە رېئاللىق................................75
ھەمراھ تاللاش..................................76
ئوتتۇرىچە قىممەت...............................77
ئاتالمىش شەرھى.................................79
خاتالىقنى تونۇغان مەھبۇس.......................80
ئەڭ ئاخىرقى گۆھەر.............................81
مەززىلىك بېلىق.................................81
چوڭ بوغما يىلان ۋە يىلپىز......................82
جاھىل قىسقۇچپاقا...............................83
بېلىقچىنىڭ ئوغلى...............................85
بىپەرۋا ئادەم....................................86

ئالدىغا ۋە كەينىگە ........................ 87
يېرىم ئەدىيال ........................ 88
قەبرە ........................ 89
خۇشاللىق ئىزدەش ........................ 89
گالىستۇك ........................ 91
چوڭ بېلىق ۋە كىچىك بېلىق ........................ 92
پىر ـ ئۇستازنىڭ ئۆي كۆچۈشى ........................ 92
پوپىنىڭ ئوغلى ........................ 93
كۇچىنىڭ مەنبەسى ........................ 94
خۇدا بىلەن باغۋەن ........................ 95
پالۋان ئاكىللىيۇس بىلەن هارۋىكەش ........................ 96
سەمىمىيلىك ئالتۇن ........................ 97
ئىككى تامچە ماي ........................ 98
هاياتتىكى كارامەت ........................ 99
تاماق پۇلى ........................ 100
قىممەت ئۆلچىمى ........................ 101
دانىشمەن بىلەن هاماقەت ........................ 102
دادام ۋە مەن ........................ 103
سۇتچى ۋە سۇت چېلىكى ........................ 109
يېرىم ۋاراق قەغەز ........................ 111
يالىڭاياغ بالا ........................ 114
ئايال ۋە بالا ........................ 116
قىزىقچى ........................ 118
بوسۇغا ........................ 121
ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا كۆرۈشىمەن؟ ........................ 122
داۋىدنىڭ پۇرسىتى ........................ 124
چۈمۈلىلەر ئۇرۇشى ........................ 127
بەخت دېگەن بىر قاچا سۇ ........................ 129

مەڭگۈ ئۆرە تۇرغان ئادەم..........................129
يولۇچى ۋە پالتا......................................130
بۇت...................................................131
بۆرىلەرنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىشى.......................132
خارابىلىكتىكى گۈل...................................133
خۇشاللىق ئىزدەش....................................133
ھۇزۇر ۋە شادلىق.....................................134
خۇشاللىقنىڭ پەيتى...................................135
كىم ئەڭ تەلەيلىك....................................136
كېرەكسىز تاش ۋە كېرەكلىك خىش......................137
ساھىبجامال بېلىق....................................138
جىلغىنىڭ سىرى.......................................139
چالنىڭ بېلىق تۇتۇشى................................141
كۆڭۈلدىكى سۈرەت....................................142
يالغانچىلىقنىڭ لايىھەلىنىشى.........................143
ئاددىي قەلب..........................................144
ئەڭ ياخشى روھىي ھالەت..............................146
پاتقاقتا ئىز قالدۇ....................................147
قەپەس................................................148
ئەقىل ـ پاراسەت نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ............149
ئەسلەش ۋە ئۇنتۇش...................................152
ئۈمىد رېتسېپى.......................................153
قاقاستا گۈل..........................................154
پەرۋەردىگار بىلەن سۆھبەت..........................154
ئېۋەنسىز ئايال.......................................155
قاردىكى ئاۋاز........................................156
چېقىق تەشتەك نەزەرىيەسى..........................157
يۇلتۇز كەينىدىكى كائىنات............................158

تىلاۋەت شىرەسىدە ئېچىلغان گۈل..........................160
نەزەر..........................................161
كىت..........................................163
قۇش قەدرى، ئادەم خارى..........................163
ئۈچ تەمسىل..........................................164
ئوغۇلنىڭ نەزەرىدىكى ئاتا..........................165
ئوقيا ئېتىش..........................................165
يولۋاس ئۆلگەن بىلەن بۆرە قالدى..........................168
ئۈچ قېتىملىق پۇشايمان..........................170
تاشقا ئايلانغان ياغاچىنىڭ ھېكايىسى..........................172
شار پەلسەپىسى..........................................174
لازىم ئېگىلىش..........................................175
ئۆزۈڭنى بىل..........................................176
ئۆلگە بولغان دادا..........................................178
ئىبادەتتىكى ئېپىسكوپ..........................179
چىرايلىق توز..........................................179
مايمۇن..........................................180
مۇۋاپىق ئۆلچەم..........................................182
گۈەنجۇڭ بىلەن باۋ شۇيانىڭ دوستلۇقى..........................183
بەخت ۋە بەختسىزلىك..........................185
خۇشاللىقتا ئېرىشىش..........................187
خاتىرجەملىكنىڭ ئۆزى بايلىق..........................191
ياخشىلىقتا يامانلىق..........................192
ئەگرى قوزۇقتا دوناي توقماق..........................194
كىشىلىك ھايات تاغقا يامىششقا ئوخشايدۇ..........................196
ئالدى تەرەپتىكى يول..........................197
جەننەت قەيەردە..........................................198
قۇمنىڭ ھېكايىسى..........................................199

ئارام........................................201
باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگۈچى........................202
ئالا كۆڭۈللۈك...................................203
پەرق..........................................203
گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار.............................204
بېلىق تۇتۇش ماھىرى...............................205
سېھىرلىك ناخشا..................................206
قۇش بېقىش......................................207
نيۇچۆننىڭ بۇلاڭچىغا ئۇچرىشى.........................207
ئەتىرگۈل چەمبىرىكى...............................209
سايە..........................................209
چىنلىق.........................................210
سەۋرچانلىق......................................211
توخۇ ئوغرىلاش...................................211
مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش...........................212
ھۇۋقۇشنىڭ ئۆلۈك چاشقاندىن قىزغىنىشى..................213
باش سۆڭىكى.....................................214
توخۇ سوقۇشتۇرۇش.................................215
كېرەكلىك ۋە كېرەكسىز..............................216
ئەتىرگۈلنىڭ دوستى................................217
سوغۇققان راھىب..................................218
دەرەخ بىلەن تۆمۈر تۇمشۇق...........................218
قىزىقارلىق پەرق..................................219
ئەپۇ قىلىش ۋە ئەركىنلىك............................219
سۇۋەرەكنىڭ تومۇزغا تۇتۇشى.........................220
ئۆز ئاجىزلىقىنى تەن ئالماق..........................221
كېيىنىش ۋە قابىلىيەت..............................222
تەمسىل........................................223

سۆيگۈچى ۋە سۆيۈلگۈچى......................224
يەردىكى بۆركۈت..............................225
ئاق ئات ئات ئەمەس...........................226
جۈۋۋاڭنىڭ چوكىسى............................226
ھەركىمنىڭ ئۆزىگە ئېسىل......................227
ئاياغ سېتىۋېلىش.............................228
تىلەمچى بىلەن شەبنەم تامچىسى...............229
باشقىلارنىڭ يولى............................229
قوشۇمچە رولچى بولۇش.........................230
دۇمچەك ۋە ھەيكەل.............................231
چېقىلغان ئەينەك نەزەرىيەسى...................232
موزى نېمە ئۈچۈن گەپكە ناقىس؟................232
نىشان توغرا ئەمەس............................234
لايخورەك بىلەن قۇلۇلىنىڭ ئىلىشىشى...........234
ئىككى خىل كۆزقاراش..........................235
ئوغرىنىڭ كارامىتى............................236
تۈزلۈق بېلىق ئەۋلىيا..........................237
كىرىچىنىڭ سايىسى جامدا يىلان كۆرۈنۈپتۇ.........239
پەرىشتىمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ.....................240
ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتا.....................241
تەسەۋۋۇردىكى بولكا...........................242
ئەڭ مۇھىم ئىش................................243
ئوت ئۆچۈرۈش..................................244
مۈشۈك بىلەن چاشقان...........................245
يۆ بەگلىكىنىڭ ھارۋىسى.........................246
جىگدىچى بىلەن تومۇزغا.........................248
بۆرىنىڭ ھېكايىسى..............................249
يوپۇرماق......................................251

ھەقىقىي گۆھەر ........................ 252
ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق........................ 252
ئارىلىق ساقلاش........................ 253
نوپۇزغا چوقۇنماڭ........................ 254
راھىب بىلەن ئالدامچى........................ 255
تەسۋىر بويىچە ئات ئىزدەش........................ 256
ئۈمىدۋار ئەما........................ 256
دىبىق........................ 257
تىكەن........................ 258
ماڭالايدىغان تاش شىر........................ 259
سودىگەرنىڭ ئايالى ۋە ئوغرى........................ 261
ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىش........................ 262
يامغۇر تىلەش........................ 263
كۆرەڭ ھارۋىكەش........................ 264
پاڭ قولاق ئەپەندى........................ 265
ئازادە ھايات........................ 266
ئەڭ قىممەتلىك نەرسە........................ 267

## جەننەت ۋە دوزاخ

بىر ئادەم جەننەت بىلەن دوزاخنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال دوزاخقا كىرىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ھاڭ ـ تاڭ بولغىنچە تۇرۇپلا قاپتۇ، چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ، بىرەر ئادەمنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم يوق، ھەممىسى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن ھالدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرغۇدەكمىش. ئۇ يەنە سىنچىلاپ قاراپ ھەربىر ئادەمنىڭ سول قولىدا ۋىلكا، ئوڭ قولىدا پىچاق باغلانغانلىقىنى، پىچاق بىلەن ۋىلكا سېپى تۆت چى ئەتراپىدا ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇلارنى ئىشلىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ھەممەيلەننىڭ ئاچ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئادەم جەننەتكە كىرىپتۇ، بۇ يەردىكى ئەھۋالمۇ دوزاختىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ قولىغا پىچاق بىلەن ۋىلكا باغلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار خۇشال ـ خۇرام ھالدا يەپ ـ ئىچىپ، ناخشا ئېيتىشىپ ئولتۇرغۇدەك.

ھېلىقى ئادەم بىر ئاز گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئەسلىدە، دوزاختىكىلەر ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزساملا بولدى، دەپ ئويلىغاچقا، بىر ـ بىرى بىلەن كارى بولماي، ھەممىسى ئاچ قالغان، جەننەتتىكىلەر بولسا بىر ـ بىرىگە يېگۈزۈپ قويغاچقا خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرغانىكەن.

## ناكار ئۇرۇق

بۇرۇن بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەن. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىـ

مۇ، لېكىن مۇۋاپىق تەخت ۋارىسى تاپالماپتۇ. ئاخىر پادىشاھ پۈتۈن
مەملىكەتنى ئاختۇرۇپ بىر سەمىمىي بالىنى تاللاپ ئۆزىگە ۋارىس
قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇ مەملىكەتتىكى
ھەربىر بالىغا بىرئازدىن ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ
ھەمدە «ئەگەر كىم بۇ گۈل ئۇرۇقىدىن ئەڭ چىرايلىق گۈل ئېچىل-
دۇرالىسا شۇ تەخت ۋارىسى بولىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ. بارلىق با-
لىلارنىڭ ھەممىسى گۈل ئۇرۇقلىرىنى تېرىپتۇ. ئۇلار ئەتىدىن -
كەچكىچە تەشتەكنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي سۇ قۇيۇپ، ئوغۇتلاپ،
توپىنى بوشىتىپ پەرۋىش قىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر بالا بو-
لۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا كۈنبويى تەشتىكىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي
پەرۋىش قىلغان بولسىمۇ، تەشتەكتە ھېچنېمە ئۈنمەپتۇ. تەشتەك-
نىڭ توپىسىنى ئالماشتۇرسىمۇ پايدىسى بولماپتۇ، شاھنىڭ گۈل-
لەرنى كۆرىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى يەنىلا ئۈن-
مەپتۇ، پادىشاھ گۈل تەشتەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بالىلارنىڭ ئال-
دىدىن ئۆتۈپتۇ، ئەمما چىرايىدا كۈلكىدىن ئەسەر يوق ئىكەن. پا-
دىشاھنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ھېلىقى قۇرۇق تەشتەكنى تۇتۇپ يىغلاپ
تۇرغان بالىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بالام، سەن نېمىشقا قۇرۇق تەشتەك كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ —
دەپ سوراپتۇ. بالا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇقنى ئالغان كۈندىن
تارتىپ ناھايىتى ياخشى پەرۋىش قىلغانلىقىنى، شۇنچە قىلسىمۇ
بىر تالمۇ ئۇرۇقنىڭ ئۈنمىگەنلىكىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر قېتىم
باشقىلارنىڭ بېغىدىن بىر تال ئالما ئوغرىلىغانلىقىنى، بۇ قېتىم-
قى ئىشنىڭ بەلكىم خۇدانىڭ ئۆزىگە بەرگەن جازاسى بولۇشى مۇم-
كىنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بالىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن پادىشاھ با-
لىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ھەم تەخت ۋارىسىم، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان بەگ - سىپاھلار ئۈنىگدىن:

— نېمە ئۈچۈن شۇنچە چىرايلىق گۈللەرنى ئۆستۈرگەن با-

لىلارنى تاللىماي، قورۇق تەشتەك كۆتۈرۈۋالغان بۇ بالىنى تەخت ۋارىسى قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ، پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مېنىڭ ئۇلارغا تارقىتىپ بەرگىنىم پىشۇرۇۋېتىلگەن ئۇ-رۇق ئىدى، — دەپتۇ.

# يول بېرىش

بىر مۆتىۋەر كۆۋرۈككە چىقىپ نەچچە قەدەم مېڭىشىغا ئالدى تەرەپتىن بىر ھاممال ئايال چىقىپ كەپتۇ. مۆتىۋەر ئارقىغا قايتىپ ھاممال ئايالغا يول بېرىپتۇ. مۆتىۋەر كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا كەلگەندە يەنە بىر ئوتۇنچى ئۇچراپتۇ. مۆتىۋەر گەپ - سۆز قىلماي ئارقىغا قايتىپ ئوتۇنچىغا يول بېرىپتۇ. ئاندىن كۆۋرۈك-تىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ھېچكىم قالمىغاندا ئاندىن كۆۋرۈككە چىقىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولاي دېگەندە ئۇدۇلىدىن ھارۋا ئىتتەرگەن بىر دېھقان كەپتۇ. بۇ قېتىم مۆتىۋەرنىڭ كەينىگە يېنىشقا كۆڭلى ئۇنىماي شىلەپىنى ئېلىپ دېھقانغا سالام قىلىپ:
— قەدىرلىك ئەپەندى، مەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولايلا دېگەن ئىدىم، ماڭا يول بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.
ئەمما دېھقان:
— مېنىڭ ھارۋا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھەم بازارغا ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ يول بەرگىلى ئۇنى-ماپتۇ. ئىككىيلەن تالاش - تارتىش قىلىشىپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزى قېيىقتا ئولتۇرۇپ بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان راھىبقا چۈشۈپتۇ - دە، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كېلىشكە راھىبنى دەۋانى ئايرىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.
راھىب دېھقانغا:
— سەن بازارغا ئالدىرىغاندىكىن نېمىشقا مۆتىۋەرگە يول بەر-

مەيسەن؟ سەن ئارقاڭغا بىر نەچچە قەدەم يانساڭ مۆتىۋەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، سەنمۇ كۆۋرۈكتىن بالدۇر ئۆتەلەيسەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

دېھقان زۇۋان سۈرمەپتۇ، راھىب يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۆتىۋەرگە:

— سەن شۇنچە ئادەمگە يول بەرگەندىكىن دېھقانغىمۇ يول بەر- سەڭ بولمامدۇ؟ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمىگەن تەقدىردىمۇ ھېچبولمى- غاندا سالاپىتىڭنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىدە سىزمۇ مۇشۇنداق ئىشقا يولۇ- قۇپ باققانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، باشقىلارغا يول بەرگەنلىك ئۆزىگە يول ھازىرلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئايەت ۋە ئامەت

بىر ئېكسپېدىتسىيەچى بىر ھامىلىنى ئېلىپ چۆل - جەزىرد- گە قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە كىرىپتۇ. بىركۈنى ئېكسپېدىتسىيەچى كوكۇس كېسىۋېتىپ بىخەستەلىكىدىن بىر بارمىقىنى كېسىۋاپتۇ، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھامىلى دەرھال:

— بەك ياخشى بولدى، خۇدا سىزگە رەھمەت قىلىدىغان بولدى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئېكسپېدىتسىيەچى ھامىلىنىڭ گېپىگە غەزەپلىن- نىپ ئۇنى چوڭقۇر بىر ئازگالغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز ئال- دىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى بىر توپ يەرلىك كىشىلەر ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ھەمدە نەزىر قىلماقچى بوپتۇ، بۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئارد- سىدىكى بىر ئادەمنىڭ كۆزى ئۇنىڭ بىر بارمىقىنىڭ يوقلۇقىغا چۈشۈپ:

— بۇ نۇقسانسىز نەزىرلىك ئەمەسكەن، — دەپ ئۇنى قويۇۋې- تىپتۇ. مۇشۇ چاغدىلا ھامىلىنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن

ئېكسپېدىتسىيەچى ھامالنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ ئۇنىڭدىن كەچۇ-رۇم سوراپتۇ. ھامال:

— كەچۇرۇم سورىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغىنىڭىزمۇ خۇدانىڭ رەھمىتى، — دەپتۇ.

ئېكسپېدىتسىيەچى ھەيران بولۇپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا:

— چۇنكى، مەن سىز بىلەن بىللە ماڭسام، يەرلىكلەرنىڭ مېنى نەزىرلىك قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، — دەپتۇ.

## ئالدىڭدا بار نى - نى مۆجىزە

ئوپمۇئوخشاش ئىككى ئۇرۇق تەڭلا يەرگە سېلىنىپتۇ.

بىر تال ئۇرۇق:

— مەن تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنۇپ چىقىشىم كېرەك. باھار، ياز، كۈز ۋە قىش پەسىللىرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل كۆنلەرگە ئۇلىشىمەن، — دەپ، كۈچىنىڭ بارىچە يۇقىرىغا قاراپ ئۇنۇپتۇ.

كېيىنكى يىلى كۈز پەسلىدە ئۇ نۇرغۇن يېتىلگەن ئۇرۇقلارغا ئايلىنىپتۇ. يەنە بىر تال ئۇرۇق:

— ناۋادا مەن ئۇستىگە ئۆسسەم، قاتتىق قورام تاشلارغا ئۇسۇ-ۋېلىشىم مۇمكىن، ئاستىغا يىلتىز تارتسام ئاجىز نېرۋىلىرىمنى زەخىملەندۈرۈۋېلىشىم مۇمكىن. بىخ چىقارسام ھاشاراتلار يەۋېتى-شى مۇمكىن. چېچەك ئاچسام ئۇششاق باللار يىلتىزىدىن يۇلۇۋې-تىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە ياتسام ھەممىدىن راھەت، بىخەتەر ياشىغۇدەكمەن، — دەپ توپىنىڭ ئاستىدا يېتىۋې-رىپتۇ. بىر كۈنى دانلاپ يۈرگەن خوراز كېلىپ ئۇنى چوقۇپ يەۋېتىپتۇ.

# ۋاز كېچىش ۋە ئېرىشىش

بىر بېلىقچى دېڭىزدىن يوغان تاشپاقىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ، تاشپاقىنى ئۆز بالىسىغا قارىغاندەك قاراپتۇ. ئەمما، تاشپاقا بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن يېمەي - ئىچمەي، ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويماي يىغلاپلا ئولتۇرۇپتۇ.

— مېنى قويۇۋەتكەن بولسىڭىز، چۈنكى مېنىڭ ئائىلەم ۋە بالام دېڭىزدا، ھەممە خۇشاللىقىم شۇ يەردە، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ تاشپاقا.

بىراق بېلىقچىنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇ تاشپاقىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئامراق تاشپاقىسىنىڭ بارا - بارا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېلىقچىنىڭ رايى يېنىپ ئۇنى دېڭىزغا قويۇۋېتىش قارارىغا كەپتۇ. ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىركۈنى بېلىقچىنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز چېكىلىپتۇ، بېلىقچى چىقىپ قارىسا، بىر يىل ئىلگىرى ئۆزى قويۇپ بەرگەن تاشپاقا تۇرغۇدەك.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ بەختىنى تاپقان ئەمەسمىدىڭ؟ يەنە مېنى كۆرگىلى كېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىقچى.

— ماڭا بەختنى سەن بېرىپتىكەنسەن، سېنى ئۇنتالمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تاشپاقا.

— بولدى، قايتىپ كەتكىن، سەن بەختلىك بولساڭلا بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى كۆرگىلى كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى مەيۈس ئاۋازدا.

تاشپاقا كۆزى قىيمىغان ھالدا كېتىپ قاپتۇ، ئەمما بىر ئايدىن كېيىن يەنە قايتىپ كەپتۇ.

— ھەي، بۇ نېمە ئىش؟ ئۆز ۋاقتىدا ھەر خىل ئاماللار بىلەن سېنى يېنىمدا تۇتۇپ قېلىشنى ئويلىسام، سېنى زادىلا تەسىرلەن-

دۇرەلمىدىم، ئەمدى سەندىن ۋاز كەچكەندە، ئەكسىچە ساڭا ئىرىشتىم، — دەپتۇ بىلىقچى ھەيران بولغان ھالدا.

## تەپكەك ئىشەك

گىرېتسىيەلىك ئاتاقلىق پەيلاسوپ سوقرات بىركۈنى بىر قەدىناس دوستى بىلەن ئافىنا كوچىلىرىنى سەيلە قىلغىلى چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭغاچ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ كېتىۋاتسا، ئۇدۇلىدىن تۇيۇقسىز بىر تەلۋە ياش چىقىپ سوقراتنى كالتەك بىلەن بىرنى سىلىپلا قېچىپ كېتىپتۇ. سوقراتنىڭ دوستى دەرھال ئۇ تەلۋىنى تۇتۇپ كېلىپ ھېسابلاشماقچى بولغانىكەن، سوقرات ئۇنى توسۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن ئەجەبلەنگەن دوستى ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن:

— بىز نېمىشقا ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمايمىز؟ ئۇ تەلۋىدىن قورقتىڭىزمۇ - يا؟ — دەپ سوراپتىكەن. سوقرات:

— ياق، مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا، خەق سىزنى بىكاردىن - بىكار ئۇرسىمۇ قول ياندۇرمىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتىكەن، سوقرات كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قەدىناس بۇرادەر، سىز ئالجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ ئەجەبا، بىر ئېشەك كېلىپ سىزنى بىرنى تەپسە سىزمۇ ئۇنى بىرنى تېپىشىڭىز كېرەكمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇنىڭ دوستى بېشىنى لىڭشىتىپ قايتا گەپ - سۆز قىلماپتۇ.

## ئەللامە بىلەن كېمىچى

بىر دوكتور كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. دەريادا كېتىۋېتىپ ئۇ كېمىچىدىن:

— سىز ئەدەبىياتنى چۈشىنەمسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، كېمىچى:

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دوكتور يەنە:

— ئۇنداقتا تارىخنى، زوئولوگىيەنىچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، كېمىچى يەنىلا بېشىنى چايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دوكتور مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن بېلىقچىغا قاراپ:

— سىز بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمىسىڭىز ئۆتۈپ كەتكەن بىر نان قېپى ئوخشىمامسىز؟ — دەپتۇ.

دوكتورنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ، كېمە ھەدەپ ئىككى ياققا چايقىلىپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ دوكتورنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قان دىدارى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىچى ئۇنىڭدىن:

— سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. دوكتور:

— ياق، ھەممىنى بىلىمەن، پەقەت سۇ ئۈزۈشنىلا بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا كۈچلۈك بوران چىقىپ كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. دوكتور «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگىنىچە سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كېمىچى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئەپچىقىپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز بىلگەنلەرنىڭ بىرىنىمۇ بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى نان قېپى دېدىڭىز. بىراق، سىز شۇنچە نەرسىنى بىلگەن بىلەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەنسىز ئەمەسمۇ، ئەگەر بۇگۈن مەن بولمىغان بولسام، سىز جېنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالاتتىڭىز، — دەپتۇ.

## يارىماسلىقنىڭ پايدىسى

بىر ياغاچچى چىن بەگلىكىگە بېرىپ، چۇ يۇەن دېگەن يەردە

كىشىلەر ئىلاھ دەپ چوقۇنىدىغان بىر تۈپ ئېمەن دەرىخىنى كۆ-رۈپتۇ. ئۇ ئاجايىپ چوڭ دەرەخ بولۇپ، مىڭلىغان ئات ھارۋىسى ئاستىدا سايىدىيالايدىكەن. ئايلانمىسى 100 چى ئەتراپىدا كېلىدى-كەن. بىراق ياغاچچى دەرەخكە نەزىرىنى سېلىپمۇ قويماپتۇ.

ياغاچچىنىڭ شاگىرتى بۇ ھالدىن تەئەججۇپلىنىپ:

— ئۇستام، مەن ئۆزلىرىدىن ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقاندىن بېرى بۇنداق ياخشى ياغاچنى كۆرمەپتىكەنمەن، لېكىن سىلى بۇ دەرەخكە قاراپمۇ قويمىدىلا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ. ياغاچچى ئۇستام:

— قوي بۇ گېپىڭنى، بۇ بىر كېرەكسىز ياغاچ، ئۇنىڭدا كېمە ياسىساڭ بەك ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ، جەسەت ساندۇقى ياسىساڭ ئاسانلا چىرىپ كېتىدۇ، ئۆي جاھازلىرى ياسىساڭ ئاجىزلىقىدىن نەچچە كۈندىلا بۇزۇلىدۇ، ئىشىك - دېرىزە ياسىساڭ پۇختا بولماي-دۇ، لىم قىلساڭ ئوڭاي قۇرت چۈشىدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، مۇشۇنچىۋالا يوغىنىغان دەرەخ بۇ، — دەپتۇ.

ياغاچچى ئۆيىگە قايتىپ ئۇخلاپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئېمەن دەرىخى ئۇنىڭغا:

— سەن كۈندۈزدە مېنى بىرمۇنچە يامانلاپ كەتتىڭ، ئەمدى مې-نىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ قوي، ئېسىل ياغاچلار ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن كېسىلىپ، ھەر خىل سايمانلارغا ئايلىنىپ بولدى، ئال-ما، نەشپۈت، ئاپېلسىن قاتارلىق دەرەخلەر چېچەكلەپ، مېۋە بېرىد-دۇ. ئەمما مېۋىسى پىشقاندا كىشىلەر مېۋىنى ئۈزۈپ چۈشۈرىمىز دەپ دەرەخنى زەخىملەندۈرىدۇ. دەل ئۇلارنىڭ پايدىلىقلىقى خاتىر-جەم ياشىيالماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. مېنى كېرەكسىز دېدىڭ، كېرەكسىزلىكىم ئەكسىچە مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىمغا ئايلاندى، ئە-گەر مەن كېرەككە كېلىدىغان دەرەخ بولسام مۇشۇنداق بۈك - باراقسان ھالەتتە تا ھازىرغىچە ياشىيالامدىم؟ — دەپتۇ.

# رىزىق

بىركۈنى بىر زاھىد ئەلى ھاپىزنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر باش بارماق چوڭلۇقىدا بىر دانە ئالماسقا ئېرىشسىڭىز ئەتراپتىكى يەرنىڭ ھەممىنى سېتىۋالالايسىز، ئەگەر بىر ئالماس كېنىغا ئېرىشسىڭىز، ئۇنىڭ كۈچى بىلەن ئوغلىڭىزنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزالىشىڭىز مۇمكىن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالماس ۋەسۋەسىسى ئەلى ھاپىزنى بىر كېچە كىرپىك قاقتۇرماپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇ ھېلىقى زاھىدنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن قەيەردىن ئالماس تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىشنى سوراپتۇ. زاھىد بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمىسىمۇ يالغاندىن:

— سىز ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۈيى ئاقۇچ قۇم ئارىلاش ئاقىدىغان دەريانى ئىزدەڭ، ئاشۇ قۇمغا چوقۇم ئالماس كۆمۈكلۈك، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەلى ھاپىز بارلىق زېمىنلىرىنى سېتىپ بايلىق ئىزدەش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپتۇ، ئۇ ئالماس توگۈن بىرەر پارچە ئېسىلراق تاشمۇ تاپالماپتۇ، ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىسپانىيەدە دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋاپتۇ.

بىركۈنى ئەلى ھاپىزنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالغان ئادەم باغنى كېزىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدىكى قۇمنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسىنىڭ نەچچە خىل رەڭدە نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كولاپ ئاپتىدەكەن، يوغان بىر تاش چىقىپتۇ. ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكېلىپ ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى زاھىد يەنە بۇ ئۆيلۈكنى يوقلاپ كەپتۇ. زاھىد ئۆيگە كىرىپلا ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى

پارقىراپ تۇرغان تاشنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن:

— ۋاي، بۇ ئالماسقۇ! ئەلى ھاپىز قايتىپ كەلدىمۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ، ئۆي ئىگىسى:

— ياق، ئەلى ھاپىز تېخى قايتىپ كەلمىدى، بۇ تاشنى ئارقا ھويلىدىن تېپىۋالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئايروپىلان (ئۇچقۇ)نىڭ سىرى

بىر ئادەم پادىشاھ بىلەن دوست ئىكەن، بىركۈنى پادىشاھ ئۇ-نىڭغا بىر كىچىك ئايروپىلان سوۋغا قىپتۇ. ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل ئادەم بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باققان بولسىمۇ، ئۇ-زىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ پەقەت كالا ھارۋىسىنىلا بىلىدى-كەن، شۇڭلاشقا ئۇ بۇنى يېڭى تىپتىكى كالا ھارۋىسى بولسا كې-رەك، دەپ ئويلاپ، ئۇ ئايروپىلاننى ئىككى كالىغا سۆرىتىپ ئۆيىگە ئەكېلىپتۇ ھەمدە كالا ھارۋىسى ئورنىدا ئىشلىتىپتۇ ۋە ئۇ دوس-تىنىڭ بۇ سوۋغىسىدىن تولىمۇ رازى بوپتۇ.

كېيىن بارا - بارا بۇ ئايروپىلانغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى چۇۋۇپ - قۇراشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ يۈرۈپ ئايرو-پىلاننى چۈشىنىشكە باشلاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىر موتورى بارلىقى-نى، ئۆزى ماڭالايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئايروپىلاننى كالىغا قاتماستىن، ئۇنىڭغا ماي قاچىلاپ ئاپتومو-بىل ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ.

يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئۇ ئايروپىلاننىڭ ئىككى قانىتىغا دىق-قەت قىپتۇ ھەمدە، بۇ ئىككى نەرسىنى چوقۇم بىكاردىنلا ياساپ قويمىدى، بۇ نەرسىنى لايىھەلىگەن ئادەم ئىنتايىن ئەقىللىك ئادەم ئىكەن، زۆرۈرىيەتسىز نەرسىنى ھەرگىز بۇ يەرگە قوشۇپ قويماي-دۇ، دەپ ئويلاپتۇ ھەم قاناتنىڭ رولىنى سىناپ بېقىشقا باشلاپتۇ، ئاخىردا دوستى سوۋغا قىلغان بۇ نەرسىنىڭ قۇشقا ئوخشاش ئۇ-

چالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئايروپىلاننىڭ ئەسلىدىكى رولى ئەسلىگە كەپتۇ.

# ئوغرى ۋە ئىنساب

بىر ئوغرى بىر مەشھۇر ئۆلىمانى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— سىزگە قول بېرىپ مۇرىت بولسام بولامدۇ؟ ئالدى بىلەن سىزگە بىر ئىشنى ئېنىق دەي، مەن بىر ئوغرى، لېكىن ئوغرىلىقتىن پەقەتلا قول ئۈزەلمەيمەن، شۇڭلاشقا مېنى قوبۇل قىلىشتا بۇنى شەرت قىلمىسىڭىز. بۇنىڭدىن باشقا، سىز تەلەپ قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىنىڭىز بويىچە قىلالايمەن. مەن كۆپ قېتىم بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم، ھېچبىر ئۇنۇمى بولمىغاندىن كېيىن، ئاخىر پېشانەمگە ئوغرىلىق پۈتۈلگەنلىكىگە تەن بەردىم، — دەپتۇ.

ئۆلىما:

— سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىڭدىن خۇدۇكسىرەيسەن؟ ئۆزۈڭدىن باشقا بۇ ئىشنى كىم تەگەپ يۈرەتتى؟ — دەپتۇ.

ئوغرى:

— مەن قانداق راھىب ياكى پوپنى ئىزدىمەي، ئۇلار ماڭا ئوغرىلىقتىن قول ئۈز، دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆلىما كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا شۇلارنىڭ ئۆزى ئوغرى ئىكەن. بولمىسا، ئۇلار نېمىدەپ سېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىڭگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدۇ؟ ئەجەب مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارىم بولمىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئوغرى خۇشال بولۇپ:

— ۋاھ، سىز ئەجەب داناكەنسىز، ئۇنداقتا، مەن ئەمدى سىزنىڭ مۇرىتىڭىز بولىدىكەنمەن ـ دە، — دەپتۇ.

ئۆلىما ئۇنى قوبۇل قىپتۇ ھەم:

— ئەمدى سەن قايتىپ كۆڭلۈڭ خالىغان ئىشنى قىلساڭ بولىدۇ، لېكىن بىر شەرت، چوقۇم ئىنساب بىلەن ئىش قىلمىساڭ بولمايدۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە كىرىپ كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنگەننى ئال، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىل، مېنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. لېكىن، ئىنسابىنى ئۇنتۇپ قالما، — دەپتۇ.

ئوغرى خۇشال بولۇپ:

— رەھمەت ئۇستاز، مەن چوقۇم شۇ بويىچە ئىش قىلىمەن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئوغرى كېلىپ:

ئەگەر مەن ئىنسابلىق بولىمەن دېسەم، ئوغرىلىق قىلىشقا ئامالسىز قالىدىكەنمەن. ئەگەر ئوغرىلىق قىلسام، ئىنسابىمدىن ئايرىلىدىكەنمەن، گاڭگىراپ قالدىم، — دەپتۇ.

ئۆلىما:

— مېنىڭ ئۇ ئىشلىرىڭ بىلەن كارىم يوق، مېنىڭ ئالدىمدا ئوغرىلىق - توغرۇلۇق دېگەندەك ئىشلارنى تىلغا ئالغۇچى بولما. سەن ھازىر چوقۇم بىر قارارغا كېلىشىڭ كېرەك، زادى ئىنسابلىق مۇرىت بولامسەن - يوق؟ — دەپتۇ.

ئوغرى:

— ھازىرلا بىر قارارغا كېلىشىم تەس، ئەمما مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىنساب دېگەن ئاجايىپ ئۇلۇغ نەرسە ئىكەن، — دەپتۇ ۋە ئۆلىماغا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بىركۈنى كەچتە مەن خان ئوردىسىغا ئوغرىلىققا كىرىپ، ئۈنچە - مارجان، جاۋاھىراتلار قاچىلانغان بارلىق ساندۇقلارنى ئاچتىم. شۇلاردىن ئازغىنە ئېلىپ چىقىپ كەتسەم، مەن ئەسلىدە باي ئادەملەردىن بولالايتتىم، لېكىن مەن ئىنساب قىلىشنى ئۇنتۇمىدىم. ئاشۇ ئىنساب بىلەن قەلبىمدە نە ئوغرىلىق مۇددىئاسى، نە ئارزۇ - ئىستەك قالمىدى. نۇر چېچىپ جۇلالىنىپ تۇرغان ئال-

ماسلار كۆزۈمگە گويا ئادەتتىكى تاشلاردەك كۆرۈندى. ئەمما، قەلبىمدىن ئىنسابنى ھەيدىشىم بىلەن جاۋاھىراتلار يەنە پەيدا بولدى. مەن بۇ ئالماسلارنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئارىلىقىدا نۇرغۇن دېلىغۇللۇقنى باشتىن كەچۈردۈم. قەلبىم ئىنساب بىلەن نۇرلانغاندا، ھەتتا ئۇ جاۋاھىراتلارنى تۇتۇپ قويغۇمۇ كەلمىدى. چۈنكى، ئاشۇ ئەرزىمەس تاشلارنى دەپ ئىنسابتىن ۋاز كېچىش ماڭا تولىمۇ ئەخمەقلىق بولۇپ تۇيۇلدى. مەن ئاشۇ تاشلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويامدىم، دەپ ئويلىدىم ھەم ئەڭ ئاخىردا بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدىكەن، دېگەن قارارغا كەلدىم، ـــ دەپتۇ.

## كىم كىمنى كەچۈرىدۇ؟

بىر ئادەم بۇددانى تىللاپ، ئۇنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپ، بۇددانىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپتۇ. خۇددى ئۇ ئادەم ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەي بىرەر گەپ قىلغاندەك ئۇنىڭدىن:

ـــ يەنە دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغاچقا، گاڭگىرىغىنىدىن لام ـ جىم دېيەلمەي كېتىپ قاپتۇ.

بۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغىنىنى ئويلاپ، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئازابلىنىپ بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ ھەمدە ئەتىسى سەھەردىلا بۇددانىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكلىنىپ تۇرۇپ:

ـــ مېنى كەچۈرگەن بولسىڭىز، ـــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا بۇددا:

ـــ كىم كىمنى كەچۈرىدۇ؟ سەن يۈزىگە تۈكۈرگەن ئۇ ئادەم ھازىر يوق، تۈكۈرگەن ئادەممۇ يوق. شۇڭا بۇ يەردە بىر ـ بىرىنى كەچۈرۈش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. سەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ

كەتكىن، سەن بىرەر ئىش قىلىشقا، ئۇ بولسا ھېچ ئىش قىلماس-لىققا ئامالسىز. بولدى، ھەر ئىككى ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆزى بول-مىسا يەنە نېمە ئىش قىلغىلى بولاتتى؟ ھازىر سەنمۇ يېپيېڭى بىر ئادەم، مەنمۇ شۇنداق، — دەپتۇ.

بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھېچبىر نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. ئادەم بۇ نۇقتىىنى چۈشەنمەي بىر نەرسىگە ئېسىلىپ تۇرۇۋەرسە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

## ئۆلىمانىڭ دەريادىن ئۆتۇشى

نەسىردىن ئەپەندى ھال - ئوقىتى ئانچە يۇرۇشمەي، بىر كېمە بىلەن ساياھەتچىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ تىرىكچىلىك قى-لىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئۆلىما ئۇنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. ئۆلىما ئەپەندىمدىن:

— سىز كىتاب ئوقۇيالامسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

— ياق، ئۇنى ئوقۇشقا نەدە ۋاقتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۆلىما:

— ھەي ئىسسىت، ئۆمرىڭىزنىڭ يېرىمىنى بىكاردىن - بىكار ئىسراپ قىلىۋېتىپسىز، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز كۈچلۈك بوران چىقىپ كېتىپتۇ. كېمە قىرغاقتىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن بولۇپ، ھەر ۋاقىت چۆكۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىكەن. شۇڭا ئەپەندىم:

— ئۇستاز، سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆلىما قورققىنىدىن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا:

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن. ئەپەندىم:

— ئۇنداقتا، سىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىڭىز ئىسراپ بولىدىغان بولدى، مەن كەتتىم، — دەپتۇ.

# زۇڭتۇڭ بىلەن مايور

گېئورگى ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى. بۇگۈنكى كۈندىمۇ، ئۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر زۇڭتۇڭلارنىڭ بىرى دەپ قارالماقتا. زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى.

بىركۈنى بىر يوغان دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ يولنى توسۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر ئوفىتسېر كانۋىيىسىنى دەرەخنى يۆتكىۋېتىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. كانۋاي ئۆزى يالغۇز دەرەخنى مىدىرلىتالماي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرغاننىڭ ئۈستىدە بىر ناتونۇش ئادەم كېلىپ قاپتۇ ھەمدە ئوفىتسېردىن:

ـــ سىز ئۇنىڭغا ياردەملەشسىڭىز بولمامدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتىكەن. ئوفىتسېر:

ـــ مەن دېگەن بۈيۈك گېنېرال ۋاشىنگتوننىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مايورى تۇرسام، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپ، كانۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ، دەرەخنى يولنىڭ چېتىگە يۆتكىشىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مايورى:

ـــ سىز نېمىشقا يولىڭىزغا مېڭىۋەرمەي ئۇنىڭغا ياردەملىشىسىز؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. ناتونۇش ئادەم:

ـــ ئادەملەر بۇ دۇنياغا يارىلىشىدىنلا تەڭ ـ باراۋەر، ھۆر يارىتىلغان. شۇڭا، ھېچكىمنىڭ بىراۋنى ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ھوقۇقى يوق، ـــ دەپتۇ. ئۇنىڭ گېپىدىن ئەجەبلەنگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مايورى ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپتىكەن، ناتونۇش ئادەم:

ـــ گېئورگى ۋاشىنگتون، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# «ھەئە» نىڭ زىيىنى

ئىككى ئادەم بىللە تاغقا چىقماقچى بولۇپ، بىرى:
— مەن ساڭا قارىغاندا تەجرىبىلىكرەك، مەن ئالدىدا ماڭاي، سەن ماڭا ئەگەشكىن، — دەپتۇ.
ئۇ ئالدىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز 250 ئىنگلىز چىسى چوڭ-قۇرلۇقتىكى بىر ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئادەم پەس-كە قاراپ:
— سەن ساقمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتىكەن، ھېلىقى ئادەم:
— ئىككى قولۇم سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا پۇتۇڭ بىلەن يامىشىپ چىق، — دەپتۇ.
— پۇتۇممۇ سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئاستىدىكى ئادەم.
— ئۇنداقتا چىشىڭ بىلەن يامىشىپ چىق، — دەپتۇ.
ئۇ ئادەم چىشى بىلەن يامىشىپ مىڭبىر جاپادا ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا چىقاي دېيىشىگە ئۈستىدىكى ئادەم يەنە:
— سەن ساقمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ:
— ھەئە، — دېيىشى بىلەن ئاغزى ئاجراپ كېتىپ يەنە ئاستى-غا چۈشۈپ كېتىپتۇ.
شۇڭا ھەرقانداق ئىشقا «ھەئە» دەۋەرمەسلىك كېرەك.

# ئېقىنغا ماسلىشىش

بىر ئەۋلىيا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر شارقىراتمىنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. شارقىراتمىنىڭ سۈيى 200 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىن ئېتىلىپ چۈشىدىكەن. بۇژغۇنلار 15 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا چاچرايدىكەن. سۇ ئېقىمىمۇ بەك

شىددەتلىك بولغاچقا، بۇ يەردە بىر تال بىلىقمۇ ياشىيالمايدىكەن. ئەۋلىيا شارقىراتما بويىدا تۇرسا بىر بوۋاي ئۇدۇل شارقىراتمىغا قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئەۋلىيا كۆڭلىدە، بۇ بىچارىگە بىرەر كېلىشمەسلىك كەلگەن بولسا ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ھەم بىر شاگىرتىنى دەريانى بويلاپ بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بوۋاي شارقىراتمىدىن 100 چامدام يىراقلىقتا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ ناخشىنى دۆك تووۇلىغىنىچە دەريانى بويلاپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ ئىشتىن تەئەججۇپكە چۆمگەن ئەۋلىيا بوۋايغا ئەگىشىپ مېڭىپ، يېتىشىۋالغاندا:

— موللام، مەن بايا سىزنى پەرىشتە ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، ئەمدى قارىسام سىز ئاددىي ئادەم ئىكەنسىز. ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز ماڭا مۇشۇنچە شىددەتلىك ئېقىندا قانداق قىلىپ بۇنچە ئەركىن ماڭالايدىغانلىقىڭىزنىڭ سىرىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

— بۇ يەردە دېگۈدەك ھېچ گەپ يوق، مەن پەقەت قايىنامغا ئەگىشىپ كىرىمەن، يەنە شۇ قايىنامغا ئەگىشىپ چىقىمەن. سۇنىڭ ئېقىمى ماڭا ماسلىشارمىكىن دەپ ئولتۇرماستىن ئۆزۈم سۇنىڭ ئېقىنىغا ماسلىشىمەن. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن قايىنامغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

## ئۈچ نەسىھەت

بىر روھانىي يېقىن ئەتراپتىكى يېزىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ بىرسىنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قۇشنى ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇ قۇشنى سېتىۋېلىپ كۆڭلىدە، نېمىدېگەن چىرايلىق قۇش بۇ، بۇنىڭ گۆشىمۇ چوقۇم بەك يېيىشلىك، دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا قۇش تۇيۇقسىز زۇۋانغا كېلىپ:

— بۇنداق خىيالدا بولما، — دەپتۇ.

روهانىي چۆچۈپ:

— سەن گەپ قىلىشالامسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، قۇش:

— شۇنداق، مەن ئادەتتىكى قۇش ئەمەس، قۇشلار دۇنياسىدىكى دانىشمەن. ئەگەر مېنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولساڭ، ساڭا ئەڭ ياخشى نەسىھەتتىن ئۈچنى سوۋغا قىلىمەن، — دەپتۇ.

روهانىي كۆڭلىدە، بۇ قۇش گەپ قىلالىغۇدەك بولغاندىكىن چوقۇم ئادەتتىكى قۇشلاردىن ئەمەس، دەپ ئويلاپ:

— بوپتۇ، نەسىھەتىڭنى دېسەڭ قويۇۋەتسەم قويۇۋېتەي، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قۇش:

— بىرىنچى نەسىھەتىم، ھەرگىز سەپسەتىلەرگە ئىشەنمە، مەيلى بۇ سەپسەتە كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىشىدىن، ئۇنى سۆزلىگۈچىنىڭ قانچىلىك مەشھۇر، نوپۇزلۇق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئېيتقىنى سەپسەتە بولسىلا ئۇنىڭغا ئىشەنمە، — دەپتۇ.

روهانىي:

— توغرا، — دەپ قۇشنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ.

قۇش يەنە:

— ئىككىنچى نەسىھەتىم، نېمىلا ئىش قىلساڭ ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى سىناق قىلما. چۈنكى، ئۇنداق قىلساڭ مەغلۇپ بولىسەن. سەن ئۆز ئەھۋالىڭنى توغرا مۆلچەرلەشنى بىلىشىڭ كېرەك. ئۆزىنى توغرا تونۇيالىغان ئادەملا ئەقىللىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ، ئۆز قابىلىيىتىدىن ھالقىماقچى بولغانلىق ئۈچىنغا چىققان ئەخمەقلىقتۇر.

روهانىي يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ، قۇشنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ.

— ئۈچىنچى نەسىھەتىم، دەپتۇ قۇش، — ياخشى ئىش قىلساڭ ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلما، پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزگەندىلا پۇشايمان

قىلساڭ بولىدۇ.

نەسىھەتلەر بىر ـ بىرىدىن توغرا، قايىل قىلارلىق بولغاچقا، ئۇ قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ.

روھانىي خۇشال ھالدا كېتىۋېتىپ، ناھايىتى ياخشى نۇتۇق ما ـ تېرىيالىغا ئېرىشتىم. كېلەر ھەپتىلىك ئىبادەتتە چوقۇم بۇ ئۈچ نەسىھەتنى سۆزلەيمەن، بىر ئادەمنى ئۆزگەرتىشكە بۇ ئۈچ نەسىھەت تامامەن يېتەرلىك. مەن بۇنى ئۆيۈمنىڭ تېمىغا يېزىۋېلىشىم، ھەت ـ تا شىرەگە ئويدۇرۇۋېلىشىم لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بۇلارنى ئې ـ سىمدە چىڭ ساقلىيالايمەن، دەپ ئويلاپتۇ.

تۇيۇقسىز ئۇ ھېلىقى قۇشنىڭ ئالدىدىكى دەرەخكە قونۇۋېلىپ، ئۆزىگە قاراپ كۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

قۇش:

ــ سەن تولىمۇ ئەخمەق ئىكەنسەن، ئەسلىي مېنىڭ قورسى ـ قىمدا ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ئالماس بار ئىدى، ئۇ بىر بىباھا گۆھەر بولغاچقا، مېنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ئېلىۋالىغان بولساڭ دۇن ـ يادىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلىناتتىڭ، ــ دەپتۇ.

روھانىي، مەن بەك ھاماقەت ئىكەنمەن، بىر قۇشنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۇنى قويۇۋەتكىنىم نېمىسى؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەرھال قولىدىكى نەرسىلىرىنى تاشلاپ دەرەخكە يامىشىپتۇ. ئۇ روھانىي ياشىنىپ قالغان، يەنە كېلىپ ئەزەلدىن دەرەخكە چىقىپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇ ئېگىزگە ئۆرلىگەنسېرى، قۇشمۇ ئۆرلەپتۇ. ئاخىردا قۇش ئەڭ ئۇچىدىكى بىر ئىنچىكە شاخقا قونۇپتۇ. روھانىي قۇشنى ئەمدى تۇتاي دېيىشىگە «پۇررىدە» ئۇچۇپ كېتىپتىكەن. ئۇ تەڭ ـ پۇڭلۇقنى ساقلىيالماي دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىككى پۇتى سۇنۇپتۇ.

بۇ چاغدا قۇش سەل پەسرەك دەرەخ شېخىغا قونۇپ تۇرۇپ:

ــ قارىغىنا ئەخمەقلىقىڭگە، سەپسەتىگە ئىشەنمە دەپ تۇرسام ئىشەندىڭ، بىر قۇشنىڭ قورسىقىدا قانداقمۇ ئېسىل ئالماس بول ـ

سۇن؟ ئارقىدىنلا سەن يەنە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى سىناپ
كۆرمەكچى بولدۇڭ، سەن ئەزەلدىن دەرەخكە چىقىپ باقمىغان تۇ-
رۇقلۇق دەرەخكە چىقىپ ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشنى قانداق
تۇتالايسەن؟ ئۆزۈڭ توغرا دەپ قارىغان ئىشقا پۇشايمان قىلما، دەپ
تۇرسام ئەكسىنى قىلدىڭ، سەن بىر قۇشنى ئەركىنلىككە ئېرىش-
تۈردۈڭ، بۇ شۇنداق بىر ياخشى ئىش تۇرسا پۇشايمان قىلغىنىڭ
نېمىسى، سەن ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كېتىپ، بۇ نەسىھەتلەرنى يې-
زىۋال، كېلەر ھەپتىلىك ئىبادەتتە بۇلارنى سۆزلىگىن، — دەپتۇ.

## چۈجە بىلەن قوناق

كۈنبويى كاتەكتە ھېچنېمىدىن غەم يېمەي خۇشال - خۇرام كۈن
ئۆتكۈزىدىغان بىر چۈجە بار ئىكەن. كاتەكنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز
بىر ئادەم پەيدا بوپتۇ. چۈجە قورققىنىدىن كاتەكنىڭ ئىچكىرىسىد-
گە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يېنىپ كېلىپ قارىسا ھېلىقى ئادەم كې-
تىپ قاپتۇ. لېكىن، كاتەكنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە قوناق چېچىقلىق
تۇرغۇدەك. بۇ نەدىن كەلگەن قوناقتۇ، دەپ ھەيران بوپتۇ چۈجە. ئە-
تىسى ھېلىقى ئادەم يەنە كەپتۇ. چۈجە يەنە قېچىپ كېتىپتۇ، قاي-
تىپ كەلسە ھېلىقى ئادەم يوق، بىراق كاتىكى ئالدىدا يەنە بىرمۇ-
چە قوناق چېچىقلىق تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن چۈجە ھېلىقى ئادەم
بىلەن قوناق ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىر باغلىنىش بار، بىراق بۇنداق
خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى بالدۇر، دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئۇ داۋاملىق
كۆزىتىپتۇ. بۇ ئىش ھەر كۈنى داۋاملىشىپتۇ. كېيىن بۇ ئىشنىڭ
سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلىشىپ-
تۇ. ھەر قېتىم ھېلىقى ئادەم پەيدا بولسىلا، قوناقمۇ پەيدا بولىد-
كەن. بۇ ئىش تەكرارلىنىپ 999 قېتىمغا بارغاندا ئۇ ئاخىر ھېلى-
قى ئادەم سەۋەب، قوناق بولسا نەتىجە، بۇ بىر مۇقەررەر باغلىنىش
دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. يەنە كېلىپ، بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىق يۈز بې-

رىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدىن بىرەر چاتاق چىقىشى مۇمكىن ئە-
مەس. بۇ خۇددى قانۇنىيەتتەكلا بىر ئىش، دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ھې-
لىقى ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ساقلاپتۇ. ئۇ ئادەم 1000 ـ قېتىم
كاتەكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا چۈجە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مېھىر ـ
شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ ـ دە، جېنىدىن ئايرىلىپتۇ.

ھايات دېگەن مانا شۇ. ئۇنىڭدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى
بولمايدۇ، 999 قېتىم تەكرارلانغان ئىشتىنمۇ ئالدىراپ خۇلاسە
چىقارماسلىق كېرەك، چۈنكى 1000 ـ قېتىملىقىدا بىرەر چاتاق
چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

## دىيالوگ سەنئىتى

سوقرات ئافىنانىڭ قايناق كوچا ـ رەستىلىرىدە نۇتۇق سۆز-
لەشكە ۋە كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئادەتلەنگەنىكەن. ئۇ
باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا،
دائىم بىر خىل ئۆزگىچە ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن.

بىركۈنى سوقرات يەنە بازارغا كەپتۇ ۋە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋات-
قان بىرىنى توختىتىپ:

ــــ كەچۈرۈڭ، كۆڭلۈمدە ئۇزاقتىن بېرى تۈگۈن بولۇپ تۇرغان
بىر ئىشنى سىزدىن سورىۋالغان بولسام، ھەممە ئادەم ئەخلاقلىق
بولۇشنى تەكىتلەيدۇ، ئەخلاق دېگەن زادى نېمە؟ ــــ دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

ــــ ھالال، سەمىمىي، سادىق، راستچىل بولۇشنى ئەخلاقلىق
بولۇش دەيمىز، ــــ دەپتۇ.

سوقرات چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يەنە:

ــــ لېكىن، نېمە ئۈچۈن جەڭلەردە بىزنىڭ سەركەردىلىرىمىز
ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن دۈشمەننى ئالدايدۇ؟ ــــ دەپ
سوراپتۇ.

— دۇشمەننى ئالداش ئەخلاققا مۇخالىپ، لېكىن ئۆز ئادەملىد-ىرىنى ئالداش ئەخلاقسىزلىق.
سوقرات ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ:
— قوشۇنىمىز دۇشمەن تەرەپنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغاندا، سەركەردە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياردەمچى قوشۇنىمىز يېتىپ كەلدى، كۆپچىلىك غەيرەتكە كېلىپ مۇھاسىد-ىرىنى بۆسۈپ چىقايلى، دېگەن بولسا، شۇنداقلا بۇنىڭ تۈرتكىسىدە قوشۇنىمىز راستتىنلا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالىسا، بۇ خىل ئالدامچىلىقمۇ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟ — دەپتۇ.
— ئۇ جەڭدە ئامالسىزلىقتىن قوللانغان تەدبىر، ئەمما ئادەتتىد-كى چاغلاردا بۇنداق قىلىش ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ.
— ئەگەر ئوغلىڭىز ئاغرىپ قالغاندا دورا يېگىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا دورىنى يېگۈزۈش ئۈچۈن، بۇ دورا ئەمەس، ناھايىتى يېيد-ىشلىك نەرسە، دەپ ئۇنى ئالدىسىڭىز، بۇمۇ ئەخلاقسىزلىق بولامد-دۇ؟ — دەپ زىغىرلاپ سوراپتۇ سوقرات يەنە.
ھېلىقى ئادەم ئامالسىز:
— بۇ خىل ئالدامچىلىقمۇ ئەخلاققا ئۇيغۇن، — دەپ ئېتىراپ قىپتۇ.
سوقرات قانائەتلەنمەي يەنە:
— ئالدامچىلىق قىلماسلىق ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدىكەن، ئالدامچىلىقمۇ ئەخلاقلىق بولۇش سانىلىدىكەن. دېمەك، ئەخلاقنى ئادەم ئالداش ياكى ئالدىماسلىق بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدد-ىكەن، ئۇنداقتا، ئەخلاقنى زادى نېمە بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ ماڭا شۇنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.
ھېلىقى ئادەم بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن:
— ئادەم ئەخلاقنى بىلمىسە، ھەرگىز ئەخلاقلىق بولالمايدۇ. ئەخلاقنى بىلگەندىلا، ئاندىن ئەخلاقلىق بولالايدۇ، — دەپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىنلا سوقرات رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپتۇ

ۋە ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز بىر ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئىكەنسىز، ئۆزۈڭىزدىن بۇيان سىز-نىڭ سۆزلىرىڭىز ئارقىلىق كاللامدا ئېنىق بولماي كەلگەن مەسە-لىدىن بىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ.

سوقرات بۇ خىل توختىماي سوئال سوراش ئارقىلىق مۇنازىرە داۋامىدا مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى «دىيالوگ سەنئىتى» دەپ ئاتىغان.

## ھەققانىيلىق دېگەن نېمە؟

سوقرات مۇنازىرىلىشىشكە ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر. بىر قې-تىم ئۇ بىر ياشتىن:

— ساختىلىق ھەققانىيلىقمۇ - ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتى-كەن. ھېلىقى ياش:

— ھەققانىيلىق ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا ئالدامچىلىقچۇ؟

— ھەققانىيلىق ئەمەس.

— ئوغرىلىقچۇ؟

— ھەققانىيلىق ئەمەس.

— باشقىلارنى قۇل قىلىشچۇ؟

— ھەققانىيلىق ئەمەس.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەققانىيلىققا كىرمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنداقتا، بىر گېنېرال ئۆز دۆلىتىگە دۈشمەنلىك قىل-غانلارنى يېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى قۇل قىلسا، بۇ ھەققانىي-لىق بولامدۇ - بولمامدۇ؟

— ھەققانىيلىق بولىدۇ.

— ئەگەر ئۇ ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەنلەرنى ئالدىسا ھەم ئۇلار-نىڭ بايلىقلىرىنى ئېلىپ كەتسە، بۇ قىلمىش ھەققانىيلىق بولامدۇ- بولمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھەققانىيلىق بولىدۇ.

— بايا سىز: « ئالدامچىلىق بىلەن باشقىلارنى قۇل قىلىۋېلىش-نى ھەققانىي بولمايدۇ» دېگەنىدىڭىز، ھازىر ئەجەب ھەققانىيلىق بولىدۇ دەيسىزغۇ؟

— ئالدىدىكىسى دوستلارغا قارىتىلغان، ھازىرقىسى دۈشمەن-لەرگە قارىتىلغان.

سوقرات يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا بىز ئەمدى دوستلارغا قارىتىلغان مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ باقايلى. ئەگەر گېنېرال ئۇرۇش-نىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى دوستلىرىنى ئالدىسا، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ھەققانىيلىق بولامدۇ - يوق؟

— ھەققانىيلىق بولىدۇ.

— بىر ئادەم ئۆلۈۋالماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ پىچىقىنى ئوغرى-لىۋالغان ئادەمنىڭ قىلمىشى ھەققانىيلىق بولامدۇ؟

— ھەققانىيلىق بولىدۇ.

— بايا سىز: « دۈشمەنگە قارىتىلغان قىلمىش گەرچە ئالدامچى-لىق، ئوغرىلىق، قۇل قىلىش بولسىمۇ ھەققانىيلىق بولىدۇ، ئۇ پەقەت دۈشمەنگە قارىتىلغاندا شۇنداق. دوستلارغا قارىتىلغاندا ئۇنداق بولمايدۇ» دېگەنىدىڭىز. قانداقسىگە ئەمدى بۇ ئىشلار دوستلارغا قارىتىلغاندىمۇ ھەققانىيلىق بولۇپ قالدى؟

## تاڭ نۇرى

رابى شاگىرتىدىن:

— تاڭ ئاتقانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتى-كەن، شاگىرتى:

— ئادەم يىراقتا تۇرغان ھايۋاننىڭ قوي ياكى ئىت ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلىسە تاڭ ئاتقان بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ رابى.

— ئەمىسە قانداق؟ — قايتۇرۇپ سوراپتۇ شاگىرتى.

— باشقىلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلىگۈدەك ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنىسى ياكى سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك بولغاندا ئاندىن تاڭ ئاتقان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بۇنىمۇ ئېنىق بىلەلمىسە، ئۇنىڭ مەڭگۈ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغىنى قالغان.

## تەخمىنىي جاۋاب

پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى دوكتور كېددى 20 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە مۇنداق بىر ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىكەن. يەنى، ئۇ تۇنجى سائەتلىك دەرسىدە ئەڭ ئاۋۋال دوسكىغا تۆت ۋە ئىككىدىن ئىبارەت ئىككىلا سانىنى يازىدىكەن. ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن نەتىجىسى قانچە بولىدۇ؟ دەپ سورايدىكەن. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئالتە دېسە، ئۇ بېشىنى چايقايدىكەن، بەزىلىرى ئىككى دېسىمۇ، جىم تۇرىدىكەن، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار سەككىز دېسە يەنە گەپ قىلمايدىكەن. ئەڭ ئاخىردا دوكتور ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ:

— ئۆزۈڭلاردىكى خاتالىقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ مەن سىلەرنى بۇنىڭ نەتىجىسى قانچە بولىدۇ؟ دەپ سورىغىنىمدا سىلەر ئەسلىي مەسىلىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرتىپىنى، يەنى قوشۇشمۇ، ئېلىشمۇ، كۆپەيتىش ياكى بۆلۈشمۇ، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار كېرەك ئىدى، بىلمەي تۇرۇپ قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ — دەيدىكەن.

## تەلەيلىك سېرژانت

بىر مەيدان كەسكىن جەڭدە بىر سېرژانت تۇيۇقسىز دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ئۇدۇل ئۆزىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئويلاپ بولغۇچە ئارىلىقتا كۆزى سەل نېرىراقتا تۇرغان بىر ئەسكەرگە چۈشۈپتۇ ـ دە، تېز يېتىۋال دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا بىر قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ نۇرغۇن لاي ـ توپىلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. سېرژانت ئۈستىبېشىنى قاققاچ ئارقىغا قاراپ سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە بايا ئۇ تۇرغان يەر بومباردىماندا بىر چوڭ ئۆيمانلىققا ئايلىنىپ قالغانىكەن.

ئەمەلىيەتتە، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۆزىگە ياردەم بەرگەنلىكتۇر.

## ئەدەپ ۋە جان ساقلاش

كۇڭزى چىن بەگلىكى بىلەن سەي بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا قورشاۋدا قېلىپ توپتوغرا 10 كۈن ئاچ قاپتۇ. بەزىدە ھەتتا يېگىلى ياۋا كۆكتاتمۇ تاپالماپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ شاگىرتى زىلۇ بىر يەردىن پىشۇرۇلغان چوشقا گۆشىدىن بىر پارچە ئوغرىلاپ كەپتىكەن، كۇڭزى گۆشنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپمۇ قويماي يەۋېتىپتۇ. زىلۇ يەنە باشقىلارنىڭ كىيىمىنى ئوغرىلاپ ئۇنى ھاراققا ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كەلسە، كۇڭزى ھاراقنىمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي ئىچىپتۇ. ئەمما، لۇي ئەيگۇڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغاندا بولسا، پېتىنى بۇزماي ئولتۇرۇپ، شىرەدىكى ئۇستىلەپ تىزىلىپ

كەتكەن قورۇما ۋە شارابلارغا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويماپتۇ. بۇ هالدىن هەيرانلىق هېس قىلغان زىلۇ:

— ئۇستاز، هازىر ئەجەب، چىن، سەي بەگلىكىدە قورشاۋدا قالغان چاغدىكىگە ئوخشىماي قالدىڭىزغۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، كۇڭزى:

— شۇ چاغدا ئۇنداق قىلىشىم جان ساقلاش ئۈچۈن ئىدى، بۈگۈن بۇنداق قىلىشىم ئەدەپ ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## يۈك

بىر ئەۋلىيا ھىمالايا تېغىنى تاۋاپ قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما، يىل بويى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، يوللىرى تار ھەم خەتەرلىك، سەللە بىخەستەلىك قىلسا ئەتراپتىكى كۆز يەتمەس ھاڭلارغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان بۇنداق سەپەرگە نىيەت قىلىپ ماڭماقمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئەۋلىيا سەپەرگە جابدۇنۇپتۇ، ئەمما نەرسە - كېرەكنى ناھايىتى ئاز ئاپتۇ. چۈنكى، يۈكنى بەك ئېغىر ئارتىۋالسا يولدا قولايسىزلىق كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.

ئۇ كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتە ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنىڭ سېمىز بىر بالىنى يۈدۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بالا ئېغىر بولغاچقا، قىزچاقنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئاران قەدەم ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېز - تېز مېڭىپ قىزغا يېتىشىۋېلىپ:

— قىزىم، بۇنداق ئېغىر بالىنى يۈدۈۋېلىپ قانداق مېڭىۋاتىسىز؟ — دەپتىكەن، قىزچاق ئۇنىڭ سۆزىدىن خاپا بولۇپ:

— سىزنىڭ يۈدۈۋالغىنىڭىز بىر بوپا، مېنىڭ يۈدۈۋالغىنىم بولسا يۈك ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئۇكىسى، مەن ئۇنىڭغا ئامراق، — دەپتۇ.

بۇ ئاددىيغىنە بىر ئېغىز گەپ ئەۋلىيانىڭ قەلبىنى لەرزىگە ساپتۇ.

راست، قىزچاق توغرا ئېيتىدۇ، گەرچە ئىككىيلەن يۈدۈۋالغان نەرسىنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، سىز مەيلى بىر بوپىنى يۈدۈۋېلىڭ ياكى ئۇكىڭىزنى يۈدۈۋېلىڭ، ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى تارازىدا ئوخشاش چىقىدۇ. لېكىن، مۇھەببەت يۈكنى يەڭگىللىتەلمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان بېسىمنى تۈگىتەلەيدۇ. چۈنكى مۇھەببەتتىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىنكاس گۈزەل بولىدۇ.

## ئىشەنچلىك دادا

بىر ئادەم چۈشىدە خۇدانىڭ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلىنى ئورمانلىققا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. ئوغلى ئەزەلدىن ئورمانلىققا بېرىپ باقمىغاچقا، دادىسىنىڭ ئورمانلىققا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئوغلى شۇ كۈنى تۈن نىسپى بىلەن ئويغىنىپ:

— دادا، ئورمانلىققا نېمە قىلغىلى بارىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىنتايىن تەڭلىكتە قاپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى، ئەمما ئوغلى بولسا بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئويناپ - كۈلۈپ يۈرمەكتە، ئۇ ئادەم ئاخىر قىلىدىغان باشقا گەپ تاپالماي:

— بالام، خۇدا بىزنىڭ ئىگىمىز، خۇددى مەن سېنىڭ داداڭ بولغاندىكىدەك، — دەپتىكەن، ئوغلى:

— دادا، سەن نېمىلا دېسەڭ مەن ئىشىنىۋېرىمەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى دادا - بالا ئىككىيلەن ئورمانلىققا بېرىپتۇ. دادىسى شەمشەر بىلىسە ئوغلى ياردەملىشىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ دادىسىنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپ، گويا بىرى داغمال بىلەن داغلاۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ قارارىدىن يېنىۋېلىشقا ئامالسىز

ئىكەن. ئوغلى يەنە:
— دادا، سىز بۇ پىچاقنى بىلەپ نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئامالسىز قالغان دادا:
— ئوغلۇم، مەن سېنى ئۆلتۈرمەكچى، — دەپتۇ. ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەم خۇشال ھالدا:
— مەن سىزگە خۇددى خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

## مۇنازىرىلىشىشنىڭ كۈچى

— بىرى پاكىز، بىرى مەينەت ئىككى ئادەم بار ئىكەن، ئىككىلىسى دەريا بويىغا مېڭىپتۇ، ئۇلارنىڭ قايسىسى يۇيۇنىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇستاز.
— مەينىتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتى.
— خاتالاشتىڭ، مەينەت ئادەم مەينەتچىلىككە كۆنۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ ھەرگىزمۇ يۇيۇنمايدۇ، پاكىز ئادەم مەينەت بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن يۇيۇنىدۇ، — دەپتۇ ئۇستازى ھەم ئارقىدىنلا، — يەنە بىر قاراپ باقايلى، پاكىز ئادەم بىلەن مەينەت ئادەم تەڭلا دەريا بويىغا بارسا، قايسىسى يۇيۇنىدۇ؟ — دەپتىكەن، شاگىرتى:
— بۇنى بىلىش ئوڭايغۇ، پاكىز ئادەم داۋاملىق پاكىز بولۇشنى ئويلايدۇ، شۇڭا پاكىز ئادەم يۇيۇنىدۇ، — دەپتۇ.
— ياق، ئۇ ئەسلىدىنلا پاكىز تۇرسا، يەنە نېمىدەپ يۇيۇنغۇدەك، بەلكى مەينەت ئادەم پاكىزلىنىشنى ئويلاپ يۇيۇنۇشى مۇمكىن، — ئارقىدىنلا ئۇستازى يەنە، — بىز يەنە بىر قاراپ باقايلى، ئىككىسى تەڭ دەريا بويىغا بارسا قايسىسى يۇيۇنىدۇ؟
بۇ قېتىم شاگىرتى ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالدىم دەپ ئويلىغاچقا، ئۆزىگە ناھايىتى ئىشەنگەن ھالدا:
— ھەر ئىككىسى يۇيۇنىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

لېكىن ئۇستازى ئويلىمىغان يەردىن:

— ھېچقايسىسى يۇيۇنمايدۇ، ئۇلار نېمىشقا يۇيۇنغۇدەك؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى ئەسلىدىنلا پاكىز، يەنە بىرى مەينەتچىلىككە كۆنۈپ كەتكەن، — دەپتۇ.

## تىل قېلىپ، چىشنىڭ يوقىلىشى

ئېيتىلىشىچە، چاڭ زۇڭ لاۋزىنىڭ ئۇستازى ئىكەن. بىر قېتىم چاڭ زۇڭ ئاغرىپ قېلىپ، لاۋزى ئۇنى يوقلاپ بېرىپتىكەن، چاڭ زۇڭ ئاغزىنى ئېچىپ، لاۋزىغا:

— تىلىم بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

لاۋزى:

— بار ئىكەن، — دەپتۇ.

چاڭ زۇڭ يەنە:

— چىشىمچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

لاۋزى قاراپ بېقىپ:

— يوق ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ چاڭ زۇڭ.

لاۋزى:

— تىلنىڭ قېلىشى ئۇنىڭ يۇمشاق بولغانلىقىدىن، ئەكسىچە چىشنىڭ قالمىغانلىقى ئۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن، توغرىمۇ؟ — دەپتۇ.

چاڭ زۇڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەببەللى، دەل شۇنداق، — دەپتۇ.

كېيىن لاۋزى مۇشۇ ئاساستا يۇمشاق ئارقىلىق قاتتىقنى يېڭىشتەك بىر خىل تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى كىشىلەر بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداپ، قاتتىقلىق قىلىپ ۋەيران بولۇشتەك تەقدىردىن ئامان قالغانىكەن.

# قۇلۇپنىڭ سىرى

ئىقتىدارلىق بىر ۋەزىر ۋاپات بوپتۇ، بۇ ۋەزىر ئاجايىپ دانا بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەشھۇر دىپلومات بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئادەم تېپىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشۈپتۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بەگ ـ سىپاھلار ئەۋەتىلىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۈچ ئادەم تېپىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مەشھۇر ماتېماتىك ئىكەن، ئۇ ھەرقانداق ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدىكەن. ماتېماتىكا ھەممە پەنلەر ئىچىدىكى مۇتلەق نوپۇزلۇق پەن، باشقا پەنلەر ئۇنىڭ شاخچىلىرى، شۇڭلاشقا ئۇ بارلىق پەنلەرنىڭ ئانىسى، دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىرى مەشھۇر پەيلاسوپ ئىكەن، ئۇ يەنە سېھىرگەرلىكمۇ قىلالايدىكەن. سېھىر ـ ئەپسۇن بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يارىتالايدىكەن. بىراق، قولىدا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن، ئۇ يەنە ھەرخىل ھەرپلەرنى قۇراشتۇرۇپ، سىزگە بىر ئەمەلىي تۇيغۇ بېرىدىكەن. ھالبۇكى، كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئەسەر قالمايدىكەن. ئۇلار تاپقان ئۈچىنچى ئادەم بىر روھانىي بولۇپ، خۇداغا ئىشىنىدىكەن. ھەر كۈنى باش كۆتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىكەن.

بۇ ئۈچ ئادەم ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— ئوبدان ئارام ئېلىپ تەييارلىق قىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرەي، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئوردىغا كېلىپ ئىمتىھان بېرىسىلەر، ئاراڭلاردىن ئەڭ ئەقىللىق بىرەيلەن تاللىنىپ ماڭا ۋەزىر بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۈچ كۈن بەكلا ئازلىق قىلىدىكەن. چۈنكى، ماتېماتىك مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن تەجرىبە ئىشلىمىسە، ھېسابلاش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمىسە بولمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۈچ كۈن ئۇخلىماپتۇ، تاماقمۇ يېمەپتۇ، ئۇ مۇشۇ قېتىم

تاللىنىپلا قالسا ئۆمۈر بويى ھېچنېمىدىن غەم يېمەي ئۆتىدىغانلى-
قىنى بىلىدىكەن، شۇڭا ئىمتىھانغا چوقۇم پۇختا تەييارلىق قىلىش
قارارىغا كەلگەنىكەن. پەيلاسوپمۇ ئىمتىھانغا قانداق تەييارلىق قى-
لىش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ، پەقەت روھانىيلا خاتىرجەم
ھالدا ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ، گېلىدىن ئۆتكەننى يەپ، ئىبادەتتىن
كېيىن سەيلە قىلىپ يۈرۈپتۇ. روھانىي ئۇچۇن كەلگۈسىدىن غەم
يېيىش ھاجەتسىز. ئاخىرقى ئىمتىھان دېگەنلەرنىڭمۇ ئەھمىيىتى
يوق، چۈنكى تەڭرى ئاتا قىلغان ھەربىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭ ئۆزى
بىر ئىمتىھان، ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇ نېمىگە تەييارلىق قىلىدۇ؟

ئۈچ كۈن مۆھلەت توشۇپ ئۇلار ئوردىغا ئىمتىھان بېرىشكە
ماڭغاندا ماتېماتىك بىلەن پەيلاسوپ پۈتلىرىنى سۆرەپ ئاران ـ
ئاران مېڭىپتۇ، چۈنكى ماتېماتىك تەجرىبىنى كۆپ ئىشلەپ كەت-
كەنلىكتىن كاللىسى قالايمىقانلىشىپ چارچاپ يىقىلىپ قالاي دې-
گەنىكەن. تولا ئويلاپ، تولا مۇنازىرە قىلغانلىقتىن پەيلاسوپنىڭمۇ
پىكرى قالايمىقانلىشىپتۇ، پەقەت روھانىيلا خۇشال ـ خۇرام ھالدا
ئەتراپىغا قاراپ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىغا قۇلاق سالغاچ
مېڭىپتۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان ئارقىلىق بىرەر نەرسىگە ئې-
رىشىش خىيالىدا بولمىغاچقا، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەپتۇ، ئۇنىڭ
مەقسىتى پەقەت ئوردىغا بارغاندىن كېيىن قانداق ئىش يۈز بېرى-
دىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىكەن. ئۇلار ئوردىغا كەپتۇ، پادىشاھ
ئالاھىدە بىر ئىمتىھان سوئالىنى چىقىرىپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانى-
كەن، ئۇ ئۈچەيلەنگە مۇنداق دەپتۇ:

ــ سىلەرنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قۇلۇپ سېلىپ قويىمىز، قۇ-
لۇپنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن رەقەم بار، لېكىن ئاچقۇچ يوق، ئاشۇ رە-
قەملەرنى بەلگىلىك ئۇسۇل بىلەن تىزىپ چىقسا ئىشىك ئېچىلى-
دۇ. بىرىنچى بولۇپ ئۆيدىن چىققان ئادەم ۋەزىرلىككە تاللىنىدۇ.

ئىمتىھان باشلىنىپتۇ، ماتېماتىك دەرھال قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىپ بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى تىزىپ ھېسابلاپتۇ، ئاندىن قولۇپ ئۈستىدىكى رەقەملەرگە قاراپتۇ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئويلاپتۇ، بىرئازمۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماپتۇ، پەيلاسوپمۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە پىكىر قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ بىر يېڭى مەسىلە ئىكەن، بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ دەپ ئويلاپتۇ. ھېلىقى روھانىي بولسا قولۇپقا قاراپمۇ قويماپتۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ نە ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەر، نە پەلسەپىۋى پىكىردىن قىلچە خەۋىرى يوقلۇقىنى، كاللىسىنى ھەرقانچە قاتۇرسىمۇ بەربىر مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغىنىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ بۇلۇڭغا بېرىپ، جىممىدە ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىپتۇ، ھېلىقى ئىككىيلەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ، ياخشى بولدى، ئىش ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا بىر تەرەپ بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما ئۇلار تۇيۇقسىز روھانىينىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى بايقاپ، ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ كىرىپ:

ــ سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلماقچى؟ ئىمتىھان ئاخىرلاشتى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ بولدى، ــ دەپتۇ.

ئۇلار روھانىينىڭ ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرغىنىنى بىلگەچكە قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئورنىدىن قايتقۇچە روھانىيدىن ئىشنىڭ جەريانىنى سوراپتۇ. ئۇ:

ــ مەن ئولتۇردۇم، دۇئا قىلدىم، كۆڭلۈم ماڭا «ھاماقەتكەنسەن، بېرىپ قاراپ باق، ئىشىك تاقاق ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشىككە باردىم، ئىشىك سولانمىغانىكەن، ھەل قىلىدىغان مەسىلىمۇ يوق ئىكەن، شۇڭلاشقا مەن چىقىپ كەتتىم، ــ دەپتۇ.

## تەركىدۇنىيا زاھىت

بۇرۇن بىر ئادەم تاۋاپچىلارغا قوشۇلۇپ، بىر مەشھۇر تەركىدۇنىيا كىشىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇنداق بىر مەسىلىنى سوراپتۇ:

— ھەزرىتىم، ئەگەر سىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئۆمرىڭىز قالغان بولسا، سىز بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزەتتىڭىز؟

ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان بوۋاي ئاپئاق ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن ئەتىگەنلىك ئىبادىتىمنى قىلىمەن، ئاندىن بىر چەينەك چاي دەملەيمەن، ئاندىن ھويلىغا چىقىپ ئوت ئوتايمەن، كېيىن كوچىغا چىقىپ قوشنىلىرىمنى يوقلايمەن. قايتىپ بىرئاز ئۇخلىشىم مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىز ئادەتتىمۇ كۈنلىرىڭىزنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزىسىزغۇ؟ — دەپ گەپ ئارىلاپتۇ بىر تاۋاپچى.

— شۇنداق، نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىركۈنى باشقا كۈنلەرگە ئوخشاش ئۆتكۈزسەك بولمىغۇدەك؟ — دەپتۇ بوۋاي، — بۇ كۈن باشقا ھەرقانداق كۈندىن مۇھىم، چۈنكى ئۇ ئۆلۈم كۈنى. بۇ كۈن 365 كۈننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان، ئۇنىڭ ھېچقانداق شەپىسىمۇ، بەلگىسىمۇ يوق، ئەمما ھېچقايسىمىز بىر يىلدىكى 365 كۈننىڭ ئىچىدە ئۇ كۈننى يوق دېيەلمەيمىز.

## روزېنتال تەسىرى

پسىخولوگىيەدە روزېنتال تەسىرى دەيدىغان بىر ئۇقۇم بار، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى روزېنتال تەربىيە ئۇقۇمى ھەققىدىكى مۇنداق بىر تەجرىبىنى ئىشلىگەن. ئۇ بىر توپ

چاشقاننى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، A گۇرۇپپىنى بىر تەجرىبە خادىمىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— بۇ بىر توپ چاشقان ناھايىتى ئەقىللىك، ياخشى مەشىق قىلدۇر، — دېگەن. B گۇرۇپپىنى يەنە بىر تەجرىبە خادىمىغا تاپشۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— بۇلار ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەتتىكىدەك چاشقان، — دېگەن.

ئىككى تەجرىبە خادىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى توپ چاشقاننى مەشىق قىلدۇرغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ ئىككى توپ چاشقاندىن ئەقلىي ئىقتىدار سىنىقى ئېلىنغان. سىناش ئۇسۇلى چاشقانلارنى سىرلىق ئورىدىن ئۆتكۈزۈش بولۇپ، بۇ تەقلىدىي ئورىدىنىڭ ئىچى ئىنتايىن مۇرەككەپ، چاشقانلار ماڭدامدا بىر تامغا ئۇسۇۋالىدىغان بولغاچقا، بەلگىلىك ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى، ئەقلىي ئىقتىدارى بار چاشقانلارلا بۇ ئورىدىن چىقىپ كېتەلەيدىكەن. تەجرىبە نەتىجىسىدە A گۇرۇپپىدىكى چاشقانلارنىڭ ھەممىسى سىرلىق ئورىدىن بالدۇر چىقىپ، B گۇرۇپپىدىكى چاشقانلاردىن ئەقىللىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن پىروفېسسور ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى گۇرۇپپا چاشقاننى گۇرۇپپىغا ئايرىغاندا ئەقلىي ئىقتىدارىغا قارىماستىن، خالىغانچە ئايرىلغانلىقىنى ئېيتقان. تەجرىبە خادىمى ئالدىدىكى بىر گۇرۇپپا چاشقانلارنى تەجرىبە خادىمى A غا بەرگەندە، A بۇ گۇرۇپپىدىكى چاشقانلارنى ئەقىللىك دەپ قارىغاچقا، ئەقىللىك چاشقانلارنى مەشىق قىلدۇرىدىغان ئۇسۇل بويىچە مەشىق قىلدۇرغان. نەتىجىدە، بۇ چاشقانلار راستتىنلا ئەقىللىك چاشقانغا ئايلانغان. يەنە بىر گۇرۇپپا چاشقانلارنى تەجرىبىخانا خادىمى B غا بەرگەندە، ئەكسىچە دۆت دەپ بەرگەچكە، ئۇلار بۇ چاشقانلارنى دۆت چاشقانلارنى مەشىق قىلدۇرىدىغان ئۇسۇل بويىچە مەشىق قىلدۇرغان. چاشقانلارمۇ راستتىنلا دۆتلىشىپ قالغان.

# ھەزرىتى مۇسانىڭ بىر قولى

ھەزرىتى مۇسا تانىبودىكى بىر مەسچىتتە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇممەتلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ بەكلا بىخىل ئىكەنلىكىنى شىكايەت قىپتۇ. بىركۈنى ھەزرىتى مۇسا ئۇنىڭ ئايالىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مۇشتۇممىنى تۈگۈپتۇ. بۇ ئايال ھەيران بولۇپ:

— بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر مۇشتۇمۇم مەڭگۈ مۇشۇنداق تۇرسا، ھەرگىز ئاچمىسام، سىز بۇنى نېمىدەپ ئاتايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھەزرىتى مۇسا.

— غەلىتىلىك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

كەينىدىن ئۇ ئايالنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىقىنىنى ئېچىپ:

— ئەگەر بۇ قولۇم مەڭگۈ مۇشۇنداق تۇرسا، سىز ئۇنى يەنە نېمىدەپ ئاتايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەنىلا غەلىتىلىكقۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سىز مۇشۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشەنسىڭىزلا، ياخشى بىر كۆيۈمچان ھەمراھ بولالايسىز، — دەپتۇ ھەزرىتى مۇسا.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايال ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، پەرزەنتىنى ئوبدان تەربىيەلەپ ئۆتۈپتۇ. ئۆيىنى تېجەشلىك بىلەن تۇتقاندىن سىرت، خەير - ئېھسان قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپتۇ.

# ۋاز كەچكەندىكى چىقىش يولى

ئافرىقىدىكى يەرلىكلەرنىڭ ئىت باش مايمۇننى تۇتىدىغان ئۆزگىچە بىر ئۇسۇلى بار. مۆكۈپ تۇرغان ئىت باش مايمۇنغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكنى مەقسەتلىك ھالدا كۆرسىتىپ، ئاغزى كىچىك، ئىچى يوغان ئۆڭكۈرگە قويۇپ قويىدۇ، ئادەم ئۇزاپ كەت-

كەندىن كېيىن ئىت باش مايمۇن يۈگۈرگىنىچە كېلىپ، قولىنى ئۆڭكۈرگە تىقىپ يېمەكلىكنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى كىچىك بولغاچقا، مۇشتۇمىنى تۈگۈۋالغان مايمۇن قولىنى تارتىپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ چاغدا ئوۋچى ئالدىرىماستىن كېلىپ، ئوۋنى ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەسلا ئەندىشە قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىت باش مايمۇن ئۇ يېيىشلىك يېمەكلىكلەرگە چىدىمايدۇ، قانچە جىددىيلەشكەنسېرى يېمەكلىكنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ قولنى چىقىرىشقا تېخىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان ئادەم ئىختىيارسىز «قالتىس» دەپ تاشلايدۇ، «قالتىس» دېگەن بۇ سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغانكى، بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان ئادەم ئاشۇ ئادەمسىمان ھايۋانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانلارنىڭ پىسخىكىسىنى بايقىغان. ئەمەلىيەتتە، ئىت باش مايمۇنلار ئاشۇ كىچىككىنە يېمەكلىكتىن ۋاز كەچسىلا قېچىپ كېتەلەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلمايدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىت باش مايمۇن ئادەمگە ئوخشايدۇ، دېسەكمۇ، ئادەمنى ئىت باش مايمۇنغا ئوخشايدۇ دېسەكمۇ بولىدۇ. ئىت باش مايمۇننىڭ كۆپىنچە ھەرىكەتلىرى غەرەزسىز، تۇغما قابىلىيەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ رايىغا باقمايدۇ. ئەگەر، ئادەممۇ ئىت باش مايمۇندەك پايدىنىلا كۆرۈپ، زىياننى كۆرمەي، كۆز ئالدىدىكى ئازغىنە مەنپەئەتتىن قول ئۈزگىلى ئۇنىمىسا، ئاشۇ ئىت باش مايمۇندەك ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

كونىلاردا «كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇتساڭ، جاھان كەڭ بىلىنۇر» دېيىلگەن سۆز بار. سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن شۇ سۆيگۈنىدىن ۋاز كېچەلىگەن بولسا ھوش ـ كاللىسىنى يوقىتىپ ساراڭغا ئوخشاپ قالارمىدى؟ كەسىپتە نەتىجە قازىنالمىغانلار قاتمال كەسىپ تاللاش قارىشىدىن ۋاز كېچەلىگەن بولسا كۈنبويى روھسىزلىنىپ تەلەيسىزلىكىدىن ئاغرىنىپ يۈرەرمىدى؟ قىمارۋاز تەلەي سىناش خىيالىدىن ۋاز كېچەلىگەن بولسا پۈتۈن

بىساتىدىن ئايرىلىپ قالارمىدى؟ زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغانلار خىرويىنىدىن كېچەلىگەن بولسا، تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەرمىدى؟ قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان پارىخورلار «پۇل» دىن ئىبارەت بۇ ئېزىتقۇنىڭ ئازدۇرۇشىنى رەت قىلالىغان بولسا تۈرمىگە كىرەرمىدى؟ ھەتتا، قىممەتلىك جېنىدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمىدى؟

## كامالەت

ئۇزۇن يىل بىر ئۇستىدىن ھۈنەر ئۆگەنگەن شاگىرت كۆڭلىدە، ئەمدى ئۇستامنىڭ بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ بولدۇم، دەپ ئويلاپ، ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇستاز، مەن سىزنىڭ بارلىق ھۈنىرىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ بولدۇم، ئەمدى دۇكان ئايرىسام بولار؟ — دەپتۇ.

ئۇستا ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ كېرىلىپ تۇرغان شاگىرتىدىن:

— قانداق بولسا ھەممىنى ئۆگىنىپ بولغان بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن. شاگىرت:

— شۇ، لىق تولغان كۈپكە يەنە باشقا نەرسە قاچىلىغىلى بولمىغاندەكلا ئىش، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، بىر ئىدىشقا تاش قاچىلاپ كەلگىن، — دەپتۇ ئۇستازى.

شاگىرتى شۇ بويىچە قىپتۇ.

— لىق تولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇستاز.

— تولدى، — دەپتۇ شاگىرتى.

ئۇستاز ئىدىشقا يەنە بىر چۆگۈن سۇ قۇيۇپتۇ، سۇ تېشىپ كەتمەپتۇ.

— تولدىمۇ؟ — دەپتۇ ئۇستازى يەنە.

ئۇستاز بىر كەتمەن قۇمنى ئىدىشقا سىپىپتۇ، قۇم ئىدىشقا سىڭىپ كېتىپتۇ.

— تولدىمۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئۇستازى.

يۇقىرىقى ھېكايىدە ئېيتىلغىنىدەك، قانائەتلىنىش بىلەن قانائەتلەنمەسلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەل. ئادەم ياش ۋاقتىدا قانائەتلەنمەسلىك تۇيغۇسىنىڭ پايدىسىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ پايدىسىنى بىلىپ يەتكەندە بولسا ئۆمرىنىڭ قىران چاغلىرى ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، قانائەتلەنمەسلىككىمۇ پۇرسەت قالمايدۇ.

# چىرايلىق تاش

بىركۈنى ئۇستاز كۆپ سوئال سورايدىغان بىر شاگىرتقا بىر چىرايلىق تاش بېرىپتۇ ھەمدە:

— سەن بۇنى بازارغا ئاپىرىپ نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىپ باق، لېكىن سېتىۋەتمە. كۆپرەك كىشىلەردىن سوراپ باق، دىققەت قىلىپ كۆزەت، ئاندىن كېيىن ماڭا نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەر، سەن ئالدى بىلەن كۆكتات بازىرىغا بېرىپ باققىن، — دەپتۇ.

شاگىرت كۆكتات بازىرىغا كەپتۇ، تاشنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ تاشنى ئۆيگە تىزىپ قويسىمۇ، كىچىك باللار ئوينىسىمۇ ياكى باشقا بىرەر نەرسە قىلسىمۇ بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ تاشقا باھا قويۇپتۇ، لېكىن باھاسى ئىككى رۇپىيەدىن 10 رۇپىيەگىچە بوپتۇ. شاگىرت كېلىپ بۇنى ئۇستازىغا دەپتۇ.

ئۇستازى:

— ئەمدى سەن ئالتۇن بازىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەردىن سوراپ باق، لېكىن تاشنى سېتىۋەتمە، باھاسىنى بىلىپ باقساڭلا بولدى، — دەپتۇ.

شاگىرت ئالتۇن بازىرىدىن قايتىپ كېلىپ، خۇشاللىقىنى يا-سالمىغان ھالدا:

— ئۇ خەقلەر ئەقلىدىن ئازغانمۇ نېمە، قويغان باھاسى كۆكتات بازىرىدىكىلەرگە زادى ئوخشاشمايدۇ، 500 رۇپىيەدىن 1000 رۇپى-يەگىچە باھا قويدى، بەزىلەر 1000 رۇپىيەنى نەقلا ساناپ بەرمەكچى بولدى، — دېيىشكەن، ئۇستازى:

— سەن ئەمدى ئۇنچە - مەرۋايىت بازىرىغا بېرىپ باق، لېكىن قانچە يۇقىرى باھا قويسىمۇ تاشنى سېتىۋەتمە، — دەپتۇ.

شاگىرت بىر ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قويغان باھاسىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قاپتۇ. چۈنكى ئۇ ھېلىقى تاشقا 10 مىڭ رۇپىيە باھا قويغانىكەن. شاگىرت تاشنى ساتالمايدىغان بولغاچقا، ئۇ باھاغا ئۇنىماپتۇ. سودىگەر داۋاملىق ئۆرلەپ 100 مىڭ رۇپىيەگە چىقىپتۇ. لېكىن، شاگىرت يەنە: «مەن بۇنى ساتالمايمەن» دەپتۇ. ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرى 200 مىڭ رۇپىيەگە ئۆرلەپتۇ. ئاخىر:

— سەن بۇ تاشنى سېتىپلا بەرسەڭ قانچە دېسەڭ شۇنچە بېرەي، — دەپتۇ.

شاگىرت:

— مەن بۇنى ساتالمايمەن، پەقەت باھاسىنى بىلىپ باقماقچى، — دەپتۇ.

ئۇ قۇلىقىدىن چاتاق چىققانلىقىنى ياكى ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرىنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ، چۈنكى بۇ باھا كۆكتات بازىرىدىكى باھا بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ بازاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇستازى تاشنى قولىغا ئېلىپ:

— بىزنىڭ بۇنى سېتىش ئويىمىز يوق، بىراق سەن مۇشۇ ئار-قىلىق بىر مەسىلىنى چۈشىنىۋالدىڭ، ھەممە ئىشنى باشقىلاردىن سوراپ، ئۆزۈڭ كاللا قاتۇرمىساڭ ئاشۇ كۆكتات بازىرىدا ياشايدىغان

كىشىلەردەك بولۇپ قالىسەن، مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشۇڭمۇ شۇنچىلىكلا بولىدۇ. ئەگەر سەن ئالماسقا ئېرىشمەكچى بولىدىكەنسەن، سەندە چوقۇم تۇرلۇك جاۋاھىرات ياكى ئالماسنى تونۇپ، پەرق قىلالىغۇدەك ئەمەلىي تەجرىبە، دىت ۋە پاراسەت بولۇشى كېرەك. چىرايلىق بىر تال تاشنىڭ قىممىتىنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم شۇنى بايقىغۇدەك ئۆتكۈر كۆز بولۇشى كېرەك.

## گۈزەللىك ۋە سەتلىك

بىر ئۆلىما شاگىرتلىرىنى ئېلىپ ساياھەتكە چىقىپتۇ، كەچتە ئۇلار بىر مېھمانسارايغا چۈشۈپتۇ.

ئۇلار ساراي غوجايىنىدىن ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بارلىقىنى، خوتۇنلىرىنىڭ بىرى ھۆر - پەرىلەردەك گۈزەل، يەنە بىرىنىڭ ئالۋاستىدىن بەتتەر سەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ ئاجايىپ ئىش توغرىسىدا غۇلغۇلىغا چۈشۈپتۇ.

شاگىرتلارنىڭ بەزىسى غوجايىن چىرايلىق ئايالىغا ئامراق دېسە، بەزىسى سەتكە ئامراق دەپ، يەنە بەزىسى بولسا ھەر ئىككىسىگە ئامراق ئەمەس دەپ تالاش - تارتىش قىلىشىپ قاپتۇ.

ئاخىر ئۇلار بۇ ئىشنى ساراي غوجايىنىدىن سوراپتۇ.

ساراي غوجايىنى:

— مەن سەت خوتۇنۇمغا ئامراق، چىرايلىقىغا ئۆچ، — دەپتۇ.

ساراي غوجايىنىنىڭ سەت خوتۇنىنى ياخشى كۆرۈپ، چىرايلىقىغا ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىغا شاگىرتلارنىڭ ئەقلى يەتمەي، سەۋەبىنى ئۇستازىدىن سوراپتۇ. ئۇستاز:

— ساراي غوجايىنى «گۈزەل» خوتۇنىنى ياخشى كۆرىدۇ، ھېلىقى چىرايلىق خوتۇن ئۆزىنىڭ چىرايىغا تەمەننا قويۇپ غادىيىۋالغاچقا باشقىلارغا سەت كۆرۈنىدۇ، يەنە بىرى سەت بولسىمۇ، چىرايلىق خۇلقى - مىجەزى، ساپ، ساددا قەلبى تاشقى قىياپەت جەھەت-

تىكى گۈزەللىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئىچكى گۈزەللىكلا ھەقىقىي گۈزەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھېلىقى چىرايلىق ئايال ئۆزىنى تولىمۇ گۈزەل دەپ ئويلىغاچقا، ئۆزىگە بەكلا تەمەننا قويىدىغان بولۇپ كەتكەن، بۇنداق ئادەم قانداقمۇ باشقىلارغا چىرايلىق كۆرۈنسۇن؟

مەغرۇرلۇق ئەسلىدە سەتلىك دېمەكتۇر.

## ئوقۇتقۇچىنىڭ جاۋابى

پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى كۆرگەنلا نەرسىگە ھەيران بولۇپ، توختىماستىن سوئال سوراپلا يۈرىدىكەن.

بىركۈنى ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مۇئەللىم، مەن سىزنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، لېكىن سىز جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى سىزدىن بىر سوئالنى سورۇۋالماقچىمەن، بۇنى بىلىۋالمىسام بىر ئۆمۈر ئارماندا قېلىشىم مۇمكىن، — دەپتۇ.

ئوقۇتقۇچى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان قاپاقلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ، ئىنتايىن زەئىپ ئاۋازدا:

— ئېيتە، نېمىنى سورىماقچىدىڭ؟ — دەپتىكەن، ھېلىقى ئوقۇغۇچى:

— سىز ئۆلگەندىن كېيىن قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوقۇتقۇچى:

— ھېچ يەرگە بارمىساممۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپلا كۆزىنى يۇمۇپتۇ.

ئوقۇغۇچى ھېلىقى جاۋابنى يەنە تەكرارلاپتۇ، لېكىن قانائەتلەنگەندەك بولماپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئوقۇتقۇچى ئىنتايىن ئېنىق جاۋاب بەرگەن، لې-

كىن بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن خېلى يۇقىرى تەپەككۇر ئىقتىدارى بولمىسا بولمايدۇ.

ھېچ يەرگە بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەممە يەردە بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنداق تۇرسا ئۇنىڭ يەنە بىرەر يەرگە بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

## تەڭرىنى مەنسىتمەسلىك

بىر مەشھۇر روھانىي ئۆزى يالغۇز تىنچ تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىن تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ، ئەلچى:

— سىنىڭ ئىبادەتلىرىڭ تەڭرىنى تەسىرلەندۈردى، مەيلى قانداق تەلىپىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ زامان بەجا كەلتۈرىدۇ. قېنى، تەلىپىڭنى ئېيت، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان روھانىي بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بۇ گەپنى بالدۇرراق دېگەن بولساڭ نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ قەلبىم ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە تولۇپ تۇرغان، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى خىيال قىلغان چاغلىرىمدا يېنىمغا بىرەر قېتىم كېلىپمۇ قويمىدىڭ، مەن ھازىر كۆرگەن كۈنۈمگە شۈكرى قىلىپ ياشاۋاتىمەن، باشقا ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىممۇ يوق. ھەتتا تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن. توختىماي ئىبادەت قىلىشىم بولسا مۇشۇنداق قىلىشنى توغرا دەپ قارىغانلىقىمدىن بولۇۋاتقان ئىش. مەن ھازىر ئۇ ھەقتە ھېچنېمە ئويلاشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم، كېيىنلىكىمنىڭ قانداق بولۇشى ماڭا نامەلۇم، ھازىر مېنىڭ ئويلايدىغىنىم پەقەت «بۈگۈن»دىنلا ئىبارەت. مەن بۈگۈنۈمدىن ئىنتايىن رازى، سەن تەڭرىگە مېنىڭ رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قوي، — دەپتۇ.

لېكىن ئەلچى:

— بۇ تەڭرىگە قىلىنغان ھاقارەت، تەڭرى سېنى بىر نەرسە تەلەپ قىل دېگەندىكىن چوقۇم تەلەپ قىلىشىڭ كېرەك، — دەپ تۇرىۋاپتۇ.

روھانىي ناھايىتى تەڭلىكتە قاپتۇ ۋە:

— ئەمىسە سەن دەپ باقە، مەن زادى نېمىنى تەلەپ قىلاي؟ مەن ھازىرقى كۈنلىرىمدىن شۇنداق رازى، سەن بېرىپ تەڭرىگە ئۇنىڭ بۇ مەرھەمىتىدىن ئىنتايىن تەسىرلەنگەنلىكىمنى ئېيتقىن، ھازىر مېنىڭ ھېچنېمىدىن غېمىم يوق، شۇنداق خۇشال ئۆتۈۋاتىمەن، — دەپتۇ.

لېكىن ئەلچى:

— بۇنداق جاھىللىق قىلما، ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىرەر نېمە تەلەپ قىلغىن، — دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرىۋاپتۇ.

ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىۋېرىشنى خوپ كۆرمىگەن روھانىي:

— ئەگەر سەن گېپىڭدە بۇنداق چىڭ تۇرىۋالساڭ، ئۇنداقتا سەن تەڭرىگە ئېيتقىن، ئۇ مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇپ بەرسۇن، ماڭا شۈكرى ـ قانائەت، خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن، — دەپتۇ.

## بېلىقچى بىلەن گۆھەر

تاڭ سەھەر، قۇياش تېخى كۆتۈرۈلمىگەن چاغ ئىدى. بىر بېلىقچى بېلىق تۇتىدىغان لازىمەتلىكلىرىنى كۆتۈرۈپ، دەريا بويىغا كېتىۋېتىپ، پۇتى قاتتىق بىر نەرسىگە تېگىپ كېتىپ، ئېڭىشىپ قاراپ بىر خالتا تاشنى كۆردى ـ دە، ئۇنى ئېلىۋالدى، تورلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، قىرغاقتا كۈننىڭ چىقىشىنى ساقلاپ ئولتۇردى.

ئۇ ئىشنى كۈن چىققاندا باشلىيالايتتى، شۇڭا ئاڭغۇچە قىلغۇدەك باشقا ئىش بولمىغاچقا، خالتىدىن بىر تاشنى ئېلىپ سۇغا

ئاتتى، «چولتۇلۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ خالتىدىن تاشنى ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن دەرياغا ئېتىۋەردى.

بارا ـ بارا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، يەر ـ زېمىن يورۇشقا باشلىدى، بۇ چاغدا بېلىقچىنىڭ قولىدىكى خالتىدا پەقەت بىر تاللا تاش قالغانىدى. ئۇ قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاشنى سۇغا ئاتماقچى بولۇپ تۇرۇۋېتىپ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قاراپ سالدى، قارىدى ـ يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

ــ ۋاي، بۇ گۆھەركەن، ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئەسلىدە، ئۇ قاراڭغۇدا بىر خالتا گۆھەرنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدى. بۇ نەقەدەر زور زىيان ـ ھە! بېلىقچى قولىدىكى بىر تال گۆھەرگە قارىغىنىچە پۇشايماندىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي مەيدىسىگە مۇشتلىدى. يەردە دومىلاپ يىغلاپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاي دېدى.

ئەسلىدە ئۇنىڭغا تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان بۇ بايلىق بېلىقچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆمۈر بويى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە يېتىپ ئاشاتتى، ھالبۇكى ئۇ بىخەستەلىكىدىن ئۇنى قولىدىن چىقىرىپ قويىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى يەنىلا تەلەيلىك دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھېچبولمىغاندا بىر تال گۆھەرنى بولسىمۇ ئېلىپ قالالىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال گۆھەرنى تاشلىۋېتىشتىن ئىلگىرى تاڭ يورۇپ ئۇنى كۆردى.

تۇرمۇشتا قانچىلىك ئادەم بېلىقچىدەك قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال گۆھەرنى ساقلاپ قالالايدۇ دەيسىز؟

ھاياتىمۇ خۇددى ئاشۇ يوروپ كېتىۋاتقان تاڭغا ئوخشاش تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز ھاياتنى ئىبارەت بۇ قىممەتلىك گۆھەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسراپ قىلىۋەتتۇق، ئېسىل پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇق، ئۇنىڭدىن ئۇبدان پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇغاندا بولسا، چۆچۈگەن ھالدا ھايات كېمىمىزنىڭ ماماتلىقتىن ئىبارەت بۇ قىرغاققا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. مانا بۇ ھاياتتىكى بىر ئاچچىق ساۋاق.

# پۇرسەت

بىر يىگىت باي بولۇشنى خىيال قىلىۋېرىپ سەۋدايى بولۇپ قالايلا دەپتۇ. ئۇ قەيەردە باي بولۇشنىڭ يولى بارلىقىنى ئاڭلىسا، يولنى ئىزلاپ كۆرمەي، ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي شۇ يەرگە بېرىپ تەلىيىنى سىناپ كۆرىدىكەن. بىركۈنى، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى تاغدا بىر بوۋاي بارلىقىنى، ئۇ بوۋاي بىلەن كۆرۈشەلىگەن ئادەمنىڭ ھەرقانداق تەلىپى ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ كېچىلەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بوۋاينى تېپىش ئۈچۈن بەش كۈن ساقلاپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، قىممەتلىك جاۋاھىراتلاردىن بىر ئاز ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا:

ـــ سەن ھەر كۈنى سەھەردە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، كەنت سىرتىدىكى قۇملۇقتا بېرىپ «تىلەك تېشى» ئىزدىگىن. ئادەتتىكى تاشلار سوغۇق، قوپال كېلىدۇ، «تىلەك تېشى» ئۆزگىچە بولۇپ، قولغا ئىسسىق ئۇرۇنىدۇ ھەم نۇر چاچىدۇ. «تىلەك تېشى» نى تاپالىساڭ تىلىگەن نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىسەن، ـــ دەپتۇ.

ياش يىگىت بوۋايدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ، كەنتكە قايتىپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ياش يىگىت ھەر كۈنى سەھەردە قۇملۇقتا تاش ئىلغايدىكەن، قولىغا چىققان تاش سوغۇق، پارقىرىمايدىغان بولسا دېڭىزغا تاشلايدىكەن، كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇ «تىلەك تېشى» نى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىزدەپتۇ، ئۇنىڭغا ئىسسىق ھەم پارقىراق «تىلەك تېشى» ئۇچرىماپتۇ.

بىركۈنى ئۇ يەنە ئادىتى بويىچە تاش تېرىشكە باشلاپتۇ، «تىلەك تېشى» ئەمەسلىرىنى دېڭىزغا تاشلاۋېرىپتۇ، بىر تال، ئىككى تال،

ئۇچ تال... بىر چاغدا ياش يىگىت تۇيۇقسىز يىغلاپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇ تاشنى دېڭىزغا تاشلاۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ھېلىلا قولىغا چىققان «تىلەك تېشى» نىمۇ دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا تاشلىۋەتكىنىنىڭ ئىسسىق ھەم پارقىراق تاش ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالغانىكەن.

پۇرسەت دېگەن شۇنداق نەرسە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئادەتلەنگەن سەزگۈ تۇيغۇسى ئۇنى تونۇۋالالمايدۇ، ئارقىدىنلا خاتالاشقانلىقىنى سېزىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا چىقماي قالىدۇ.

## ئۇچ قېتىم مۇنبەرگە چىقىش

بىر مەشھۇر ئۆلىما ساياھەتكە چىقىپتۇ. ئۇ بىر يەرگە كېلىپ بولغۇچە، ئۇ يەردىكىلەر ئۆلىمانىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بولىدىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ نامىنى ھەممە ئادەم بىلىدىكەن.

بىركۈنى ئۆلىما مەلۇم بىر كەنتكە كەلگەندە، كىشىلەر يىغىلىپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالماقچى بوپتۇ. ئۆلىما:

— مەن بىر ھاماقەت، مېنىڭ تەلىمىم سىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى سۇكۇت قىلغىنىم تۈزۈك، — دەپتۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۆزىنى قانچە قاچۇرغانسېرى، كىشىلەر ئۇنىڭ كەمتەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى ئۆلىما ماقۇل بوپتۇ:

— جۈمە كۈنى مەن مۇشۇ يەرگە كېلەي، مېنىڭ نېمە توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىمنى ئارزۇ قىلىسىلەر؟ — دەپتىكەن. ھېلىقى كىشىلەر:

— خۇدا توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى، — دەپتۇ.

جۈمە كۈنى كەنتتىكى بارلىق ئادەم بۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى زور داغدۇغا بىلەن قارشى ئاپتۇ. ئۇ مۇنبەردە تۇرۇپ

بىر سوئال سوراپتۇ:

— سىلەر مېنىڭ خۇدا توغرىسىدا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟

— ياق، بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇ:

— ئۇنداقتا بۈگۈن بۇيەردە ئۇ ھەقتە سۆزلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقكەن، چۈنكى سىلەر سۆزلىمەكچى بولغانلىرىم ھەققىدە ھېچنېمە بىلمىسەڭلار، سۆزلىسەممۇ بەربىر چۈشەنمەيسىلەر. بۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە تەييارلىق كېرەك. سىلەر تەييارلىقسىز ئىكەنسىلەر، شۇڭلاشقا مەن سۆزلىمەيمەن، — دەپ چېركاۋدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

كەنتتىكىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپلا قاپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇنىڭ كېلەر جۈمە كۈنى يەنە كېلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

كېيىنكى جۈمە كۈنى ئۇ كېلىپ ئوخشاش سوراپتۇ. بۇ قېتىم كەنت ئاھالىلىرى خېلى ئوبدان تەييارلىق قىلغانىكەن. شۇڭا، ئۆلىما:

— مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىغاندا، ھەممىسى بىردەك:

— بىلىمىز، — جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ چاغدا ئۆلىما:

— ئۇنداقتا سۆزلىشىمنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوقكەن. مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى بىلىپ بولغان تۇرساڭلار، بۇ يەردە ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ يەنە كېتىپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا كەنتتىكىلەرنىڭ ئۆلىماغا بولغان قىزىقىشى تەلۋىلىك دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. ئۇ چوقۇم بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يەنە بىر

قېتىم كېلىشكە ماقۇل قىپتۇ.

ئۇ كېلىپلا يەنە ئوخشاش سوئالنى سوراپتۇ:

— سىلەر مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟

— ئەمدى كەنتتىكىلەر خېلى ئەقىللىق بولۇپ قالغانىكەن، شۇڭا بەزىسى بىلىمىز، بەزىسى بىلمەيمىز، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا، سۆزلىشىمنىڭ تېخىمۇ هاجىتى يوقكەن. بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئېيتىپ بەرسۇن، — ئۆلىما شۇنداق دەپ كېتىپ قاپتۇ.

# ئېقىن

بىر قېتىم ئۇستاز - شاگىرت ئىككىيلەن ساياهەتكە چىقىپ دەل چۈشتە بىر ئورمانلىققا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چاغدا هاۋا ناهايىتى ئىسسىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇستازى ئۇسساپ كېتىپ، شاگىرتىغا:

— سەن بايا بىز ئۆتكەن ئېرىققا بېرىپ سۇ ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

شاگىرت ئارقىسىغا قايتىپ هېلىقى ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ قارىسا، بۇ يەردىن ئۆتكەن ئات - ئۇلاغلار ئېرىقنىڭ سۈيىنى لېيىتىۋەتكەن. شاگىرت قايتىپ كېلىپ ئۇستازىغا:

— ئېرىقنىڭ سۈيى بەك مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ، ئىچكىلى بولمىغۇدەك. بىز ئەڭ ياخشىسى ئالدىمىزغا ماڭايلى. بۇ يەردىن بىرقانچە چاقىرىم نېرىدا بىر دەريا بار. شۇ يەردىن سۇ ئىچەيلى، — دەپتۇ.

ئۇستازى:

— ياق، سۈنى چوقۇم شۇ ئېرىقتىن ئەكېلىسەن، — دەپتۇ.

شاگىرت كۆڭلىدە ئۇستازىنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق تاپمىسىمۇ، ئۇستازىنىڭ سۆزىنى رەت قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە

ئۆزىمۇ بەكلا چاڭقاپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ھېلىقى ئېرىقنىڭ بويىغا يەنە بېرىپتۇ. قارىسا ئەھۋال يەنىلا ھېلى بارغاندىكىگە ئوخشاش تۇرغان. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇستازىغا:

— بىز زادى شۇ ئېرىقنىڭ سۈيىدىن باشقا سۇنى ئىچسەك بول-مامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئۇستازى:

— شۇنداق، چوقۇم شۇ سۇنى ئىچىمىز، — دەپتۇ.

شاگىرت ھېلىقى ئېرىقنىڭ بويىغا ئۈچىنچى قېتىم كەپتۇ. قا-رىغۇدەك بولسا، سۇ شۇنداق سۈزۈك تۇرغۇدەك. شاگىرت بۇ ھالنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ سۇ ئېلىپ كەپتۇ ھەم ئۇستازىنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ:

— سىز ماڭا بۈگۈن مۇھىم بىر دەرس ئۆتتىڭىز. ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدىكەن، پەقەت سەۋرچانلىق بولسىلا، ئەخلەت - چاۋارلار ئېقىپ كېتىپ، لاي - لاتقىلار تىنىپ، سۇ ھامان پاكىز - لىنىدىكەن، — دەپتۇ.

شاگىرت يەنە ئۇستازىدىن:

— مېنى ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكىنىڭىزدە، بىرەر ئامال بىلەن سۇنى پاكىزلىيالىشىم مۇمكىنمىدى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇستازى:

— بۇنداق ئەھۋالدا سەن ھېچ ئىش قىلماي قىرغاقتا ساقلاپ تۇرساڭلا بولىدۇ. ئەگەر بىرەر ئامال قىلىمەن دەپ ئېرىققا كىر-سەڭ، سۇنى تېخىمۇ مەينەت قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئۆز مەيلىچە ئاققىلى قويغاندىلا، ئاندىن سۇ سۈزۈلىدۇ، — دەپتۇ.

## مىننەتدارلىق ئۇچۇنلا

مۇنداق بەش ئەخمەق بار ئىكەن. ئۇلار داۋاملىق بىر چوڭ كې-مىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن. ئۇلار بىرەر مەھەللىدىن ئۆتكەندە، كىشىلەر: — بۇ يوغان كېمە ئۇلارنى بېسىۋالايلا دەپتۇ.

ئۇلار نېمىشقا بۇنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغاندۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇشىدىكەن.

بەزىلەر ئۇلاردىن:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىز بۇ كېمىدىن ئايرىلالمايمىز. بۇ كېمە بىزنى قارشى قىرغاقتىن بۇ يەرگە ئەكەلگەن. ئۇنى تاشلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؛ ئەگەر بۇ بولمىغان بولسا بىز ئاللىقاچان قارشى قىرغاقتا ئۆلگەن بولاتتۇق. چۈنكى، ئۇ يەردە كېچىلىرى يىرتقۇچ ھايۋانلار پەيدا بولىدۇ. بۇ كېمە بولمىغان بولسا ئۇ يىرتقۇچلار بىزنى يەۋېتەتتى. شۇڭا، بىز بۇ كېمىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايمىز. مەڭگۈ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بىزنىڭ ئۇنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمىز پەقەت مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا.

## شىرغا ئوخشاش

مەلۇم بىر سېرك ئۆمىكىنىڭ شىر كۆندۈرگۈچىسى چىرايلىق بىر ئايال بولۇپ، ۋەھشىيلىكتە تەڭدىشى يوق شىر پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەن. ئۇ نېمىنى بۇيرۇسا شىر شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن، ئۇلار ئورۇنلىغان قورقۇنچلۇق نومۇرلارنى كۆرۈۋاتقاندا ھاياجاندىن كىشىلەرنىڭ نەپسى توختاپ قالاي دەيدىكەن.

بىركۈنى بۇ يەرگە نەسىرىدىن ئەپەندىمۇ كېلىپ ئايال بىلەن شىرنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى شىر كۆندۈرگۈچى ئايال بىر تال كەمپۈتنى تىلىنىڭ ئۇستىگە قويۇپتۇ، ۋەھشىي شىر بۇيرۇق بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇستىدىكى كەمپۈتنى چىشلەپ ئاپتۇ. ئۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ مەيداندىكىلەر ھاياجاندىن ئەس - ھوشىنى يوقىتاي دەپتۇ. قاتتىق چاۋاك ۋە ئىسقىرتىش ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. ئەمما، ئۇلارغا قاراپ تۇرغان نەسىرد-

ـدىن ئەپەندى چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماستىن:
— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ھەرقانداق ئادەم قىلالايدىغان ئىشقۇ بۇ، — دەپتۇ.
بۇنى كۆرگەن شىر كۆندۈرگۈچى ئايال ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ:
— بۇ ئىشنى سەنمۇ قىلالامسەن؟ — دەپتىكەن، نەسىرىدىن ئەپەندى:
— ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئادەم شىر دەك قىلالايدۇ، — دەپتۇ.

## نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشى

موللا نەسىرىدىننىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگۈسى كېلىپ بىر ئو-قۇتقۇچى تېپىپتۇ. ئوقۇتقۇچى:
— بىز دەريا بويىغا بارايلى، سۇ ئۈزۈشنى بىردەمدىلا ئۆگى-نىۋالىسىز، بۇ بەك ئاسان ئىش، كىچىك بالىمۇ بىردەمدە ئۆگى-نىۋالىدۇ، — دەپتۇ.
لېكىن، ئۇلار دەريا بويىغا بارغاندا، يەر بەك تېيىلغاق بولغاچقا، نەسىرىدىن ئەپەندى تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپ دەريا بويىدىن خېلى يىراقتىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ.
ئوقۇتقۇچى كېلىپ:
— سىز سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمەكچى ئەمەسمىدىڭىز؟ نېمىشقا سۇغا كىرمەيسىز؟ — دەپتىكەن، نەسىرىدىن ئەپەندى:
— سىز تېخى ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتمىگەن تۇرسىڭىز، مەن قانداق سۇغا كىرەلەيمەن؟ سۇغا چۈشۈپ بىرەر چاتاق چىقسا كىم ئىگە بولىدۇ؟ مەن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن دەرياغا

يېقىنلىشىمەن، — دەپتۇ.

لېكىن، سۇغا كىرمەي تۇرۇپ سۇ ئۈزۈشنى قانداق ئۆگەنگىلى بولسۇن؟ شۇڭلاشقا، نەسرىدىن ئەپەندى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنەلمەپتۇ.

# پاراسەتلىك تەبىرچى

بىركۈنى كېچىسى پادىشاھ بارلىق چىشى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ ۋە ئويغىنىپ دەرھال بىر چۈش تەبىرچىسىنى چاقىرتىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

چۈش تەبىرچىسى:

— شاھ ئالىيلىرى، بۇ بىر كېلىشمەسلىكنىڭ بېشارىتىدۇر. چۈشۈپ كەتكەن ھەربىر چىشلىرى بىر قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— ھۇ، قاپ يۈرەك، ماڭا مۇشۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ، يوقال! — دەپتۇ ھەمدە ئۇنى ئەللىك دەررە ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ. ئارقىدىن پادىشاھ يەنە بىر چۈش تەبىرچىسىنى چاقىرتىپتۇ. ھېلىقى تەبىرچى پادىشاھنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— شاھ ئالىيلىرى، سىلى بەك بەختلىككەنلا! سىلى باشقا بارلىق قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا، — دەپتۇ.

بۇ سۆزدىن پادىشاھنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ:

— رەھمەت ساڭا، سەن ھازىرلا ياساۋۇل بىلەن بىللە خەزىنىگە بېرىپ ئەللىك تىللا ئېلىۋال، — دەپتۇ.

ياساۋۇل يولدا كېتىۋېتىپ چۈش تەبىرچىسىگە:

— ماڭا سىزنىڭ تەبىرىڭىز بىلەن ئالدىدىكى ئادەمنىڭ تەبىرىنىڭ ھېچ پەرقى يوقتەكلا بىلىنىۋاتىدۇ، — دەپتىكەن.

— بىر مەسىلىنى ھەرخىل ئۇسۇلدا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. گەپ شۇنى قانداق ئىپادىلەشتە، — دەپتۇ ۋە ئەللىك تىللانى ئېلىپ خۇشال ھالدا يولىغا راۋان بوپتۇ.

## تۆتىنچى يول

بىر ئادەم ئۈچ ئوغلى بىلەن كېتىۋېتىپ بىر مېۋىلىك باغنىڭ يېنىغا كەلگەندە، باغدىكى مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ھەرخىل مېۋىلەرنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلۇپ مېۋىلەردىن ئازراق ئوغرىلاپ ئەكېتىش خىيالىغا كەپتۇ ھەمدە ئۈچ ئوغلىنى باغقا كىرىدىغان ئۈچ يولغا قارانچۇقلۇققا قويۇپ، بىرەر ئادەم كۆرگەن ھامان بەلگە بېرىشنى جېكىلەپتۇ.

ئۇ ئادەم ھەدەپ مېۋە قاچىلاۋاتسا، توساتتىن كىچىك ئوغلى:

— دادا، يەنە بىر يول قاراقسىز قاپتۇ، — دەپ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ.

ھېلىقى ئادەم بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ:

— بۇ يەردە پەقەت ئۈچلا يول بار ئەمەسمىدى؟ نەدىكى تۆتىنچى يولكەن ئۇ؟ — دەپتىكەن، ئوغلى:

— تۆپىمىزدە، — دەپ ئاسماننى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم خىجىللىقتىن خالتىدىكى مېۋىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئۈچ ئوغلىنى يېتىلەپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

## ماھىرلىق

بۇرۇنقى زاماندا چېن شاۋزى ئىسىملىك بىر مەرگەن بولۇپ، ئوقيا ئېتىشتا ھېچكىم ئۇنى بېسىپ چۈشەلمەيدىكەن. بىر قېتىم چېن شاۋزى قارىغا ئېلىش مەيدانىدا ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىپ-

تۇ. ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلىپ ئۇنىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىپتۇ. بۇ توپىنىڭ ئىچىدە بىر ياغچى بوۋايمۇ بار ئىكەن. ھېلىقى بوۋاي ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ بىر چەتتە تۇرۇپ، چېن شاۋزىنىڭ ئوقيا ئېتىشىغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە، چېن شاۋزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ھەقىقەتەن قالتىس بولۇپ، ئاتقان ئوقى نىشانغا دەل تېگىپ قالماستىن، يەنە ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، نىشان تاختىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا، كۆپچىلىك بىردەك چاۋاك چېلىپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. پەقەت ماي ساتقۇچى بوۋايلا بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقاپ ئانچە قايىل بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەپتۇ.

چېن شاۋزى بۇنى كۆرۈپ، بوۋايدىن:

ــ سىزمۇ مەرگەن ئوخشىمامسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ماي ساتقۇچى بوۋاي بېشىنى چايقاپ:

ــ مەن ئوقيا ئېتىشنى بىلمەيمەن. سىز ئوقيانى يامان ئەمەس ئاتىدىكەنسىز، لېكىن بەك ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوقكەن، مېنىڭ قارىشىمچە، سىز پۇختا مەشىق قىپسىز، خالاس، ــ دەپتۇ.

چېن شاۋزى بۇ گەپكە ئاچچىقى كېلىپ:

ــ ما قېرىنىڭ يولسىزلىقىنى، ئۆزۈڭ ئوقيا ئېتىشنى بىلمەي تۇرۇپ تېخى ئادەمنى كۆزگە ئىلماسسىنا، ــ دەپ بوۋايغا ھۆرپىيىپتىكەن، ماي ساتقۇچى بوۋاي تەمتىرىمەستىن:

ــ غەزەپلەنمەڭ، مەن ماي ساتقۇچى، شۇڭا ماي قۇيۇشتىن مېنىڭمۇ ئانچە ـ مۇنچە تەجرىبەم بار. سىز كۆرۈپ بېقىڭ، ــ دەپتۇ ھەمدە بىر ماي قاپىقىنى يەرگە قويۇپ، ئاغزىغا بىر يارماقنى قويۇپتۇ، ئاندىن يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن ماي قۇيۇپتۇ. خېلى كۆپ ماي قۇيغان بولسىمۇ، لېكىن يارماقنىڭ تۆشۈكىگە ئازراقمۇ ماي يۇقماپتۇ.

ــ قاراڭ، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ۋاي دېگۈچىلىكى يوق، پەقەت قول ياخشى كۆندۈرۈلگەن گەپ، ــ دەپتۇ بوۋاي چېن شاۋزىغا قاراپ كۈلۈپ.

شۇنىڭدىن باشلاپ چېن شاۋزىمۇ مەرگەنلىكىدىن ماختانمايدىغان بوپتۇ.

## ئاچ كۆز سەكسەنپۇت

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇدا ئەسلىي سەكسەنپۇتنى پۇتسىز ياراتقانىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ يىلاندەك تېز ماڭالايدىكەن. بىركۈنى سەكسەنپۇت بۆكەن، بۇغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۇياقلىق ھايۋانلار-نىڭ ئۆزىدىن تېز يۈگۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھەسەت قى-لىپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بوپتۇ ھەمدە پۇت كۆپ بولسا، ئەلۋەتتە تېز يۈگۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ خۇداغا:

— ئەي خۇدا، ماڭىمۇ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش كۆپ پۇت بەرگەن بولسىڭىز، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

خۇدا سەكسەنپۇتنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ سەكسەنپۇتنىڭ خالىغانچە تاللىۋېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

سەكسەنپۇت بۇنچىۋالا كۆپ پۇتلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن چاپلاشقا باشلاپتۇ. بەدىنىنىڭ چاپلىغۇدەك يېرى قالمىغۇچە چاپلاپ-تۇ، ئاندىن كۆزى قىيمىغان ھالدا توختاپتۇ. پۇتلارنى چاپلاپ بول-غاندىن كېيىن، ئۇ رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىگە سەپسېلىپ، ھىم، قېنى ئەمدى كىم ماڭا يېتىشەلەيدىكىن، ئوقتەك ئۇچمايدىغان بولسام، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، يۈگۈرۈشكە تەمشىلىۋېتىپ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ پۇتلارنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. بۇ پۇتلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە ماڭىدىكەن، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى يىغقاندىلا، ئاندىن بۇ پۇتلارنى بىر - بىرىگە پۇتلاشتۇرماي راۋان ماڭغۇزالايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەسلى-دىكىدىنمۇ ئاستا ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# يول بىلىدىغان كاپىتان

بىر ساياھەتچى تۇنجى قېتىم پاراخوتتا ئولتۇرغان بولغاچقا، كاپىتان بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنى ـ بۇنى بىلگۈسى كەپتۇ:

— كاپىتان ئەپەندى، سىز چوقۇم دېڭىزدىكى بارلىق خەتەرلىك دۆمبەللەرنى ئېنىق بىلىسىزغۇ دەيمەن ـ ھە؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كاپىتاندىن.

— بارلىق خەتەرلىك دۆمبەللەرنى ئېنىق بىلىپ كەتمەيمەن، — دەپتۇ كاپىتان.

ساياھەتچى ھەيران بولۇپ:

— سىز قەيەردە خەتەرلىك دۆمبەل بارلىقىنى بىلمىسىڭىز، پاراخوتنى قانداق ھەيدەيسىز؟ — دەپتۇ.

مەن نېمىشقا خەتەرلىك دۆمبەللەر ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگۈدەكمەن؟ قەيەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلسەملا بولدى ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كاپىتان ئۇنىڭغا.

## تەقدىم

پوپنىڭ ۋەزىنى ئاڭلىغان بىر ئادەم قاتتىق ھاياجانلىنىپ، پوپنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خۇداغا تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پوپ ئۇنىڭدىن:

— ئەگەر سىزنىڭ ئىككى ماشىنىڭىز بولسا، بىرىنى خۇداغا تەقدىم قىلىشنى خالامسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

— خالايمەن، — دەپتۇ. پوپ يەنە:

— ئەگەر سىزنىڭ ئىككى يۈرۈش ئۆيىڭىز بولسا بىر يۈرۈشىنى خۇداغا تەقدىم قىلىشنى خالامسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ

ئادەم:

ــ خالايمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پوپ تېخىمۇ ئاددىي بىر سوئال سوراپتۇ:

ــ ئەگەر سىزنىڭ ئىككى جۈپ خۇرۇم ئايىغىڭىز بولسا، بىر جۈپىنى خۇداغا تەقدىم قىلىشنى خالامسىز؟

بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم ئويلىمىغان يەردىن:

ــ ياق، مەن خالىمايمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەيران بولغان پوپ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سوراپتىكەن، ئۇ:

ــ چۈنكى، مېنىڭ ئىككى ماشىنام يوق، ئىككى يۇرۇش ئۆيۈممۇ يوق، بىراق ئىككى جۈپ خۇرۇم ئايىغىم بار، ــ دەپتۇ.

## خىسلەتلىك تاش

بىركۈنى غەلىتىرەك ياسىنىۋالغان بىر كىشى بىر كىچىك كەنتكە كەپتۇ. ئۇ ئۇدۇلدىن كەلگەن بىرقانچە ئايالغا:

ــ مەندە بىر خاسىيەتلىك شورپا تېشى بار. ئۇنى قايناۋاتقان سۇغا سالسا، شۇ ھامان شورپىغا ئايلىنىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ھازىرلا قايىنتىپ كۆپچىلىككە ئىچۈرەي، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر قازان، بەزىلەر سۇ ئەكەپتۇ. بەزىلەر ئوچاق ياساپ، ئوتۇن تەييارلاپتۇ. قازاننى كەنتنىڭ مەيدانىدىلا قايىنتىپتۇ. ناتونۇش كىشى شورپا تېشىنى ئېھتىيات بىلەن قازانغا سالپتۇ ھەمدە شورپىنى تېتىپ بېقىپ ھاياجان بىلەن:

ــ ۋاھ! نېمىدېگەن مەززىلىك، ئەگەر بىرئاز پىياز بولغان بولسا تېخىمۇ تەملىك بولاركەن، ــ دەپتۇ. بىرەيلەن دەرھال ئۆيىگە بېرىپ بىرمۇنچە پىياز ئېلىپ كەپتۇ. ناتونۇش ئادەم يەنە بىر تېتىپ بېقىپ:

ــ بەك ئوخشاپتۇ، ئەگەر يەنە بىرئاز گۆش سالساق تېخىمۇ

مەززىلىك بولغۇدەك، — دەپتۇ. يەنە بىر ئايال ئىتتىك ئۆيىگە بې-
رىپ بىر تەخسە گۆش ئېلىپ كەپتۇ.

— ئەمدى بىر ئاز كۆكتات سېلىنغۇدەتسەك تەم كىرىدۇ، — دەپ
تەكلىپ بېرىپتۇ يەنە ناتونۇش ئادەم.

ناتونۇش ئادەمنىڭ قوماندانلىقىدا بەزىلەر توز، بەزىلەر زەنجە-
ۋىل، بەزىلەر باشقا خۇرۇجلارنى ئېلىپ كەپتۇ. كۆپچىلىك شۇ يەر-
دە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ شورپا ئىچىپ، ئۆمرىدە بۇنداق مەززىلىك
شورپا ئىچىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ.

# قىز ۋە كېلىن

ئىككى ئايال باغچىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىرسى يەنە بىر-
سىدىن:

— ئوغلىڭىز ئايالى بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ — دەپ
سوراپتىكەن، ھېلىقى ئايال:

— ۋاي، ئۇنىڭ بىتەلەيلىكىنى دېمەيلا قويۇڭ، ئالغان خوتۇنى
بەك ھۇرۇن چىقىپ قالدى. ئۇ يا ئۆي سۈپۈرمەيدۇ، يا كىر يۇمايدۇ.
بالىغا قاراشقۇ يوقلا گەپ. كۈنبويى ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان، ناشتى-
لىقنىمۇ ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن، — دېگىنىچە
يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداقتا قىزىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئايال يەنە:

— ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئىكەن، — دەپ چىرايىغا كۈلكە يۈ-
گۈرۈپتۇ ھەمدە، — ئۇ يامان ئەمەس ئەرگە تەگدى. قىزىمغا ئۆي
ئىشىنى قىلدۇرمايدۇ. تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش، كىر يۇيۇش،
بالىغا قاراش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېرى قىلىدۇ، تې-
خى ئەتىگەنلىك ناشتىنى كارىۋىتىغا ئەكىلىپ بېرىدىكەن، — دەپتۇ.

# چويۇن

يەر ئاستىدىكى سايمان ئۆيىدە بىرمۇنچە سايمانلار يىغىلىپ چويۇنغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئېچىپتۇ. پالتا ئالدى بىلەن ھەيۋە قىلىپ:

— بولدى، ئۇنى ماڭىلا قويۇۋېتىڭلار، بىردەمدىلا بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ ـ دە، چويۇننى كۈچەپ چېپىپتۇ، لېكىن بىر ـ دەمدىلا بىسى قايرىلىپتۇ.

— يەنىلا مەن كېلەي، — دەپتۇ ھەرە تولۇق ئىشەنچ بىلەن ھەمدە ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن چويۇننى ھەرىدەپتۇ. بىراق ئۇزۇنغا بارماي چىشلىرى سۇنۇپتۇ. بۇ چاغدا بولقا كۈلۈپ:

— تازىمۇ يارىماسكەنسىلەر، ھەممىڭلار نېرى تۇرۇڭلار، مېنىڭ ماھارىتىمنى كۆرۈڭلار، — دەپ چويۇننى قاتتىق بىر ئۇرۇپتىكەن، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىپتۇ، لېكىن چويۇن ھېچنېمە بولماپ-تۇ، ئەكسىچە ئۇرۇۋېتىپ بولقىنىڭ بېشى ئاجراپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىر بۇلۇڭدىن:

— مەن سىناپ باقايمۇ؟ — دېگەن بوش ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. كۆپچىلىك قارىغۇدەك بولسا، ئۇ كىچىككىنە يالقۇن ئىكەن. كۆپ-چىلىك ئۇنى كۆزگە ئىلمىسىمۇ، بىر پۇرسەت بېرىپتۇ.

يالقۇن چويۇننى چۆرىدەپ توختىماستىن كۆيدۈرۈپتۇ. يالقۇن-نىڭ توختىماي كۆيدۈرۈشى بىلەن چويۇن باشتا قىزىرىپ، ئاخىردا پۈتۈنلەي ئېرىپ كېتىپتۇ.

# ئوخشاش پۇشايمان

بىر مەشھۇر راھىب ۋاپات بوپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى نىجات تاپتى، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىپتۇ. شۇ كۈنى يەنە

بىر داڭلىق پاھىشە ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيى راھىب تۇرۇشلۇق ئىبادەتخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىكەن، ئۇلار ئىككى قوتۇپقا تەۋە قوشنىلاردىن ئىكەن.

بىر پەرىشتە راھىبنى ئۇدۇل جەننەتكە ئېلىپ كېتىپتۇ، باشقا بىرنەچچە پەرىشتە پاھىشىنى دوزاخقا ئېلىپ كەپتۇ. پەرىشتە راھىبنى جەننەتكە ئېلىپ كەلسە، ئىشىك تاقاقلىق تۇرغۇدەك. بۇ چاغدا سانت پېتىر ئۇنىڭغا:

— سىلەر خاتالاشتىڭلار، راھىبنى دوزاخقا تاشلاپ، پاھىشەنى جەننەتكە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتىكەن. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ بۇ بىر مەشھۇر راھىب، ئۆمۈر بويى تەركىدۇنيالىقتا ياشاپ، توختىماستىن ئىبادەت قىلغان. شۇڭلاشقا، بىز سورىماستىنلا ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق. ھېلىقى پاھىشە ئايالغا كەلسەك، ئۇ بەلكىم بۇ چاغقا ئاللىقاچان دوزاخقا تاشلىنىپ بولدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بارار جايى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولغاچقا، بىز ھېچكىمدىن سوراپ يۈرمەيلا مۇشۇنداق قىلدۇق، — دەپتۇ. سانت پېتىر:

— سىلەر پەقەت كۆرۈنۈشتىكى ھادىسىلەرگىلا قارىغاچقا مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلدىڭلار. بۇ راھىب ئىبادەتنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىدۇ. بىراق كۆڭلىدە، مەن ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ئۇ پاھىشە ئايال نېمىدېگەن گۈزەل - ھە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغزىمنى ئاچساملا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغان تۇرسام، بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ كوچىنى كېسىپ ئۆتسەملا بولاتتى. مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقانلىرىم ساپلا ئەھمىيەتسىز ئىشلار، ئىبادەت قىلىش، بۇدساتۇۋادەك ئۇلۇغۋار قىياپەتتە ئولتۇرۇش بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ نام - شەرىپى ئۈچۈنلا كۆڭلىدە ئويلىغان ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دەپتۇ.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنىڭ دۇرۇس بولۇشى

ئۇلارنىڭ خۇددى ئاشۇ راھىبتەك قورقۇنچاق بولغانلىقىدىن. راھىبنىڭ توخۇ يۈرەكلىكى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنى نۇرغۇن ئادەم تونۇيدۇ. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ بۇلغىنىشىغا قارىماي پاھىشەنى ئىزدىيەلىسۇن؟

توخۇ يۈرەكلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسىدىن بەك قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، راھىب گەرچە بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن تەرك ئېتىپ، ھەتتا يېمەكلىكتىنمۇ پەرھىز تۇتۇپ ئىبادەت قىلىسىمۇ، لېكىن ھېلىقى پاھىشە ئايال ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدۇ. ئۇ دائىم ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدۇ.

ۋاھالەنكى، ھېلىقى پاھىشە ئايال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، دائىم قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن پۇشايمان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى، ھاياتتىكى نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى يوقاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ پۇل ئۈچۈن جىسمىنى ۋە روھىنى ساتتى. شۇڭا، ئۇ دائىم راھىب تۇرغان ئىبادەتخانىغا قاراپ ئۇ يەردىكى تۇرمۇشقا ھەۋەس قىلىدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي ئىبادەت.

ئۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەتخانىغا كىرىدىغان پۇرسەت بېرىشكە شۇ قەدەر تەشنا بولسىمۇ، لېكىن بىر پاھىشىنىڭ ئۇنداق خىيالدا بولۇشى تەڭرىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ھەمىشە ئىبادەتخانىغا تەلپۈنىدۇ ھەمدە بۇ ھاياتتا قولدىن بېرىپ قويغانلىرى ئۈچۈن توختىماستىن ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ.

ئاخىردا سانت پېتىر يەنە شۇنداق دەپتۇ:

— ھېلىقى پاھىشەنى جەننەتكە ئېلىپ كېلىپ، راھىبنى دوزاخقا تاشلاڭلار. ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرىمۇ، قەلبىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، گەرچە ئۇلار ئىككىسى پۇشايمان قىلىۋاتقان بولسىمۇ.

# بۇ جەننەت ئەمەس

بىر باستىر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ئىنتايىن گۈزەل بىر جايغا ئەكىلىشىپتۇ. ئۇنى ئەكىرگەن ئۆي ئۇ ئۇزاقتىن بېرى چۈشىدە كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئۆيلەردىن بولۇپ، خان ئوردىلىرىدەك ھەشەمەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ قانداق تىلىكى بولسا، خىزمەتكارلار شۇ ھامان پەيدا بولۇپ ئۇنى بەجا كەلتۈرىدىكەن. قورسىقى ئاچسا ئۇ ئۆمرىدە يەپ باقمىغان ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى ئەكىلىدىكەن، ئۇسسىسا ھەتتا بۇ تىلىكى تېخى خىيالغا ئايلانمىغان، پەقەت بىر تۇيغۇ چېغىدىلا ئالدىغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلىدىكەن.

ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردە بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. بارا - بارا بۇ خىل تۇرمۇشتىن سەل باشقىچىرەك ھېس قىپتۇ. ئادەم دېگەن كۈنبويى ھېچ ئىش قىلماي، باشقىلارنىڭ بەرگىنىنى يەپلا ئولتۇرسا بولمايدۇ - دە. بارا - بارا باستىر راستتىنلا زېرىكىپتۇ. ئۇ ئىلگىرى چېركاۋنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرى، دىن تارقىتىش دېگەندەك جامائەت ئىشلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز ئالدىراشلا يۈرگەن بولغاچقا، بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆزىنى خۇددى بىرنەچچە كۈن بايرام قىلغاندەك، ئارام ئېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ خۇشال بولغانىكەن. ئەمما، ئاخىردا قارىسا ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماپتۇ. بۇ چاغدا خىزمەتكار تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ساڭا نېمە كېرەك؟ سېنىڭدىكى بۇ خىل تۇيغۇ ئېھتىياج ئەمەس، سەن يا ئۇسسىماپسەن، يا قورسىقىڭ ئاچماپتۇ. پەقەت بىئاراملىق، زېرىكىش ھېس قىلىۋاتىسەن. شۇڭا ساڭا نېمە قىلىپ بېرىشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دەپتۇ.

باستىر:

— مەن مەڭگۈ بۇنداق ئۆلتۈرسام بولمايدۇ. مېنىڭ بىرەر ئىش قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتىكەن. خىزمەتكار:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىز سېنىڭ بارلىق تىلەكلىرىڭنى قاندۇرىدىغان تۇرساق، ئىش قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باستىر جىلە بولۇپ:

— بۇ قانداق جەننەت؟ — دەپ سوراپتىكەن، خىزمەتكار:

— كىم بۇنى جەننەت دەيدۇ؟ بۇ دېگەن دوزاخ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، بۇ دېگەن دوزاخ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باستىر ئاخىر ھېچ ئىش قىلماي جىم ئولتۇرىدىغان يەرگە كېلىپ قېلىشنىڭ دوزاخقا كىرگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ.

## ئىلاھىي تاشپاقىنىڭ پاراستى

بىر خاسىيەتلىك تاشپاقا بېلىقچىغا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش شۇ كېچىسى پادىشاھنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. ئۇ كۈنى كېچىسى، پادىشاھ ئۇخلاۋېتىپ چۈشىدە چاچلىرى چۇۋۇق بىر ئادەمنىڭ يان ئىشىكتىن مارىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى ئادەم پادىشاھقا:

— مەن «شىنلۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭقۇر كۆلچەكتە ياشايتتىم. مەن سۇ ئىلاھىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەلچىلىككە كېتىۋېتىپ، يولدا يۇچيې ئىسىملىك بېلىقچىغا تۇتۇلۇپ قالدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئويغىنىپ، كېچىدىكى چۈشىنى ئويلاپ غەلىتىلىك ھېس قىپتۇ ھەمدە پالچىنى چاقىرتىپ چۈشىگە پال ئاچقۇزۇپتۇ. پالچى:

— بۇ بىر خاسىيەتلىك تاشپاقىنىڭ ئالىيلىرىغا بەرگەن بېشارىتىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەترايىدىكىلەردىن:

— بېلىق بازىرىدا يوچىپ ئىسىملىك بېلىقچى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇلار:

— شۇنداق، بىر بېلىقچى بار، — دەپتۇ. پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە يوچىپنى چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى يوچىپ سالامغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— بېلىق تۇتقىلى چىققاندا باشقا بىرەر نەرسە تۇتۇۋالدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، يوچىپ:

— چوڭ بىر تاشپاقا تۇتۇۋالدىم. دۈمبىسىنىڭ ئايلانمىسى بەش چى كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ يوچىپقا تاشپاقىنى ئۆزىگە ھەدىيە قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. يوچىپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپ تۇتۇۋالغان تاشپاقىنى پادىشاھقا ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇ تاشپاقىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆلتۈرەيمۇ ياكى باقايمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. ئاخىر پالچىنى چاقىرتىپ پال ئاچقۇزۇپتۇ. پالچى:

— بۇ ئاق تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنى پال سېلىشقا ئىشلەتسە خەيرلىك بولغۇدەك، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇڭيۈەنجۈن ئاق تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچەي باغرىنى ئېلىۋېتىپ، قېپىنى پال سېلىشقا ئىشلىتىپتۇ. جەمئىي 72 قېتىم پال سالسا، ھەر قېتىمدا توغرا چىقىپتۇ.

گەرچە بۇ تاشپاقىنىڭ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى پادىشاھنىڭ چۈشىگە ئايان قىلىش كارامىتى بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بېلىقچىنىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى 72 قېتىم پال سالسا بىرەر قېتىممۇ خاتا چىقمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئاخىردا ئۆلتۈرۈلۈش تەقدىرىدىن ئامان قالمىغان. دېمەك، زېرەكلىكنىڭمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان يەرلىرى بولىدۇ. ئەقىل - پاراسەتنىڭمۇ ھەل قىلالمايدىغان ئىشلىرى بولىدۇ.

# تاسادىپىي چىقىن

بىر پەيلاسوپ بىلەن بىر ئادەتتىكى ئادەم قاراڭغۇ كېچىدە ئورمانلىقتا يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى گۇمانخور، بىرى ئەمەلىيەتچان ئىكەن. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئورمانلىق بولۇپ، دەرەخلەر بەك قويۇق، قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ۋاقىت يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

تۇيۇقسىز شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ، چاقماق چېقىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا پەيلاسوپ ئاسماننى كۆرۈپتۇ، ئادەتتىكى ئادەم بولسا يولنى كۆرۈۋاپتۇ.

پۇرسەت دېگەن مانا مۇشۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. سەل دىققەتسىزلىك قىلسىڭىز ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىسىز.

## نەسىھەت

بىر قېتىملىق دەرستە مۇتەخەسسىس ئوقۇغۇچىلارغا بىر تەجرىبە ئىشلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاغزى چوڭ بىر شىشىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى تاشلارنى قاچىلاپتۇ، ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن:

— شىشە توشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇغۇچىلار بىردەك:

— توشتى، — دەپتۇ. ئارقىدىن مۇتەخەسسىس بىر چېلەك شېغىلنى شىشىگە سېلىپ، شىشىنى چايقاپتىكەن، شېغىل چوڭ تاشنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇققا قىسىلىپ كىرىپتۇ. ئۇ يەنە:

— شىشە توشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ:

— بەلكىم توشمىغاندۇ! — دېيىشىپتۇ.

ئۇ يەنە بىر چېلەك قۇمنى ئېلىپ شىشىگە سېپىپتۇ. قۇم تاش

بىلەن شېغىلنىڭ ئاراشلىرىغا ئېقىپ كىرىپتۇ. ئۇ يەنە:

— شېشە توشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ قېتىم سىنىپتىكى ھەممەيلەن بىردەك:

— توشمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ياخشى! — ئۇ بىر قۇتا سۇنى ئېلىپ بوتۇلكا توشقۇچە قۇيۇپتۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلاردىن:

— بۇ مىسال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، بىر ئالدىراڭغۇ ئوقۇغۇچى:

— بۇرۇن تۈزگەن پىلانىڭىز قانچە زىچ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئازراق تىرىشسىڭىزلا ئۇنىڭغا يەنە بىرەر نەرسە قىستۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— خاتا، — دەپتۇ مۇتەخەسسىس ھەم:

— بۇ مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شېشىگە ئالدى بىلەن چوڭ تاشنى سېلىۋالمىساق، كېيىن ھەرقانچە تىرىشساقمۇ ئۇنى كىرگۈزەلمەيمىز. تۇرمۇشىمىزدىكى چوڭ تاش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۆزۈڭ سۆيىدىغان ئادەم بىلەن ئۆمرۈڭنى بىرگە ئۆتكۈزۈش، سىنىڭ ئېتىقادىڭ، سەن ئالغان تەربىيە، بىرەر غايە ۋە ياكى ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئەرزىيدىغان بىرەر كەسىپ، ھەتتا بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇش... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتىكى چوڭ تاشلاردۇر. ئۇ مەيلى نېمە بولسۇن، شېشىگە ئالدى بىلەن چوڭ تاشنى سېلىشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

## ئۈچ سەيياھ

ئۈچ ساياھەتچى تەڭلا بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. ئەتىگەندە سىرتقا چىققۇچە ئۇلارنىڭ بىرى كۆنلۈك، بىرى ھاسا ئېلىۋاپتۇ، ئۈچىنچىسى ھېچنېمە ئالماپتۇ.

كەچتە قايتىپ كەلگەندە، كۆنلۈك ئالغان ساياھەتچىنىڭ ئۈستىبې-
شى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، ھاسا ئالغان ساياھەتچى يىقىلىپ يارىلى-
نىپتۇ، ئۈچىنچى ساياھەتچى ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇرگەندە،
كۆنلۈك ئېلىۋالغان ساياھەتچى:

— يامغۇر ياغقاندا كۆنلۈكۈم بار دەپ مېڭىۋېرىپتىمەن. ئۈستىبې-
شىمنىڭ قانداق ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن،
ئەمما ئوڭغۇل - دوڭغۇل پاتقاق يولدا ماڭغاندا ھاسام بولمىغاچقا
دىققەت قىلىپ، تۈز يەرنى تاللاپ ماڭدىم، شۇڭا يىقىلمىدىم —
دەپتۇ.

ھاسا ئالغىنى:

— كۆنلۈكۈم بولمىغاچقا، يامغۇر ياغقاندا يامغۇردىن دالدا بو-
لىدىغان يەر بىلەن ماڭدىم، شۇڭا ھۆل بولۇپ كەتمىدىم. ئوڭغۇل -
دوڭغۇل، پاتقاق يولدا ماڭغاندا ھاسىغا تايىنىپ ماڭدىم، بىراق شۇ-
نىڭدىمۇ يىقىلىپ كەتتىم، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى ساياھەتچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن يامغۇر ياغقاندا دالدىدا ماڭدىم، يول ناچار بولسا دىققەت
قىلىپ ماڭدىم. شۇڭا ھۆل بولمىدىم، يىقىلىپمۇ كەتمىدىم. سى-
لەرنىڭ سەۋەنلىكىڭلار ئەۋزەللىك بولسا جاپا ئاز بولىدۇ، دەپ ئەۋ-
زەللىككە تايىنىۋالغانلىقىڭلاردا، — دەپتۇ.

## دانىشمەننىڭ دانىشى

بىركۈنى بىر دانىشمەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆز ئۇستازىنى تو-
نۇشتۇرماقچى بوپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئىچىدە
بۇ كاتتا زاتنى كۈتۈپتۇ.

بۇ چاغدا دانىشمەن بىر تال كىچىك تاشنى ئېلىپ:

— مانا بۇ مېنىڭ ئۇستازىم، — دەپتىكەن، بۇ گەپكە ئوقۇغۇ-

چىلارنىڭ ئەقلى يەتمەي ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپتۇ.

دانىشمەن ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىركۈنى ئۇ يولدا كېتىۋاتسا ئايىغىغا بىر تال تاش كىرىۋېلىپ پۇتىنى ئاغرىتىۋەتكەنىكەن. ئۇ تاشنى ئېلىۋېتىش ئۇچۇن ئولتۇرۇپتۇ. ئولتۇرۇپ تاشنى ئېلىۋاتقان شۇ دەقىقىدە، ئۇ بىردىنلا ئۆزى ھەر كۇنى ماڭىدىغان بۇ يولنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكىنى بايقاپتۇ ھەمدە بىردىنلا ھاياتلىقتىكى بىر قانۇنىيەتنى بايقىغاندەكلا بوپتۇ.

— دەل مۇشۇ كىچىككىنە تاش مېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمنى ئۇرغۇتقان، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ دانىشمەن.

ئەسلىدە، ئۇنى بىئارام قىلغان تاش بىردىنلا ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۇرغۇشىغا تۈرتكە بولغۇچىغا ئايلىنىپ قالغان.

تۇرمۇشتا ئەسلىدە بىزگە ئازاب ئېلىپ كەلگەن بەزى نەرسىلەر باشقا بىر خىل بەخت ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

## كىچىككىنە بىر ئىش

بىر ئادەم مېھمانخانىسىغا بىر پارچە رەسىمنى ئاسماقچى بولۇپ، قوشنىسىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇ رەسىم ئېلىنغان رامكىنى تامغا يۆلەپ ئەمدى مىخ قاقاي دېيىشىگە، قوشنىسى:

— بۇنداق قىلساق بولمىغۇدەك، ياخشىسى تامغا ئىككى پارچە ياغاچ قېقىپ، رامكىنى شۇنىڭغا ئاسايلى، — دەپتۇ.

بۇ ئادەم قوشنىسىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياغاچ ئىزدىشىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ياغاچ تېپىلىپتۇ. ئۇ ئەمدى مىخلاي دېيىشىگە، قوشنىسى:

— توختاپ تۇرۇڭ، بۇ ياغاچ بىر ئاز چوڭكەن، ياخشىسى بىر ئاز ھەرىدىۋېتەيلى، — دەپ ھەرە ئىزدەشكە چۈشۈپتۇ. ھەرىنى تېپىپ كېلىپ، ھەرىدە ـ ھەرىدىمەيلا:

— بولمىدى، ھەرە بەك گالكەن، بىلمىسە بولمىغۇدەك، — دەپتۇ ھەمدە ئۆيىدىن ئېكەكنى ئېلىپ چىقىپ، ئېكەكنىڭ سىپى يوقلۇقىنى بايقاپتۇ. ئېكەككە ساپ بېكىتىش ئۈچۈن ئۇ يەنە مەكتەپنىڭ چېتىدىكى چاتقاللىقتا كىرىپ دەرەخ ئىزدەپتۇ. ئۇ دەرەخنى كەسمەكچى بولغاندا، پالتىنىڭ داتلىشىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بىلەي تېپىپ كەپتۇ. بىراق بىلەينى توختىتىش ئۈچۈن نەچچە تال ياغاچ تېپىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر ياغاچچىنىڭ ئۆيىدە تەييار ياغاچ بار دەپ، شۇنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. رەسىمنىڭ ئىگىسى رەسىمنىڭ ئىككى تەرەپىگە بىردىن مىخ قېقىپ تامغا ئېسىپتۇ. چۈشتىن كېيىن، بۇ ئادەم ھېلىقى قوشنىسىنى كوچىدا كۆرۈپتۇ. قارىسا ئۇ ياغاچچىغا ياردەملىشىپ بەش خىل مېتال ماگىزىنىدىن سىرتقا بىر توك ھەرىسىنى يۆتكىشىپ بېرىۋاتقۇدەك.

تۇرمۇش ۋە خىزمەت داۋامىدا بىز ھەم مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نۇقتىسىغا قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئالدىراشتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## بار بىلەن يوقنىڭ پەرقى

بىر بالا دادىسىدىن ئىنتايىن تەس بىر سوئالنى سوراپتۇ:

— دادا، مەن كىم؟ ئىچىمدە نېمە بار؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش تولىمۇ قىيىن بولغاچقا، ئۇنىڭ دادىسى باشقا بىر خىل ئۇسۇل بىلەن بۇ مەسىلىنى بالىغا چۈشەندۇرمەكچى بولۇپ:

— سەن دەرەخكە چىقىپ بىر تال مېۋە ئۈزۈپ چۈشكىن، — دەپتۇ.

بالا يۇگۇرۇپ بېرىپ دەرەختىن بىر تال مېۋە ئۈزۈپ چۇشۇپتۇ.
دادىسى:
— ئۇنى كېسىپ ئىچىدە نېمە بارلىقىغا قاراپ باق، — دەپتۇ.
بالىسى:
— بىرمۇنچە كىچىك ئۇرۇق باركەن، — دەپتۇ.
دادىسى:
— ئەمدى بىر تال ئۇرۇقنى تاللاپ كېسىپ، قاراپ باققىن، ئىـ-
چىدە نېمە باركىن، — دەپتىكەن، بالىسى:
— ھېچنېمە يوقكەن، — دەپتۇ.
دادىسى:
— ماۋۇ چوڭ دەرەخ مۇشۇ يەردىن ئۈسۈپ چىققان. ئۇ دەل ئـا-
شۇ «يوق»نىڭ ئىچىدىن پەيدا بولغان. سەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، —
دەپتۇ.
ئۇ بالا دادىسىنىڭ گېپىنى ئويلاشقا باشلاپتۇ. نەچچە كۈندىن
كېيىن، ئۇ دادىسىدىن يەنە سوراپتۇ:
— «يوق» قانداقسىگە باشقا ماددىلار بىلەن بىرلىشىدۇ؟
بۇ بالا بەك ئەقىللىك ئىكەن، دادىسىنىڭ ئۇنى ئالدىغۇسى كەل-
مەپتۇ. بىراق بۇنداق مۇرەككەپ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب
بەرگۈلۈك؟

## قەيەرگە كەتتى

ئۇچ سىياسىيون ئۆلگەندىن كېيىن تەڭلا جەننەتكە كىرىپتۇ.
ئۇلارنىڭ بىرى ئىنگلىز، بىرى نېمىس، يەنە بىرى ھىندى ئىكەن.
ئۇلار جەننەتكە كەلگەندە، سانت پېتىر ئىنگلىزدىن:
— كەسپىي ھاياتىڭدا قانچە قېتىم يالغان سۆزلىدىڭ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

ئىنگلىز 12 قېتىم يالغان سۆزلىگەنلىكىگە ئىقرار بوپتىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتنى ئايلىنىپ 12 قېتىم يۈگۈرۈش جازاسىنى بېرىپتۇ. ئارقىدىن بۇ سوئالنى نېمىس سىياسىيوندىن سوراپتىكەن، ئۇ 20 قېتىم يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا جەننەتنى 20 قېتىم ئايلىنىپ يۈگۈرۈش جازاسى بېرىلىپتۇ. سانت پېتىر بۇ سوئالنى ھېلىقى ھىندىدىن سوراي دەپ ئۆرۈلۈپ قارىسا، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇڭا، ئۇ يېنىدىكى پەرىشتىدىن:

— ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتىكەن، پەرىشتە:

— ھە، ئۇ قايتىپ بېرىپ ۋېلىسىپىت ئەكەلگىلى كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بېلىقنىڭ خۇشاللىقى

بىركۈنى جۇاڭ جۇۋ بىلەن خۇي شى دەريا بويىغا سەيلىگە چىقىپتۇ. ئۇلار كۆۋرۈك ئۇستىدە كېتىۋېتىپ:

— قارىڭە، بۇ بېلىقلارنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا ئەركىن ئۈزۈپ ئويناشلىرىغا! بۇ دەل بېلىقلارنىڭ خۇشاللىقى - دە، — دەپتىكەن، خۇي شى:

— سىز بېلىق بولمىسىڭىز، بېلىقلارنىڭ خۇشاللىقىنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا جۇاڭ جۇۋ:

— سىز مەن بولمىسىڭىز، مېنىڭ بېلىقنىڭ خۇشاللىقىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ.

## قايسى پۇتىنى ئالدىدا يۆتكەيدۇ؟

بىركۈنى سەكسەنپۇت يۇزلىگەن ئىنچىكە پۇتلىرى بىلەن ئۆمىلەپ كېتىۋاتسا، پەيلاسوپ پاقىنىڭ ئۇنىڭ ئۆمىلىشىگە كۆزى چۈ-

شۇپ، سەكسەنپۇتنىڭ يول مېڭىشىنى ئۇزاق كۆزىتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «تۆت پۇت بىلەن مېڭىشمۇ خېلىلا تەس ئىش تۇرسا، سەكسەنپۇت يۈزلىگەن پۇتلىرى بىلەن قانداق ماڭىدىغاندۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىكەن! ئۇ ئالدى بىلەن قايسى پۇتىنى، ئاندىن قايسى پۇتىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايسى پۇتىنى يۆتكەيدىغانلىقىنى قانداق قارار قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ تېڭىرقاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاقا سەكسەنپۇتنى توسۇپ سوراپتۇ:

— مەن بىر پەيلاسوپ، ئەمما بۇ پۇتلىرىڭ مېنى قايمۇقتۇرۇپلا قويدى. سەن بۇنچىۋالا كۆپ پۇت بىلەن قانداق ماڭىسەن؟ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشقۇ بۇ!

سەكسەنپۇت ئۇنىڭغا:

— مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق مېڭىپ كېتىۋاتىمەن، بۇنداق ئىشنى كىم ئويلاپ يۈرىدۇ دەيسەن! مەن ئوبدانراق ئويلىنىپ ئاندىن ساڭا جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەكسەنپۇت راستتىنلا بۇ ھەقتە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. دېمىسىمۇ پاقىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئالدى بىلەن قايسى پۇتنى يۆتكەش كېرەك؟ سەكسەنپۇت مۇشۇنى ئويلاپ ئۆرە بولۇپ ئالدىغا ماڭماقچى بوپتىكەن، ئازراقمۇ مىدىرلىيالماپتۇ. نەچچە قەدەم مېڭىپلا يېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاقىغا:

— سەن ئەمدى باشقا سەكسەنپۇتلاردىن ھەرگىز بۇ سوئالنى سورىمىغىن، مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق مېڭىپ كېلىۋاتاتتىم، ھېچبىر چاتاق چىقىپ باقمىغانتى، سەن مېنى تۈگەشتۈردۈڭ! مەن ھازىر يول مېڭىشقا ئىلاجسىز قالدىم. مېنىڭ مۇشۇنچىۋالا پۇتۇم ئالدى ـ كەينىگە مىدىرلايدىغان تۇرسا، مەن قايسى پۇتۇمنى يۆتكىشىم كېرەكلىكىنى قانداق ئويلاپ بولالايمەن؟ — دەپتۇ.

## مەن ھازىرلا كېلىمەن

ئۈچ ئايال ئۆلگەندىن كېيىن بىرلىكتە جەننەتنىڭ مەرۋايىت دەرۋازىسىغا كەپتۇ. سانت پېتىر ئۇلارنى شۇ يەردە قوبۇل قىپتۇ.
— سەن پانىي دۇنيادا ئۆز جىسمىڭنى يات جىنستىن خالىي تۇ-تالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرىنچى ئايالدىن.
— مۇتلەق خالىي تۇتقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.
— ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا مانا بۇ جەننەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئالغىن، — دەپتۇ سانت پېتىر ئۇنىڭغا. ئاندىن ئۇ ئىككىنچى ئايالغا بۇرۇلۇپ:
— ئۇنداقتا، سەنچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى ئايال دۇدۇقلاپ:
— مەن مۇتلەق خالىي تۇتالمىدىم، — دەپتۇ. سانت پېتىر:
— ياخشى، ئۇنداقتا بۇ جەھەننەمنىڭ كۈمۈش ئاچقۇچىنى ئال-غىن، — دەپتۇ.
ئۈچىنچى ئايالدىن:
— سەنچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ ئايال:
— مەن دېگەن سىز بىلىدىغان، بەزىلىرىنى ھەتتا خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قى-لىپ باققان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قورقماستىن.
سانت پېتىر ئۇنىڭغا:
— ۋاھ، قالتىسكەنسەن! بۇ مېنىڭ ھۇجرامنىڭ ئاچقۇچى، مەن ھېلىلا كېلىمەن، — دەپتۇ.

## غايە ۋە رېئاللىق

ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئىككى ئادەمگە بىر بېلىقچى

ئۇچراپ، ئۇلارغا ئۈچ ئاغرىتىپ بىر قارماق بىلەن بىر سىۋەت بېلىق بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قارماقنى، يەنە بىرى بېلىقنى ئاپتۇ. بېلىقنى ئالغان ئادەم شۇ جايدىلا ئوت قالاپ بېلىقنى بىر ياقتىن پىشۇرۇپتۇ، بىر ياقتىن چايىنىماي يۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنىلا ئاچلىقتىن بېلىق سىۋىتىنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. قارماقنى ئالغان ئادەم بولسا، ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدىنى قاقشىتىۋاتقان دەھشەتلىك ئېچىرقاشقا داۋاملىق چىداپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن دېڭىز تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمما، يىراقتىن كۆپكۆك دېڭىز غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا بولالماي يىقىلىپتۇ. ئۇ قولغا كېلەي دېگەن ئامەتكە قاراپ، ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەن يەنە باشقا ئىككى ئادەممۇ ئوخشاشلا بېلىقچىنىڭ ساخاۋىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئەمما، ئۇلار ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە ماڭماي، بىرلىكتە دېڭىزنى ئىزدەپتۇ. بېلىقنى نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ، ئاز ـ ئازدىن يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ دېڭىز بويىغا كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىيلەن بېلىق تۇتۇپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆي سېلىپ، خوتۇن ـ بالىلىق بوپتۇ. ئۆزلىرى بېلىق كېمىسى ياساپ، بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بىر ئادەم كۆز ئالدىدىكى پايدىنىلا كۆزلىسە، ئېرىشىدىغىنى ۋاقىتلىق خۇشاللىق بولىدۇ. ئادەمنىڭ غايىسى ھەرقانچە ئۇلۇغۋار بولسىمۇ، لېكىن رېئاللىققا باقمىسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. پەقەت غايە بىلەن رېئاللىقنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

## ھەمراھ تاللاش

بىركۈنى سوقراتنىڭ ئۈچ شاگىرتى قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى، كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھ تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

مەسلىھەت ئالغىلى كەپتۇ. سوقرات شاگىرتلىرىنىڭ سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي:

— سىلەر بۇغدايلىققا كىرىپ ئالدىڭلارغا قاراپ ماڭغاچ ئەڭ ياخشى، ئەڭ چوڭ بۇغداي باشقىدىن بىرنى تاللاڭلار. سىلەرگە پەقەت بىرلا قېتىم تاللاش پۇرسىتى بار، — دەپتۇ.

بىرىنچى شاگىرتى بۇغدايلىققا كىرىپ، ماڭا - ماڭمايلا چوڭ ھەم چىرايلىق بىر تال باشاقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ دەرھال شۇنى ئۈزۈپتۇ. ئەمما ئۇ بۇغدايلىقنىڭ ئۇ چېتىگە بارغۇچە ئۆزى ئۈزگەندىنمۇ ياخشى ھەم چوڭ باشاقلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىدىن ھەسرەتلىنىپتۇ.

ئىككىنچى شاگىرتى بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، ھەر قېتىم كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن باشاقنى ئۈزىدىغان چاغدا، ئۆزىنى ئارقىسىدا تېخىمۇ ياخشىسى بار دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق مېڭىپ ئۆزىمۇ تۇيمايلا ئاخىرقى نۇقتىغا كېلىپ قاپتۇ ھەم پۇرسىتىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئۈچىنچى شاگىرتى ئالدىنقى ئىككىيلەندىن ساۋاق ئاپتۇ. ئۇ مۇساپىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى مېڭىپ، باشاقلارنى چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىپتۇ. يەنە ئۈچتىن بىرىدە ھۆكۈمىنىڭ خاتا - توغرىلىقىنى دەلىللەپتۇ. ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە چوڭغا تەۋە بىر تال باشاقنى تاللاپتۇ، گەرچە ئۇ ئۆزى تاللىغان باشاقنى چوقۇم ئەڭ چوڭ، ئەڭ چىرايلىقى دەپ مۇتلەقلەشتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن رازىمەنلىك بىلەن پۈتۈن مۇساپىنى بېسىپ تۈگىتىپتۇ.

## ئوتتۇرىچە قىممەت

بىر پادىشاھنىڭ ھەممە يېرىگە ئالماستىن كۆز قويۇلغان بىر كارىۋىتى بار ئىكەن. پادىشاھ ئوردىغا كەلگەن بارلىق مېھمانلارنى

مۇشۇ كارىۋاتتا كۇتۇۋالىدىكەن. لېكىن، مېھمان چوقۇم كارىۋاتقا دەل كېلىشى كېرەك ئىكەن، دەل كەلمىسە كارىۋاتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا ئاساسەن كېسىلىدىكەن ياكى سوزۇلىدىكەن. چۈنكى بۇ كارىۋات بىباھا گۆھەر بولغاچقا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىكەن. خۇددى كارىۋات ئادەم ئۈچۈن ياسالماي، ئادەم كارىۋات ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك.

ئەمەلىيەتتە، تەييار كارىۋاتتا دەل كېلىدىغان ئادەمنى تېپىش تولىمۇ قىيىن، ھەتتا بۇنىڭ ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك. چۈنكى ئوتتۇرىچە ئۆلچەملىك ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ بىر قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت، خالاس.

ھالبۇكى، بۇ كارىۋات دەل شۇنداق ئوتتۇرىچە ئۆلچەملىك ئادەملەر ئۈچۈن ياسالغانىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر ماتېماتىك بولۇپ، ئۇ بارلىق ئادەملەرنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەپ، بىر ئوتتۇرىچە قىممەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ كارىۋاتنى ياساتقانىكەن. بىر دۆلەت دېگەندە ياشلارمۇ، قېرىلارمۇ، كىچىك بالىلارمۇ، پاپىلارمۇ، گىگانت ئادەملەرمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرىچە قىممەت ئادەملەرنىڭ تەبىئىي ھالىتىگە تامامەن ماس كېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا پۈتۈن دۆلەتتە ئوتتۇرىچە قىممەتكە ماس كېلىدىغان بىرمۇ ئادەم تېپىلمايدۇ.

شۇڭلاشقا، مەيلى كىم بولسۇن پادىشاھقا مېھمان بولسىلا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايدىكەن. ئەگەر بۇ كارىۋاتتىن قىسقا بولسا، پادىشاھ ئۇنى كارىۋات بىلەن ئوخشاش قىلىپ سوزىدىكەن. مۇشۇنداق قىلىپ پادىشاھقا مېھمان بولغانلىكى كىشى ئۆلۈپتۇ. لېكىن بۇ پادىشاھنىڭ خاتالىقى ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئۇ قانداق ئىش قىلىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ياخشى مەقسەت بىلەن قىلىدىكەن.

سىز كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن مۇقىم بىر خىل پوزىتسىيە بەلگىلىۋالسىڭىز ھاياتلىقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن چەتلەپ كېتىسىز. چۈنكى، ھاياتلىق چەكسىز بولىدۇ.

# ئاتالمىش شەرھى

بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، تويۇقسىز قىزى ساقسىز بولۇپ قالغاچقا، ئۇ كۆنبويى قىزىدىن ئەنسىرەپ غەم ـ ئەندىشىدىلا يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىرى ئۇنىڭدىن نېمە غېمى بارلىقىنى سوراپتىكەن، ئۇ:

ــ قىزىمنىڭ كۆندە ئويغانغاندا كۆڭلى ئېلىشىدۇ. خېلى ئۇس. تا تېۋىپلارغىمۇ كۆرسىتىپ باقتىم، ھەممىسى كۆرۈپ چوڭ چاتاق يوقكەن دەيدۇ، قانداق قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا:

ــ سىز نېمىشقا نەسرىدىن ئەپەندىنى ئىزدەپ باقمايسىز؟ ئۇ بۇ يەردىكى ئەڭ ئەقىللىك ئادەم، ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوق. ئۇ ئالدىغا بارغان ھېچقانداق ئادەمنى ئۇمىدسىز قويمايدۇ، ــ دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ قېشىغا بېرىپ قىزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان نەسرىدىن ئەپەندى كۆزىنى يۇمۇپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ:

ــ سىز كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا سۈت ئىچۈرگەندى. مۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم:

ــ ھەئە، ئىچۈرگەن، ئەمما بۇنىڭ قىزىمنىڭ كېسىلى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ــ دەپتۇ.

ــ ھەببەللى! مەسىلە دەل مانا مۇشۇ يەردە، ئەمدى قىزىڭىزنىڭ كېسىلىنىڭ سەۋەبى ئايدىڭلاشتى، ــ دەپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندى ھېلىقى كىشىگە، ــ سىز كىچىك بالىغا سۈت بەرسىڭىز، كېچىچە

ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا ئۆرۈلۈپ ياتقاچقا، قاتتىق قوچۇلۇش نەتىجىسىدە سۈت قېتىقا، قېتىق ئىرىمچىككە، ئىرىمچىك قايماق-قا، قايماق مايغا، ماي قەنتكە، قەنت ئىسپىرتقا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىقىز ئەتىگەندە ئويغانغاندا بېشى ئاغرىپ، كۆڭلى ئې-لىشىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ دۇنيادا چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ئىشقىمۇ، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئىشقىمۇ بىر ئاتالمىش چۈشەنچە تاپقىلى بولىدۇ. بىل-مەيدىغان ئىشنى يالغاندىن بىلىدىغان بولۇۋالساڭ، خۇددى تىنچلان-دۇرۇش دورىسى يەۋالغاندەك ئۇخلايسەن.

## خاتالىقىنى تونۇغان مەھبۇس

مەلۇم بىر تۈرمىگە بىرنەچچە جىنايىتى ئېغىر جىنايەتچى قاملىپتۇ.

بىركۈنى مەھبۇسلار رەسىملىك ژۇرنال كۆرگەچ پاراڭغا چۈ-شۈپتۇ. ئارىدىن بىرى ژۇرنالدىكى خىلمۇخىل زىبۇ - زىننەتلەر-نىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۇھ تارتىپ:

— ئاپام مۇشۇ زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىيالىغان بولسا قانداق خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى، — دەپتۇ.

يەنە بىر مەھبۇس چىرايلىق بىر ئۆينىڭ رەسىمىگە قاراپ:

— ئەگەر ئاپام مۇشۇنداق بىر چىرايلىق ئۆيدە ئولتۇرالىغان بولسا قانچە ياخشى بولار ئىدى - ھە! — دەپتۇ.

ئۈچىنچى مەھبۇس:

— ئەگەر ئاپامنىڭ مۇشۇنداق بىر ماشىنىسى بولغان بولسا پات - پات كېلىپ مېنى يوقلاپ كەتمەمتى، — دەپتۇ.

ژۇرنال ئەڭ ئاخىردا بىر مەھبۇسنىڭ قولىغا تېگىپتىكەن، ئۇ ژۇرنالنى تۇتۇپ ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ،

ئاندىن يىغلاپ تۇرۇپ:

ـــ ئاپامنىڭ بىر ياخشى ئوغلى بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ـــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ئەڭ ئاخىرقى گۆھەر

بىر كىشى دەريادىن گۆھەر ئىزدەپتۇ. بىرەر تالمۇ گۆھەر تاپالمىغاننى ئاز دەپ، قاتتىق چارچاشتىن پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ چىمىلدەپ ئاغرىپ، ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالاي دەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ دەريا ياقىسىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ ھەمراھىغا:

ـــ قارا، مەن توققۇز يۈز توقسان توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسان توققۇز تال تاش تېرىپتىمەن. بىراق، بىرەر تالمۇ گۆھەر تاپالمىدىم. ئەمدى بولدى قىلايمىكىن دەيمەن، ـــ دەپتۇ.

ئۇنىڭ ھەمراھى چاقچاق قىلىپ:

ـــ ئەڭ ياخشىسى تاشتىن يەنە بىرنى تېرىپ بىر مىليونلا قىلىۋەتمەمسەن، ـــ دەپتۇ، ئۇ ھارغانلىقتىن كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ قولىنى سوزۇپلا يېنىدىكى بىر دۆۋە تاشنىڭ ئارىسىدىن بىر تالنى ئالغاچ:

ـــ بولدى، بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى، ـــ دەپتۇ.

ئۇ تاشنى تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ تاشنىڭ ئادەتتىكى تاشتىن ئېغىرلىقىنى سېزىپتۇ ھەم كۆزىنى ئېچىپ تاشقا قاراپلا ھەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا تۇرغىنى بىر دانە بىباھا گۆھەر ئىكەن.

## مەززىلىك بېلىق

بىر قېرى بېلىقچىنىڭ سودىسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ھەم-

مە ئادەم ئۆزىنىڭ بېلىقلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى دەپ ئۆزىنىڭ بېلىقلىرىنى سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. باشقا كەسىپداشلىرى ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ئوخشاش يەردىن ئوخشاش بېلىق تۇتىدىكەن، ھەتتا بېلىق قاچىلانغان قاچىدىكى سۇمۇ بىر يەرنىڭ سۈيى ئىكەن. گەرچە بېلىق، سۇ ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما خېرىدارلار يەنىلا ئاشۇ قېرى بېلىقچىنىڭ بېلىقىنىڭ تەمىنى ئەڭ ياخشى، دەيدىكەن.

ئۇ قېرى بېلىقچى بىركۈنى يىراق بىر يەرگە كېتىپتىكەن، باشقا بېلىقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ بېلىق قاچىلايدىغان قاچىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ بېلىقلىرىنىڭ تېز سېتىلىشىدىكى سىرنى تېپىپ چىقىش قارارىغا كەپتۇ.

ئۇلار ئوغرىلىقچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىلىپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە شۇنچە قاراپمۇ ھېچبىر سىرنى تاپالماي ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى پەقەت بېلىق قاچىسىدا بىر يوغان بېلىقنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرگىنى بوپتۇ.

ئاخىر ئاردىن بىرەيلەن ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىپتۇ. ئەسلىدە چوڭ بېلىق ئۇياقتىن - بۇياققا سوقۇپ يۈرۈپ، باشقا بېلىقلارغا قىلچە ئارام بەرمىگەچكە، ئۇلارمۇ قاچىدا توختىماستىن ئۈزۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە بېلىق گۆشىنىڭ تەممۇ تەبىئىي ھالدا ياخشىلانغانىكەن.

## چوڭ بوغما يىلان ۋە يىلپىز

بىر ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا بىر چوڭ بوغما يىلان بىلەن بىر يىلپىز تەڭلا بىر بۆكەنگە كۆزىنى تىكىپتۇ. يىلپىز بىلەن چوڭ بوغما يىلان بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ، كۆڭلىدە چوت سوقۇپتۇ. يىلپىز ئەگەر بۇ بۆكەنگە ئېرىشەلمەيدىكەنمەن، چوقۇم ئالدى بىلەن چوڭ بوغما يىلاننى يوقىتىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ.

چوڭ بوغما يىلانمۇ، ئەگەر بۇ بۆكەنگە ئېرىشسەمەن، دەيدىكەنمەن، چوقۇم ئالدى بىلەن يىلپىزنى يوقىتىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەڭلا بىر ـ بىرىگە ئېتىلىپتۇ. يىلـ ـپىز چوڭ بوغما يىلاننىڭ گەجگىسىدىن چىشلەپ تۇرۇپ، ئەگەر مەن كۆچەپ چىشلىمىسەم، ئۇ مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. چوڭ بوغما يىلان يىلپىزنى بوغۇپ تۇرۇپ، ئەگەر مەن كۆچەپ بوغمىسام، يىلپىز مېنى چىشلەپ ئۆلتۈرىدۇ، دەپ ئويلاپـ ـتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى كۆچىنىڭ بارىچە تىركىشىپتۇ. نەتىجىدە بۆكەن بىمالال يولىغا راۋان بوپتۇ. يىلپىز بىلەن چوڭ بوغما يىلان تەڭلا يەرگە يىقىلىپتۇ.

ئۇۋچى بۇ بىر مەيدان ئېلىشىشنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەسرەتـ ـلەنگەن ھالدا:

ــ ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئېتىلماي، تەڭلا ئۇۋغا ئېتىلىپ ئۇۋنى بۆلۈشكەن بولسا، ياكى ھەر ئىككىسى ئۇۋدىن ۋاز كەچكەن بولسا ۋە ياكى ئىككىسىنىڭ بىرسى ئۇۋدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئىش چىگىغا چىققاندا بىر ـ بىرىنى قويۇۋەتكەن بولسىمۇ ھەر ئىككىسى ھايات قالاتتى. ئۇلارنىڭ تىراگېدىيەسى قارشى تەرەپكە يول قويۇشنى بىلمەي، سەن نىمە بولساڭ، بول، مەن ئۆزۈملا يا ـ شىسام بولدى، دېگەن قاراشنى ياشاش ئۇسۇلى قىلىۋالغانلىـ ـقىدا، ــ دەپتۇ.

# جاھىل قىسقۇچپاقا

توشقان، تاشپاقا، پاقا، قىسقۇچپاقا، چۈمۈلە قاتارلىق بىر توپ كىچىك جانىۋارلار بىللە ئويناپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇلار بارماقچى بولغان جاينىڭ ئۇدۇلىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ناھايىتى گۈزەل بىر چىمەنزار بار ئىكەن. پاقا كانىيىنى كېرىپ:

ــ يۇرۇڭلار، ــ دەپ تۇۋلىشى بىلەنلا كۆپچىلىك دەرھال ھەرىكەتلىنىپتۇ.

پاقا «ئالغا» دېگىنىچە سەكرەپتۇ، توشقان ۋىلىقلاپ كۆلگىنىچە يۈگۈرۈپتۇ، تاشپاقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۆمىلەپتۇ. چۈمۈلە ئۇلارنى جان تىكىپ قوغلاپتۇ...

— ھەي، سىلەر ئىزىپ قالدىڭلارمۇ، قاياققا مېڭىۋاتىسىلەر؟ — دېگەن غاراڭ - غاراڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ئارقىدىن. كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا، قىسقۇچپاقا بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن باشقا بىر تەرەپكە قاراپ توغرىسىغا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقۇدەك. پاقا ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— قىسقۇچپاقا ئاكا، يۆنىلىش خاتا بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئارقىمىزدىن مېڭىڭ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. قىسقۇچپاقا:

— ئىشىڭنى قىل، سىلەر قارىغۇ بولۇپ قاپسىلەر، ماڭا ئەگەشسەڭلار توغرا بولىدۇ، — دەپ كايىپتۇ.

كۆپچىلىك ھەرقانچە تووۋلىسىمۇ، قىسقۇچپاقا ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە توغرىسىغا جىددىي ئۆمىلەپتۇ. كۆپچىلىك ئامالسىز ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ. قىسقۇچپاقا ئاچچىقىدا ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ كۆزۈم ئىزچىل ئاشۇ گۈللۈككە تىكىلىپ تۇرسا، ماڭغان يولۇم قانداق خاتا بولىدۇ؟ ئۇلار سۆزۈمنى ئاڭلىماي، ئۆزى بىلگەننى قىلدى، مېنى چەتكە قاقتى، بۇ پۈتۈنلەي كۆرەلمەسلىكتىن بولۇۋاتقان ئىشلار. ئۇلار مېنىڭ پۇت - قوللىرىمنىڭ كۆپلۈكىگە چىدىماي شۇنداق قىلىۋاتقان گەپ، — دەپ قايناپتۇ.

بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇت - قولى قانچە كۆپ، يۈگۈرۈشى قانچە تېز بولغانسېرى، مەنزىلىدىن شۇنچە يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سەزمەپتۇ.

ئادەم باشقىلارنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلماي، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلسا، يالغۇز قالىدۇ. قانچە ئىقتىدارلىق بولغانسېرى ئۆتكۈزىدىغان خاتالىقىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

# بىلىقچىنىڭ ئوغلى

بىر كەنتتە ناھايىتى ئۇستا بىر بېلىقچى بولۇپ، باشقا بېلىق-چىلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ «بېلىقچىلار شاھى» دەپ ئاتايدىكەن. ئەمما بۇ «بېلىقچىلار شاھى» ياشانغانسېرى تولا قايغۇرىدىغان بولۇپ قاپ-تۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى تارتماپتۇ. ئۇ كىشىلەرگە دائىم:

— توۋا دەيمەن، بېلىق تۇتۇشتا ھېچكىم مېنى بېسىپ چۈشەل-مەيدۇ، لېكىن نېمىشقا ئوغۇللىرىمنىڭ بىرسىمۇ مېنى دورىمايدى-غاندۇ؟ ئۇلار ئېسىنى بىلگۈدەك بولغاندىن باشلاپلا مەن ئۇلارغا بې-لىق تۇتۇش ماھارىتىمنى ئۆگەتتىم. تورنى قانداق توقۇسا پۇختا بولىدۇ، كېمىنى قانداق ھەيدىسە بېلىقلار ئۈركۈپ كەتمەيدۇ، تورنى قانداق تاشلىسا بېلىق تورغا ئاسان چۈشىدۇ، دېگەندەك ئەڭ ئەقەل-لىي ساۋاتلاردىن باشلاپ ئۆگەتتىم. ئۇلار چوڭ بولغاندا، مەن يەنە تاشقىننى تونۇش، بېلىق ئوۋلاش مەۋسۇمىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش دېگەندەك بىر ئۆمۈر يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىمنى ئۇلارغا تولۇق ئۆگەتتىم. بىراق ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇش ماھارىتى ئادەتتىكى بې-لىقچىلارنىڭ ئوغلىنىڭ ماھارىتىگىمۇ يەتمەيدۇ، — دەپ ۋايساپ يۈرىدىكەن.

بىركۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچى ئۇنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ:

— سىز ئۇلارغا قولمۇقول ئۆگەتكەنمىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، ئۇلارنى ماھارەتنى پۇختا ئىگىلىسۇن دەپ، ھەمىشە ئۆزۈم بىللە ئېلىپ يۈرۈپ سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇلار دېڭىزغا دائىم سىز بىلەن بىللە چىقامدۇ؟ — يەنە سوراپتۇ يولۇچى.

— ھەئە، ئۇلارنى ئەگرى يولنى ئاز ماڭسۇن دەپ، ئۆزۈمگە ئەگەشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۆگىتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي. شۇ چاغدىلا يولۇچى ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ:

— مانا ئەمدى سىزنىڭ قايسى جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغىنىڭىز ئېنىق بولدى. سىز ئۇلارغا ماھارەت ئۆگىتىشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوقۇشسىزلىقنىڭ، ئاچچىق ساۋاقنىڭ تەمىنى تېتىتىش پۇرسىتىنى بەرمەپسىز. بىر ئادەمنىڭ كامالەتكە يېتىشىدە ئوقۇشسىزلىقمۇ بىلىم ۋە ماھارەتكە ئوخشاشلا مۇھىم، — دەپتۇ.

## بىپەرۋا ئادەم

بىر ياغاچچى ئورمانلىقتىن يوغان بىر تۈپ دەرەخنى كېسىپ ئەكېلىپ ئۆيىگە لىم قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇ دەرەخنى سۆرەپ ئۆيىگە ئەكېلىپلا ھەرىدەشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا بەك كۆپ ھەرىدۋېتىپ قىسقا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئامالسىز ئىشىككە كېشەك قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پالتىنى ئېلىپ چېپىشقا باشلاپتۇ، بىر چاغدا قارىسا ھېلىقى ياغاچ نېپىز چېپىلىپ قالغانلىقتىن، پەقەت ئەپكەش ياسىغىلى بولغۇدەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى ياغاچچى ئەپكەش ياسىماقچى بولۇپ، رەندىنى ئېلىپ رەندىلەپتۇ. رەندىلەۋېرىپ ئاخىر قولىدا قالغان ياغاچ بىلەن پەقەت پىچاققا ساپ ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ھەمدە پىچاقنى ئېلىپ قىرىشقا باشلاپتۇ. قىرىپ ئۇچلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى ياغاچ ئىنچىكە بولۇپ قېلىپ، چىش كولىغۇچقا لايىق بولۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھارغانلىقتىن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپتۇ ۋە چىش كولىغۇچنى ئاغزىغا سېلىپ شورىغاچ ئولتۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز چىرىس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىش كولىغۇچ سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

# ئالدىغا ۋە كەينىگە

بۆرە يولدا بىر قوينى ئۇچرىتىپ:

— مەن سىنى يەيمەن، — دەپتىكەن، قوي:

— بۆرە ئەپەندىم، مىنى يېسىڭىزغۇ بەك خۇشال بولاتتىم، مەن ئادەتتىكى قويلاردىن ئەمەس، ئادەتتە كالىمۇ ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ، — دەپتۇ. بۆرە بۇ گەپكە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ شۇنداقتىمۇ بىر كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر بۇقىنى تېپىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنى بىر ئۆيگە سولاپ سوقۇشقا ساپتۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى، سوقۇشۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىشىكتىن مەغرۇر قەدەم بىلەن مېڭىپ چىققىنى ئېگىز ھەم سېمىز بۇقا بولماستىن، ھېلىقى پاكار، ۋىجىك قوي بوپتۇ. بۇقا بولسا ئىشىكتىن چىققۇدەك ماجالى يوق، مۈڭگۈزى سۇنۇق، بېشى قان ھالەتتە يەردە يېتىپتۇ. بۆرە ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سوراپتىكەن، بۇقا:

— مەن ھەر قېتىم كۈچۈمنى يىغىپ قويغا ئېتىلسام، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغاچقا، بىرنەچچە قېتىم تاش تامغا ئۇسۇۋالدىم. قوينى ئۇسەلمەي تامغا ئۇسۇپ جىلە بولۇپ، تېخىمۇ كۈچەپ ئېتىلدىم. تامغا قانچە كۆپ ئۇسكەنسېرى شۇنچە چارچىدىم. ئۇ بولسا قاچقانسېرى چاققانلىشىپ، ئەپچىللىشىپ كەتتى ۋە كۆرەڭلەپ مېنى زاڭلىق قىلدى. ئۇنىڭ كۆرەڭلىكى غەزىپىمنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ، ئاخىردا مانا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، — دەپ بۆرىگە ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قارا، ماۋۇ قوينىڭ مەككارلىقىنى، ئۇ ئەسلىدە چېكىنىشتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلغانىكەن - دە، ئۇنى ھازىرلا تۇتۇۋېلىپ يەۋەتمەيدىغان بولسام!

بۆرە ئۆيدىن چىقىپ قوينى ئىزدەپتۇ. ئەمما، ئەقىللىك قوي

شۇ چاغقىچە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتىمۇ!

كىشىلىك ھايات يولىدا بەزىدە چېكىنىش ئەڭ ياخشى ھۇجۇم قىلىش بولۇپ قالىدۇ.

## يېرىم ئەديال

بىر كىشى توي قىلىپ بىر ئوغۇللۇق بوپتۇ. ئۇ ئوغلىغا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن، بىراق ياشىنىپ قالغان دادىسى بىلەن زادى خۇشى يوقكەن. چۈنكى، دادىسى يولىنىمۇ ئوڭشاپ ماڭالماي مۇدۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ يۈرىدىكەن. تاماق يېيىش، تاماكا چېكىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر ئامال قىلىپ دادىسىنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ، ئايالىغا:

— بوۋاي سىرتلارغا چىقىپ جاھان كۆرۈپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

ئايالى بوۋاينى كەتكۈزمەيلى دەپ ئېرىگە شۇنداق يالۋۇرسىمۇ قۇلاق سالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايالى ئامالسىز:

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا بىر ئەديال بېرىپ ماڭدۇرۇڭ، — دەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە دادىسىغا ئەديالنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدا:

— بولىدۇ، ئۇ ئەديالدىن بىرنى ئېلىپ كەتسۇن، — دەپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان ئوغلى تۇيۇقسىز:

— دادا، بوۋامغا بىر ئەديال بېرىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. يېرىمىنى بەرسەڭلار بولدى. قالغان يېرىمىنى ئوبدان ساقلاپ قوي، مەن چوڭ بولغاندا ئۇنى ساڭا بېرىپ، سېنى جاھان كۆرگىلى چىقىرىمەن، — دەپتۇ.

ئەمدىلا نەچچە ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ گەپ قىلىشى دادىسىنى قاتتىق چۆچۈتۈپتۇ ھەم تېزدىن ياشانغان ئاتىسىنى ياخشى كۈتۈپ-

تۇ. چۈنكى، ئۇ ئوغلىنىڭ سۆزىدىن ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلۈكتە كۆرىدىغان كۈننى پەرەز قىپتۇ.

## قەبرە

بىر قېتىم موللا نەسرىدىن دەپنە ئىشلىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ دىرېكتورغا قاتتىق رەنجىپ كېتىپتۇ:

— مېنىڭ ئايالىمنىڭ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغانلىقى ئېنىق تۇرسا، ئۇنىڭ قەبرىسىنى زادىلا تاپالمايۋاتىمەنغۇ!

دىرېكتور تىزىملىك دەپتىرىنى ئېلىپ:

— ئايالىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— موللا نەسرىدىن خانىم، — دەپتۇ.

دىرېكتور تىزىملىكنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ:

— موللا نەسرىدىن خانىم ئىسىملىك بىرى يوقكەن، لېكىن موللا نەسرىدىن ئىسىملىك بىر ئادەم باركەن، — دەپتۇ ۋە ئۇلاپلا،

— ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمىز، قارىغاندا خاتا تىزىملىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا نەسرىدىن ئەپەندى:

— ياق، ياق خاتا بولۇپ قالماپتۇ. دەل ئۆزى شۇ، ماڭا موللا نەسرىدىنىنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويساڭلارلا بولىدۇ. چۈنكى ئايالىمنىڭ بارلىقى مېنىڭ يادىمدا، — دەپتۇ.

## خۇشاللىق ئىزدەش

بىر كاتتا باي بار بولۇپ، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەرقانداقى ئۇنىڭدا بار ئىكەن. لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىكەن. ئۇ قانداقتۇر

بىر خۇشاللىقا — پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بىرەر
نەرسىدىن كېلىدىغان خۇشاللىقتەك بىر خىل تۇيغۇغا موھتاجلىـ
قىنى خىرە - شىرە ھېس قىلسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلمەيدىكەن. ئاخىر بۇ خىل بۇرۇقتۇرما ھالەت ئۇنىڭ چىشىغا
تېگىپ، بىساتىدىكى بارلىق پۇل - پۇچەك، ئالتۇن - كۈمۈش،
جاۋاھىرات دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ بىر خالتىغا سايتۇ - دە،
قىممىتى بار بىرەر ئىشنى تېپىپ بېرىپ، ئۆزىنى خۇشال قىلالايـ
دىغان كىشىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. شۇنداق ئادەمنى تاپالىسا، ئۇ ئا-
دەمگە بىر ئۆمۈر يىغقان مال - دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى بەرمەكچى
بوپتۇ. ئۇ كۆپ يول يۈرۈپتۇ، بىراق ھېچكىم ئۇنى خۇشال
قىلالماپتۇ.

بىركۈنى ئۇ مېڭىپ موللا نەسرىدىن تۇرۇشلۇق كەنتكە كېلىپ
قاپتۇ. بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

— موللا نەسرىدىن شەھەر سىرتىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈ-
ۋىدە ئولتۇرىدۇ. سىز شۇنى ئىزدەپ بېقىڭ، ئەگەر ئۇمۇ سىزگە
خۇشاللىق بەخش ئېتەلمىسە، نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ. جاھاننىڭ ئۇ
چېتىگە بارسىڭىزمۇ خۇشاللىقا ئېرىشەلمەيسىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلانغىنىچە
نەسرىدىن ئەپەندىمنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ ۋە كۈن ئولتۇراي دېگەندە
ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىدىن ئۇنى تېپىپ:

— مېنىڭ ئۆمۈر بويى تاپقان ۋەجىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خال-
تىنىڭ ئىچىدە، ئەگەر مېنى خۇشال قىلالىسىڭىز، بۇ سىزنىڭ بو-
لىدۇ، — دەپتۇ.

موللا نەسرىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى گەپ - سۆز قىلماي ئاڭلاپ
ئولتۇرۇپتۇ. بارا - بارا ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلاپ-
تۇ. بۇ چاغدا موللا نەسرىدىن ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى باينىڭ قولىدى-
كى خالتىنى ئېلىپلا قېچىپ كېتىپتۇ. باي يىغلاپ قاقشىغىنىچە
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. موللا نەسرىدىنگە كەنتنىڭ يەر شەك-

لى تونۇشلۇق بولغاچقا، باي ھەرقانچە قىلىپمۇ موللا نەسىرىدىننىڭ تاپالماپتۇ. ئۇ ئادەم موللا نەسىرىدىننى تاپالماي، ئىلىشىپ قالاي دەپتۇ. ئۇ توختىماستىن:

— مېنىڭ پۈتۈن بايلىقىمنى بۇلاپ كەتتى، ئەمدى مەن بىر قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالدىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ تىنماي يىغلاپتۇ، ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلاپتۇ.

نەسىرىدىن ئەپەندىم شۇ چاغدىلا ئاندىن ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە خالتىنى دەرەخنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋاپتۇ. دەرۋەقە ھېلىقى ئادەم ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ خالتىنى كۆرۈپ چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ، خۇشاللىقىدىن يىغلاپ تاشلاپتۇ. مۇشۇ چاغدا نەسىرىدىن ئەپەندىم دەرەخنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، سىز ھازىر خۇشالمۇ؟ — دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم:

— ھەئە، مەن ھازىر نېمىنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ.

## گالىستۇك

بىر ئادەم قۇملۇقتا يېرىم كۈندىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئۇسساپ، گېلى قۇرۇپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. ئۇ قۇملۇقتىن چىقاي دېگەندە بىر مال ساتقۇچىنى ئۇچرىتىپتۇ. مال ساتقۇچى ئۇنىڭغا بىر گالىستۇك سېتىۋېلىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئۇ:

— تولا گەپ قىلماي يولۇڭىزغا مېڭىڭە، ئۇسساپ كۆڭلىكىمنىمۇ يىرتىۋەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتسام، گالىستۇك سېتىۋېلىپ نېمە قىلاي، — دەپتۇ.

مال ساتقۇچى ئوڭايسىزلىنىپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ بىچارە ئادەم ئاخىر قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى بىر كىچىك بازاردىن بىر قاۋاقخانى-

نى تېپىپتۇ ھەم قاۋاقخانىغا كىرىپ بىرەر نەرسە ئىچمەكچى بولۇپ، ئىشىكتىكى مۇلازىمغا:

— ماڭا تېزراق بىرئاز ئۇسسۇلۇق بېرىڭ، — دەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ ئاۋازى چىقماي قالغىلى تاس قاپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن مۇلازىم ئەدەپ بىلەن:

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندىم، گالىستۇك تاقىمىغانلارنىڭ بۇ قاۋاقخانىغا كىرىشىگە بولمايدۇ، — دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

## چوڭ بېلىق ۋە كىچىك بېلىق

ئىككى ئادەم بىللە تاماق يەپتۇ. ئۇلار بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى تاللا بېلىق ئالغانىكەن. بىرى بېلىقنىڭ چوڭىنى ئاۋۋال يەۋاپتىكەن، يەنە بىرىنىڭ سەل قورسىقى كۆپۈپ:

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپتۇ رەنجىگەن ھالدا.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە بىرى.

— قاراپ تۇرۇپ چوڭىنى يەۋالدىڭىزغۇ، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم.

— ئەمىسە قانداق قىلاتتىڭىز؟

— مەن چوقۇم سىزدىن ئاشقاندا ئاندىن يەيتتىم.

بۇ چاغدا ئۇ ئادەم:

— ئۇنداقتا ياخشى، — دېگىنىچە يەنە بىر بېلىقنىمۇ يەۋېتىپتۇ.

## پىر - ئۇستازنىڭ ئۆي كۆچۈشى

بىر مەشھۇر ئۆلىما بىر كىچىك بازاردا ئۇزۇن يىل ياشاپتۇ. بىركۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا شاگىرتلىرىغا:

— بىز بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ بۇ ئۇشتۇمتۇت قارارىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي:

— نېمە ئىش بولدى، نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟ بىز بۇ بازاردا ھەر جەھەتتىن ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، تۇرمۇشىمىزمۇ خاتىرجەم، راھەت. شۇنداق تۇرسا نېمىشقا باشقا بىر بازارغا كۆچمىز؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

ئۇستاز:

— بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى بىلىپ كەتتى، نامىم ئۇزۇكسىز تارقىلىۋاتىدۇ، ئادەم نامى چىققاندا ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئادەملەر سېنىڭ ياخشى نامىڭنى تارقىتالىغاندەك، ساڭا تۆھمەتمۇ قىلالايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ماڭا تۆھمەت قىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ بازاردىن كېتىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

ياخشى ئاتاقنىڭ ھەرۋاقىت يامانغا ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بار؛ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىچىگىمۇ مەغلۇپ بولۇش خەۋپى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

## پوپنىڭ ئوغلى

بىر ئىگە - چاقىسىز ھامىلىدار ئايال دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. دوختۇر ئۇنى ئەكىرىپ قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغاندا، قېرىشقاندەك بالا تەتۈر كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئايال دوختۇرنىڭ ياردىمىدە ئوغلىنى ساق - سالامەت تۇغقان بولسىمۇ، ئۆزى ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇ دوختۇردىن بالىسىنى ئوبدانراق بىرىگە باققىلى بېرىۋېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دوختۇر بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئايال بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بۇ دوختۇرخانىغا بىر پوپ قورسىقىدىكى ئۆسمىنى ئالدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن، دوختۇر پوپنى ئالداپ:

— بىر بالا تۇغدىڭىز، — دەپتۇ.

— بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، — دېگىنىچە پوپ خۇشاللىق بىلەن ھەم بالىنى ئەكېتىپ بېقىپتۇ.

ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ بوۋاق چوڭ ئادەم بوپتۇ. بىر كۈنى پوپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئوغلىنى قېشىغا چاقىرىپتۇ ۋە:

— ئوغلۇم، مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، ئۇزاقتىن بېرى بىر ئىشنى سەندىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى دېمىسەم بولمىغۇدەك، ئەمەلىيەتتە مەن سېنىڭ داداڭ ئەمەس، بەلكى ئاپاڭ. سېنىڭ داداڭ قوشنا مەھەللىدىكى پوپ، — دەپتۇ.

## كۆچنىڭ مەنبەسى

بۇرۇن بىر تىلەمچى بالا بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ پىلى بالا تۇرۇشلۇق مەھەللىدىن ئۆتسىلا بالا پىلنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ، پىلنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويىدىكەن. بۇ ئەھۋال پادىشاھنى بەك ئوسال قىلىدىكەن. چۈنكى تىلەمچى بالا پىلنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋالسا، پۈتۈن بازاردىكى ئادەملەر كېلىپ تاماشا كۆرۈپ كۈلىشىدىكەن.

ئاخىر پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

— بۇ ئىشقا بىر ئامال تاپمىساق بولمىدى. نېمە خورلۇق بۇ، مەن ھازىر ئۇ مەھەللىدىن ئۆتۈشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ بالا بەك كۈچلۈككەن، ئۇ پىلنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالسىلا پىل مىدىرلىيالمايدىكەن. سىز بىر ئامال تېپىپ ئۇنى كۆچىدىن مەھرۇم قىلىڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر:

— ئۇ دېگەن بىر تىلەمچى تۇرسا، قانداق قىلىپ كۈچىدىن مەھرۇم قىلارمىز؟ ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر دۇكىنى بولسىدى، بىرنى ئىككى قىلىش ۋەسۋەسىسى زېھنىنى خورىتاتتى. ئۇ بىرەر يەردە ئىشلىگەن بولسىمۇ، جاننى بېقىش ھەلەكچىلىكىدە زېھنى خورايتتى. ھازىر ئۇنىڭ قىلغۇدەك ھېچ ئىشى بولمىسا، خەلق بەرگەننى

يەپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرسە، قانداقمۇ كۈچىدىن مەھرۇم قىلغىلى بولار؟ ـــ دەپتۇ.

كېيىن بىر دانىشمەن بوۋاي پادىشاھقا:

ـــ ئۇ بالىغا بىرەر ئىش قىلىشقا ئۇنىسا، ھەر كۈنى بىر تىللا بېرىمەن دېسىلە، ئۇنى ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىبادەتخانىنىڭ چىرىغىنى ياققىلى سالسىلا كۇپايە. سىلى ئۇنىڭغا كۈندە بىر تىللا بەرسىلە، ـــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىر:

ـــ بۇنداق قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ بۇ ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ كۈندە بىر تىللاغا ئېرىشسە تېخىمۇ كۆپ يەيدۇ، ئاچ قېلىشتىن غەممۇ قىلمايدۇ. كۈنلىرى تېخىمۇ خۇشال، خاتىرجەم ئۆتسە، بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچتۈكگۇر بولۇپ كەتمەمدۇ؟

ئەمما دانىشمەن خاتىرجەم ھالدا:

ـــ ئەنسىرىمەڭلار، مەن دېگەندەك قىلىڭلار، ـــ دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق قىپتۇ. ئىككىنچى ھەپتىسى پادىشاھ يەنە بىر قېتىم ئاشۇ مەھەللىدىن ئۆتكەندە، ھېلىقى ئوغۇل بالا يەنە پىلنى توختىتىۋالماقچى بوپتىكەن، كۈچى يەتمەپتۇ. ئەكسىچە پىل ئۇنى سۆرەپ كېتىپتۇ.

## خۇدا بىلەن باغۋەن

بۇرۇن بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ زادىلا يېرى يوق ئىكەن. پەقەت ئۆيىنىڭ يېنىدا سۇيى قۇرۇپ، ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر تاشلىق جىلغا بار ئىكەن. دېھقان بۇ ئوي ـ دوڭغۇل جىلغىنى تۈزلەپ ئىشلەتكىلى بولغۇدەك يەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۇ يەرگە جاپالىق ئىشلەيدىكەن. ئۇنىڭ زېرىكمەي ئەمگەك قىلىشى نەتىجىسىدە تاشلىق جىلغا بىر گۈزەل بوستانلىققا

ئايلىنىپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىپتۇ ۋە بەخت ھېس قىپتۇ. بىركۈنى ئەتىگەندە دېھقان بۇ يەردە بىرپەس ئىشلىگەندىن كېيىن پوپنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بېغىنى كۆرۈپ بېقىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

پوپ دېھقان بىلەن باغقا كەپتۇ. ئۇ مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆرۈپ:

ــ ئاھ، بۇ خۇدا بىلەن ئادەمنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى، ــ دەپتۇ. يەنە ئوخشاپ كەتكەن قوناقلارنى كۆرۈپ:

ــ ئاھ، خۇدا! مانا بۇ خۇدا بىلەن ئادەمنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. سىلەر بۇ زېمىندا مۇشۇنداق ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىپسىلەر، خۇداغا شۈكرى، ــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا دېھقان ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى باسالماي:

ــ ھۆرمەتلىك پوپ، بۇ يەرنى خۇدا ئۆزى يالغۇز باشقۇرغان چاغدا، نېمىشقا كېلىپ كۆرۈپ باقمىغانتىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

## پالۋان ئاكىللىيۇس بىلەن ھارۋىكەش

بىر ھارۋىكەش لىققىدە يۈك بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ، پاتقاق يولدا تەسلىكتە كېتىۋاتسا، ھارۋا ئۇشتۇمتۇت پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ. ئات ھەرقانچە كۈچەپمۇ ھارۋىنى سۆرەپ چىقىرالماپتۇ. ھارۋىكەش ئامالسىزلىقتىن ئۇ يەردە تۇرۇپ، پات ـ پات يۇقىرى ئاۋازدا پالۋان ئاكىللىيۇسنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ. ئاخىر ئاكىللىيۇس پەيدا بوپتۇ، ئەمما ئۇ ھارۋىكەشكە مۇنداق دەپتۇ:

ــ مۈرەڭدە ھارۋىنىڭ شوتىسىنى تىرەپ تۇرۇپ، ئاندىن ھارۋىنى ھەيدە. شۇندىلا پالۋان ئاكىللىيۇسنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسەن. سەن بىر تال بارمىقىڭنىمۇ مىدىرلاتماي تۇرۇپ باشقىلاردىن ياردەم تىلىسەڭ، مەيلى ئاكىللىيۇس بولسۇن، باشقا ھەرقانداق

كىشىمۇ ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايدۇ، — دەپتۇ.
پەرۋەردىگار ئۆزىنى قۇتقۇزالىغانلارغا مەدەتكاردۇر.

## سەممىيلىك ئالتۇن

بىر نامرات يىگىت بىلەن كاتتا باينىڭ قىزى مۇھەببەتلىشىپ-تۇ. بىركۈنى يىگىت ھېلىقى باينىڭ قىزى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بەر-گەن زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. زىياپەتنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن قىز-غىن بوپتۇ. باي قىزى ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ، كاستۇم - بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ھەممە يېرىنى پارقىرىتىۋالغان يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:
— يىگىت، ئۇچىڭىزدىكى كىيىمنى ئۆزىڭىز سېتىۋالمىغان-سىز؟ — دەپ ئۇدۇللا سوراپتۇ.
يىگىت نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولسىمۇ، لېكىن راستىنى ئېيتىپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. بۇ چاغدا باي:
— يىگىت، سىنىڭ ئەھۋالىڭنى مەن بەش قولدەك ئېنىق بىلە-مەن. مەن ئەسلىي سېنى زىياپەتكە بۇرۇن قانداق بولسا شۇ پېتى كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ بەك خۇش بولاتتىم. بىلسەڭ، نامراتلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال بولۇپ قېلىش ئەڭ قورقۇنچلۇق. ئەگەر بىر ئادەم ئۆز سەممىيىتىنى يوقاتسا، كەلگۈسىدە ھەرگىزمۇ جەمئىي-يەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، — دەپتۇ.
بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش يىگىتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ساۋاق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يىگىت شۆھرەتپەرەسلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ياشاپتۇ. ھەتتا باينىڭ قىزى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ھەشەمەتچىلىك قىلماپتۇ. بايمۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ.
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يىگىت بىلەن سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ بايلى-

قى قېيىنئاتىسىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئىز-چىل تۇردە ئاددىي - ساددا كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئىسراپخورلۇق قىل-ماپتۇ. «سەممىيلىك بىباھادۇر» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قەلبىگە مۆ-ھۇر باسقاندەك ئورناپ كەتكەنىكەن.

# ئىككى تامچە ماي

بىر ياش «بەخت» نىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇپ، تاغ - دەر-يالاردىن ئېشىپ، گىياھ ئۈنمەس چۆللەردىن ئۆتۈپ، بىر قەلئەگە كەپتۇ. چۈنكى، بۇ قەلئەدە بىر دانىشمەن بوۋاي بار ئىكەن. يىگىت قەلئەگە كىرىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان سودىگەرلەرنى، كوچىدا پاراڭلىشىۋاتقان ئادەملەرنى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭ-قىملىق مۇزىكىلارنى ئورۇنداۋاتقان مۇزىكا ئەترىتىنى، ئۈستەللەر-گە تىزىلغان مەززىلىك ھەر ئۆرلەپ تۇرغان تائاملارنى كۆرۈپتۇ.

يىگىت بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ، كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتىپ-تۇ. بوۋاي بىر قوشۇققا ئىككى تېمىم ماي قۇيۇپ، يىگىتنى قو-شۇقنى كۆتۈرۈپ قەلئەنى ئايلىنىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ يىگىتكە بىر تېمىم مايمۇ ئېقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ جېكىلىگەنىكەن. دەرۋەقە ئۇ قايتىپ كەلگەندە، قارىسا بىرەر تېمىم مايمۇ ئېقىتىۋەتمەپتۇ، لېكىن يىگىتتىن نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى سورىسا، ھېچنېمە دەپ بېرەلمەپتۇ.

بوۋاي ئۇنى قەلئەنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ قەلئەنىڭ ھەر-بىر تۇپ گۈل - گىياھلىرىغىچە كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ قېتىم يىگىت قايتىپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىراق، قوشۇقتا بىر تېمىممۇ ماي قالماپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي ئۇنىڭغا:

— پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ بولغان تەقدىردىمۇ، قولۇڭدىكى

ئىككى تېمىم مايىنى ئۇنتۇپ قالمىساڭ، مۇشۇ ھەقىقىي بەخت ھې-سابلىنىدۇ، — دەپتۇ.

## ھاياتتىكى كارامەت

بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ ئوغلى بىر قىزغا كۆيۈپ قاپتۇ. ئۇ بەكمۇ گۈزەل، ئەمما كىيىم - كېچەككە، زىبۇ - زىننەتكە زىيادە ئامراق، بەتخەج قىز ئىكەن. شۇنداقتىمۇ يىگىت ئۇنىڭغا قاتتىق ئاشىق بولغاچقا، قىزنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى ئېلىپ بېرىدىكەن.

چاي ئىچۈرۈشتىن ئىلگىرى، يىگىت قىزدىن قانداق چاي ئىچ-چۈرۈش سوۋغىسىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى سوراپتى-كەن، قىز بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك ئالغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ-تۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت قىزغا دەرھال بىر چوڭ بىرلىيانت كۆز-لۈك ئۈزۈك ئېلىپ بېرىپتۇ.

يەنە بىر نامرات يىگىتمۇ بىر قىزغا ئاشىق ئىكەن، ئۇ قىز ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىقلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن سەمىمىي، ئىق-تىسادچىللىق بىلەن ئۆي تۇتۇشنى بىلىدىغان قىز ئىكەن. چاي ئىچۈرۈشتىن ئىلگىرى يىگىت قىزدىن قانداق سوۋغىغا ئېرىشىش-نى خالايدىغانلىقىنى سورىسا، قىز ئادەتتىكى ئۈزۈك بولسىلا بولىد-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت نەچچە سوم خەجلەپلا سۇنئىي يا-قۇتتىن كۆز قويۇلغان بىر ئۈزۈك سېتىۋېلىپ، قىزغا سوۋغا قىپتۇ.

يىگىرمە يىلدىن كېيىن، بىرىنچى جۈپ ئەر - خوتۇن بارلىق مال - دۇنياسىنى بۇزۇپ چېچىپ تۈگىتىپ بولۇپ، ھېلىقى بى-رلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكنىمۇ سېتىۋېتىپتۇ. ئايالى قولىغا سۇنئىي ياقۇتتىن ياسالغان ئۈزۈك سېلىپ يۈرىدىغان بوپتۇ.

يەنە بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بولسا تىرىشىپ - تىرمىشىپ تې-جەشلىك بىلەن ئۆي تۇتۇپ خېلى كۆپ مال دۇنيا توپلاپتۇ. ئايالى بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك تاقايدىغان بوپتۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش بىر مەيدان سېھىرگەرلىككە ئوخشايدۇ، ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر. يۇقىرىقى ھېكايىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ قىلمىشى ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇ بىر تال كىرەكسىز ئەينەكنى بىرىلىيانتقا ئۆزگەرتەلىگەندەك، بىرىلىيانتنى ئەينەككىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ.

# تاماق پۇلى

بىر دېھقان بىلەن قىمارۋاز تەڭلا ئاشپۇزۇلغا تاماق يېگىلى كىرىپتۇ.

قىمارۋاز لىق بىر شىرە قورۇما، بىر قاسقان مانتا، بىر بوتۇلكا ھاراق بۇيرۇتۇپتۇ. ئۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بوپتۇ. مانتىدىن ئىككىنىلا يەپتۇ. قورۇمىلارنىڭ بەزىسىدىن بىر - ئىككى چوكا يەپتۇ. بەزىسىگە چوكا تەگكۈزۈپمۇ قويماپتۇ. بىر چاغدا قورسىقى كاۋىدەك چىقىپ كەتكەن قىمارۋاز يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن نەچچىنى شارتلا قىلىپ چىقىرىپ، مۇلازىم قىزنىڭ تەخسىسىگە تاشلاپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇلازىم قىز:

— ئەپەندىم، سەل توختاپ تۇرۇڭ، ئون سوم پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەيلى، — دەپ ئۇنى چاقىرىپتىكەن، قىمارۋاز بارمىقىدىن قاس چىقىرىپ:

— بولدى، قايتۇرماڭ، تاپان ھەققىڭىز بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

دېھقان بىر تەخسە قورۇما، بىر قاچا شورپا، بىر قاچا گۈرۈچ تامىقى بۇيرۇتۇپتۇ. ئۇ قورۇمىنى يەپ، شورپىنى ئىچىپ بوپتۇ. ئاخىردا قالغان بىرئاز گۈرۈچنى تەخسىگە تۆكۈپ قورۇمىنىڭ سۇيىگە مىلەپ يەۋېتىپتۇ.

دېھقان تاماقنى يەپ بولۇپ:

— قىزچاق، ئىككى تىيىن پۇلۇمنى تېخى قايتۇرمىدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

سوقرات بىلەن شاگىرتى بۇنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. شاگىرت:

— بۇ دېھقان ئەجەب پىخسىقكەن. قاراڭ، ئاۋۇ ئەپەندىمنىڭ سېخىيلىقىغا، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا سوقرات:

— دېھقاننىڭ پۇلىغا ئۆزىنىڭ قان تەرى سىڭگەن، ئۇ ئادەمنىڭ پۇلىغىچۇ؟ — دەپتۇ.

## قىممەت ئۆلچىمى

بىر ئادەم بېغىدا يەر يۇمشىتىۋېتىپ، كەتمىنىنىڭ قاتتىق بىر نەرسىگە تەگكىنىنى سېزىپ، كولاپ باقسا بىر ساھىبجامالنىڭ مەر - مەر ھەيكىلى چىقىپتۇ. ئۇ ھەيكەلنى ھەر خىل ئىپسىل سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە سېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم پۇلنى ئېلىپ قايتىپ كېتىۋېتىپ، قولىدىكى پۇلغا قاراپ ئۆز - ئۆزىگە: «پۇل دېگەن ئاجايىپ ياخشى نەرسە جۇمۇ، يانچۇقتا لىق پۇل بولسا، بۇ جاھاندا قىلغىلى بولمايدىغان نېمە ئىش بولسۇن! بۇ يىغىپ ساقلىغۇچى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق نېمىكەن، بىر جانسىز ھەيكەلنى شۇنچە پۇلغا سېتىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان، ئۇ يەرنىڭ ئاستىدا ياتسا، ياسالغىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولغانلىقى بىلەن كىمنىڭ كارى، ئۇنىڭ يا جېنى بولمىسا» دەپتۇ.

يىغىپ ساقلىغۇچى بولسا زوقلانغان ھالدا ھەيكەلگە قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە: «نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن نەپىس ھەيكەل - ھە! قارىساڭ بۇ ساھىبجامال ھازىرلا تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك.

توۋا دەيمەن، دۇنيادا مۇشۇنداق ئېسىل سەنئەت بۇيۇمىدىن ھۇزۇرلانماي، ئادەمگە نە جانلىق تۇيغۇ، بىر شېئىرىي لەززەت بېغىشلىيالمايدىغان، تاشلاپ قويسا قەغەز بىلەن مېتالدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان پۇلغا ھەۋەس قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكىنا!» دەپ ئويلاپتۇ.

## دانىشمەن بىلەن ھاماقەت

بۇرۇن ھەرخىل دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك، چاتقاللار گىرەلدىشىپ، خۇددى سىرلىق ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاپ قالغان بىر يول بولغانىكەن. ھەممە ئادەم بۇ يولدىن ئۆتمىسە بولمايدىكەن.

بىركۈنى دانىشمەن بىلەن بىر ھاماقەت بۇ يولنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دانىشمەن ئالدىغا سەل ـ پەل ئېگىلىشىپ تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن يولغا سىنچىلاپ قاراپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز پاراستىگە تايىنىپ، ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ يولدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەلىشىگە ئىشىنىدىكەن.

ھاماقەت بولسا يولنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى نىشانلىغان يۆنىلىش بويىچە مېڭىپ باقماقچى بولۇپ، كەسكىن ھالدا ئالدىغا قەدەم تاشلاپتۇ.

ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.

ھاماقەتنىڭ چاپىنى يىرتىلىپ، بەدەنلىرى تىتىلىپ قانىغان بولسىمۇ، ئاخىر يولنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىپتۇ ھەمدە كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يېڭى بىر سەپەرگە تەييارلىنىپتۇ. گەرچە ئۇ يولمۇ تىكەنلىك بولسىمۇ.

بۇ چاغدا دانىشمەن تېخىچە ئاشۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، سىنچى كۆزلىرى بىلەن باشقىلار مېڭىپ باققان يولنى ئىزدەۋېتىپتۇ.

# دادام ۋە مەن

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىش ئىدى. شۇ چاغدا ئون ياشقا كىرەي دەپ قالغانىدىم. دادام مېنى ئورمانلىققا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇرۇپ كەلمەكچى بولغانىدى. بىز ئاپام بىلەن قولىمىزنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتۇق. ئۇ كەچلىك تاماق ئەتمىسە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئورمانلىققا بىز بىلەن بىللە بارالمايتتى. دادام قولۇمنى يېتىلىۋالغانىدى. قۇياش ئىللىق نۇر چاچاتتى. بىز شۇنداق خۇشال كېتىۋاتاتتۇق. ئەمەلىيەتتە، ئورمانلىققا بېرىپ قۇشلارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاش بىز ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. دادام بىلەن ئىككىمىز تەبىئەتنىڭ قوينىدا چوڭ بولغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى قۇشلار، دەرەخلەر، ھەتتا گۈل - گىياھلارغىچە بىزگە شۇنداق تونۇش ئىدى. شۇ كۈنى چوقۇم ئورمانلىققا بېرىشىمىز شەرتمۇ ئەمەس ئىدى. پەقەت يەكشەنبە كۈنى دادام دەم ئالىدىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلماقچى بولغانىدۇق. بىز تۆمۈر يولغا چىقىپ ماڭدۇق. ئادەتتە باشقىلارنىڭ بۇ يەردە مېڭىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى، لېكىن دادام تۆمۈر يول خادىمى بولغاچقا، بىز بۇ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولدۇق. مۇشۇنداق قىلساق ئايلىنىپ يۈرمەستىن ئورمانلىققا ئۇدۇللا بارالايتتۇق.

ئورمانلىققا يېقىنلىشىشىمىزغا ئەتراپتىن تۈرلۈك قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، شۇنداقلا ئورمانلىقتىكى باشقا جانىۋارلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. چاتقاللىقلاردا تاغ تورغىيى، تاللىق جاغجىقى، سېرىق تاغ قۇچقىچى ۋە تۇدۇس قۇچقىچى بەس - بەستە سايرىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئادەمنى يېقىملىق ناخشا ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمدۈرەتتى.

يەرنى يۇمشاق چۆپلەر قاپلىغان، يېڭىلا يوپۇرماق چىقارغان ئاق قېيىن دەرىخى ۋە قارىغايلاردىن تارىلىۋاتقان خۇش پۇراق ئەتراپنى

بىر ئالغانىدى. سازلىقلاردىن سۇس هور ئۆرلەپ تۇراتتى. پۈتكۈل ئورمانلىق هاياتىي كۈچكە تولغانىدى؛ ياۋا هەرىلەر ئۇۋىسىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ مارىشاتتى، قۇرتلار سازلىقتا ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى، بىر قۇش چاتقاللىقتىن ئوقتەك چىقىپ، بىر قۇرتنى تۇتتى ــ دە، ئاندىن ئوخشاش تېزلىكتە چاتقاللىققا شۇڭغۇدى. دەل شۇ چاغدا بىر پويىز گۈركىرىگىنىچە بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. بىز يولنىڭ چېتىگە چىقىۋالدۇق. دادام شلەپىسىنى سەل ــ پەل كۆتۈرۈپ، شوپۇرغا سالام بەردى. شوپۇرمۇ بىر قولىنى ئويىنىتىپ بىزگە سالام قايتۇردى. بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى دەقىقە ئىچىدە تۈگىدى. بىز يەنە شىپالغا دەسسەپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق، شىپالنىڭ ئۈستىدىكى قارماي قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن يۇمشاشقا باشلىغانىدى. بۇ يەردە هەرخىل پۇراقلار ئارىلىشىپ كەتكەن، بېنزىننىڭ پۇرىقىمۇ بار ئىدى. بىز يوغان ــ يوغان قەدەم ئېلىپ، مۈمكىن قەدەر شىپالنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ كېتىۋاتاتتۇق. چۈنكى رېلىستىكى تاشلار بەك ئۇچلۇق بولۇپ، ئاياغنىڭ ئۇچىنى سۈرۈ-ۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. رېلىسنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار ــ قاتار توك ئىستولبىلىرى بولۇپ، ئادەم يېنىدىن ئۆتكەندە ناخشىدەك ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ هەقىقەتەنمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر كۈن بولغانىدى. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى.

دادام:

ــــ بۇنداق هاۋا كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، ــــ دېدى.

بىز ماڭا ــ ماڭا تۆمۈر يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سۇلۇق ئېتىز-لىققا كېلىپ قالدۇق. مۇشۇ ئەتراپتا بىز تونۇيدىغان بىر ئىجارە-كەش دېهقان بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىزىدىكى سۇلۇلارمۇ رەتلىك، قو-يۇق ئۆسۈپتۇ. دادام خۇددى كەسىپ ئەهلىلىرىدەك سۇلۇلارنى بىر هازا كۆزەتتى، ئارقىدىنلا چىرايىدىن رازىمەنلىك كۈلكىسى پارلىدى.

دادام ئىككىمىز قىن ــ قىنىمىزغا پاتماي كېتىۋاتاتتۇق. هېلى

دەرەخ قوۋزىقىنى سۇغا ئاتاتتۇق، سۇ ئۇنى دەرھال ئېقىتىپ كېتەتتى. ھېلى دەرياغا تاش ئېتىپ كىمنىڭ ئاتقان تېشىنىڭ يىراققا بارغانلىقىغا قارايتتۇق. ئاخىر بىز سەل ھارغىنلىق ھېس قىلغاندەك بولدۇق ھەمدە ئۆيگە قايتىپ ماڭدۇق.

بۇ چاغدا ئەتراپقا گۆگۈم پەردىسى يېيىلىپ، ئورمانلىق قارا رەڭگە كىرگەنىدى. بىز قەدىمىمىزنى تېزلەتتۇق، شۇ تاپتا ئاپام چوقۇم ئەنسىرىگەن ھالدا بىزنىڭ ئۆيگە تېزراق قايتىپ تاماق يېيىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ! ئۇ ناھايىتى ئەنسىز، ھەمىشە دەككە-دۈككە ئىچىدە بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشتىن قورقۇپلا يۈرىدۇ، ئەمما ئۇ ئەنسىرىگەن ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق ياخشى كۈندە ھەممە ئىش ئۆز جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى كېرەك. ئاسمان بارغانسېرى قارايغىلى تۇردى. دەرەخلەرنىڭ قىياپىتىمۇ غەلىتە بولۇپ قالدى. ئۇلار تىككىدە تۇرۇپ، بىزنىڭ ئاياغ تىۋىشىمىزغا جىمجىت قۇلاق سالماقتا ئىدى. بىر تۈپ دەرەخ تۆپىسىدە بىر پارقىراق قوڭغۇز يورۇقلۇق تارقىتىۋاتاتتى. مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم يېتىپ تۇرۇپ بىزنى كۆزەتمەكتە. مەن دادامنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدىم. لېكىن دادام بۇ غەلىتە نۇرغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ باراتتى. ئەمدى جىمى جاھان قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

بىز ھېلىقى كۆۋرۈككە چىقتۇق. كۆۋرۈك ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قورقۇنچلۇق ئاۋاز خۇددى ھازىرلا بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇق چىقىپ بىزنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك تېنىمنى شۈركەندۈرمەكتە ئىدى. ھەربىر شىپالىنىڭ ئاستىدىكى قارا رەڭلىك ئارىلىق پۇتىمىز ئاستىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى. بىز ھەربىر شىپالغا دىققەت بىلەن دەسسەيتتۇق. چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ قولىمىزنى چىڭ تۇتۇشۇۋالغانىدۇق. مەن ئەسلىدە دادام چوقۇم مېنى يۈدۈۋالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى ئۇ مېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش كۆز ئالدىدىكى ھەرقانداق ئىشقا پىسەنت قىلمايدىغان ئادەم بولسۇن دەيدىغاندۇ. بىز مېڭىشىنى

داۋاملاشتۇردۇق، دادامنىڭ قاراڭغۇلۇقتىكى قىياپىتى شۇ قەدەر تەبىئىي، سالماق، مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ئۇ سۈكۈت ئىچىدە بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىز بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتتۇق. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىكرەك دەريادا سۇ لۆمشۈپ ئېقىۋاتاتتى. بۇ دەريادا سۇ بۇنداق كۆپ بولىدىغان چاغلار ئادەتتە ناھايىتى ئاز بولاتتى. بىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يول ئاسرىغۇچىنىڭ كەمچىك ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆي بۇك ـ باراقسان دەرەخلىك ئىچىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى پۈتۈنلەي قارىغات ۋە ئالما دەرىخى ئىدى. بىز ئۆيگە كىرىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن سالاملاشتۇق، ئۇلار بىزنى بىر ئىستاكاندىن سۈت ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن بىز ئۇلار باققان چوشقا ۋە توخۇلارنى، قويۇق چېچەكلىگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆردۇق، كۆرۈپ بولۇپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بىز ھېلىقى دەرياغا بارماقچى ئىدۇق. ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى باشقا ھەممە يەرنىڭكىدىن ياخشى ھەم ئۆزگىچە ئىدى. دەريا شىمالغا قاراپ ئېقىپ دادامنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى يۇرتىدىن ئۆتەتتى. ئادەتتە قايتقۇچە خېلى ئۇزۇن يول ماڭاتتۇق. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ناھايىتى ئۇزۇن ماڭدۇق. كېلەركى بېكەتكە كېلەي دېگەندە ئاندىن قەدىمىمىزنى توختاتتۇق، دادام سىگنال تاختىسىنىڭ جايىغا قويۇلغان ـ قويۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئۇ بەك ئەستايىدىل ئىدى. بىز دەريا بويىدا توختىدۇق. ئادەتتە، كۈچلۈك كۈن نۇرىدا سۇنىڭ ئىككى قىرغاقتا ئۆرۈلۈشىدىن يېقىملىق ئاۋاز پەيدا بولاتتى. قىرغاقتىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسى چاقناپ تۇرغان سۇ يۈزىدە ياپيېشىل جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە شۇنداق يارقىن، يېڭى ئىدى. ئالدىمىزدىكى كۆلدىن نەمخۇش شامال ئۆرۈلۈپ تۇراتتى. بىز دۆڭدىن چۈشۈپ دەريا ياقىسىنى بويلاپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، دادام ماڭا كىچىك ۋاقتىدا بېلىق تۇتۇپ ئوينايدىغان جايىنى

كۆرسەتتى. كىچىك ۋاقتىمدا، ئۇ كۈنبويى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قارماقنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ سوم بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشىنى كۈتىدىكەنتۇق. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا بېلىقنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىسىمۇ، بىراق ئۇ خىل تۇرمۇش ھەقىقەتەن بەك كۆڭۈللۈك. مانا ھازىر بېلىق تۇتىدىغان ۋاقتىمۇ يوق، بىز دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىمىزدە كەيپىياتىمىز شۇقەدەر تىنچ ئىدى. مەن بىر تۇرلۇك ۋەھىمە ئىچىدە ئەتراپىمغا قارايتتىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. تۆت ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق ئىدى. مەن كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچنى يېڭىش ئۈچۈن كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدىم، شۇنداقتىمۇ قەلبىم ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق بىلەن تولۇپ بولغانىدى. ئەمدى چوقۇم تۈگىشىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلايتتىم. شۇ چاغدا ئاشۇنداق ئويلىغانلىقىم ئېنىق يادىمدا، رېلىس بىردىنلا قىيسايدى، خۇددى قاراڭغۇ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا. توك سىم ئىستولبىلىرى ئالۋاستىدەك ئاسمانغا سوزۇلۇپ، خۇددى بىر يەرنىڭ تېگىدە تۇرۇپ كۈسۈرلىشىۋاتقاندەك سۇرلۇك ئاۋاز چىقىراتتى. ئىستولبىنىڭ ئۈستىدىكى ئاق رەڭلىك چاقچۇق بۆكى ۋەھىمىدىن دۈگدەيگەن ھالدا بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى. ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. خۇددى چۆچەكلەردىكى غەلىتە ۋەقەلەردىكىدەك، قورقۇنچلۇق چۈشلەردىكىدەك ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى.

مەن يېقىنىراق سۈرۈلۈپ بوش ئاۋازدا سورىدىم:

— دادا، نېمە ئۈچۈن قاراڭغۇدا ھەممە نەرسە بۇنداق قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ؟

— ياق بالام، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق، — ئۇ سۆزلىگەچ قولۇمنى چىڭ تۇتتى.

— راست دادا، بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن.

— ياق بالام، ئۇنداق ئويلىما، بىز پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلسەكلا بولىدۇ.

مەن بىردىنلا ئۆزۈمنى خۇددى تاشلىۋېتىلگەن بالىدەك تەنھا ھېس قىلدىم. غەلىتە ئىش، نېمىشقا مەنلا قورقىمەن، دادام بىرئازمۇ قورقمايدىغاندۇ؟ يەنە كېلىپ ھازىر بىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىز ئوخشاش ئەمەس ئىدى. قىزىق، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىپ مېنى قورقۇنچتىن خالاس قىلالايمۇ دېمىدى. سېنى پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ھازىر مېنىڭ نەزىرىمدە پەرۋەردىگارمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، مۇشۇ تەگسىز قورقۇنچلۇقتا نەگىلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ سايىسى بار. ئۇ ئاۋۇ دەرەخ تۈۋىدە، مۇنۇ توختىماستىن زېرىكىشلىك ھۇۋۇلدايدىغان ئىستولبىنىڭ ئىچىدە، توغرا، چوقۇم شۇ، ئۇ يوق يەر يوق. شۇڭلاشقا بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز.

بىز ھەرقايسىمىز ئۆز خىيالىمىز بىلەن جىممىدە كېتىۋاتاتتۇق. مەن گويا قاراڭغۇلۇق ئىچىمگە بۆسۈپ كىرىپ يۈرىكىمنى سىقىۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدىم.

تۆمۈر يولنىڭ ئەگمىسىگە كېلىشىمىزگە ئارقىمىزدىن ئاڭلانغان ۋەھىملىك گۈركىرەش ئاۋازى بىزنى خىيالدىن ئويغاتتى. دادام چاققانلىق بىلەن مېنى يول ياقىسىغا تارتىۋالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، پويىز گۈركىرەپ يېتىپ كەلدى. بۇ بىر قارا پويىز بولۇپ، ۋاگونلىرىمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇ يېنىمىزدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. بۇ نېمە پويىزدۇ؟ بەلگىلىمە بويىچە بۇنداق چاغدا پويىز يوق ئىدى! بىز ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپلا قالدۇق. قاراڭغۇدا پەقەت پاراۋۇزدىكى ئوچاقتىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ھەممە ياقتا ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. چىرايى تاتىراڭغۇ، ھەيكەلدەك مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرغان شوپۇرنىڭ چىرايى ئوت يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈنەتتى. دادام ئۇنى تونۇيالمىدى، ئۇ ئادەم خۇددى چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتمەكچى بولغاندەك چەكچەيگىنىچە ئالدىغا قاراپ قالغانىدى.

قورقۇنچ ۋە بىئاراملىقتىن نەپسىم سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. مەن

ھاڭۋاققىنىمچە كۆز ئالدىمدىكى غەلىتە ھالغا قاراپ تۇراتتىم. پو-
يىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى. دادام مېنى يەنە رې-
لىسقا تارتىپ چىقاردى. بىز قايتىش قەدىمىمىزنى تېزلەتتۇق.

دادام:

— غەلىتە ئىش، بۇ قايسى پويىزدۇ، ئۇ شوپۇرنى ئەجەب تونۇ-
مايدىكەنمىنا؟ — دېدى، شۇنىڭدىن كېيىن يول بويى بىر ئېغىزمۇ
گەپ قىلمىدى.

پۇتۇن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ كەتتى. تەبىئىيكى بۇ ماڭا
دېيىلگەن گەپ ئىدى. مەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم. كەل-
گۈسىدە ئۆزۈم دۈچ كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەرنىمۇ ھېس قىل-
غاندەك بولدۇم. دادام مەن كەلگۈسىدە دۈچ كېلىدىغان ئاشۇ
ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، شۇنداقلا مېنى قوغداشقىمۇ ئامال-
سىز. دۇنيا ۋە تۇرمۇش كۆز ئالدىمدا ئەنە شۇنداق پەيدا بولدى!
ئۇلار دادامنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى غەمسىز، خۇشال دۇنياغا تامامەن
ئوخشاشمايدۇ. ياق، بۇ ھەقىقىي دۇنيا ئەمەس، ھەقىقىي تۇرمۇش
ئەمەس! ئۇلار پەقەت چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سوقۇشىدۇ،
كۆيىدۇ.

## سۈتچى ۋە سۈت چېلىكى

بېرىت بېشىغا بىر سېلىنچىنى قويۇپ، سۈت تۈڭىنى ئۈستىگە
ئالدى. ئۇ ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا يول مېڭىشقا ئەپلىك
بولسۇن ئۈچۈن، بىرلا كۆڭلەك، تۈز چەملىك ئاياغ كىيگەن بولۇپ،
چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. بىزنىڭ بۇ باش قەھرىمانىمىز
كىيىمنى ئاددىي كىيگىنى بىلەن تەسەۋۋۇرغا باي ئىدى. شۇڭا
كۆڭلىدە سۈتنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالىدىغان نەرسىلىرىنى
ھېسابلاپ بولغانىدى. سۈت ساتقان پۇلغا يۈز تۇخۇم ئېلىپ، ئۇنىڭ-
دىن چۈجە چىقىرىدۇ، ئۇ ھەممە ئىشلارنى جايىدا قىلغاچقا، چۈجە-

لىرى تېز ئېقىپ، توخۇلار قورۇغا پاتماي قالىدۇ...

ئۇ خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، ئىختىيارسىز ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆينىڭ ئەتراپىدا توخۇ باقىمەن. گەرچە تۈلكە ھەمىشە توخۇلارنى ئوغرىلاپ كەتسىمۇ، ھەر ھالدا سېتىپ بىرەر چوشقا كۈچۈكى سېتىۋېلىشقا يەتكۈدەك توخۇغۇ قالار! چوشقا بېقىشقا كۆپ يەم - خەشەك كەتمەيدۇ، شۇڭا كېيىنچە چوشقا بورداپ ساتىمەن. پۇلۇم كۆپىيىۋېرىپ سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. چوشقا شۇنداق ياخشى پۇل بولۇۋاتسا، شۇ پۇللار بىلەن بىرەر - ئىككى موزايلىق ئىنەك سېتىۋېلىپ، چىرايلىق موزايلارنىڭ تاقلاشلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟!

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بېرىت ھاياجانلىنىپ ئىختىيارسىز بىر سەكرىۋىدى، بېشىدىكى سۈت تۈڭى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئەلۋىدا، موزاي، ئىنەك، چوشقا، چۈجىلەر! بۇ بايلىقلارنىڭ ئايال غوجايىنى مەيۈس كۆزلىرىنى ئۆزى يەرگە تۆكۈۋەتكەن بايلىقلاردىن ئۈزۈپ، ئېرىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئېرىدىن تاياق يېيىش ئېھتىماللىقىمۇ بارلىقى ئۇنىڭغا ئايانىدى. كېيىن بۇ ھېكايە «سۈت چېلەكى» دېگەن بىلەن خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى.

ھەرقانداق ئادەمدە ئاز - تولا خام خىيال بولماي قالمايدۇ. قېنى قايسىمىز مەن ئەزەلدىن «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلايدىغان» ئاشۇنداق خام خىياللاردا بولۇپ باقمىغان دېيەلەيمىز...

قىسقىسى، ھەممىمىز ئوخشاش، دانىشمەنمۇ، ھاماقەتمۇ شۇنداق، ھەممىمىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلىرى، شېرىن خىياللىرى بولىدۇ. بۇنداق چاغدا بىر خىل ھاياجانلىق تۇيغۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالىدۇ. ئالايلى، بەزىدە خىيالىمىزدا دۇنيادىكى ھەممە بايلىق، شان - شەرەپ ۋە ئاياللار ماڭا مەنسۇپ دەپ ئويلايمىز. يەنە بەزىدە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەمگە جەڭ ئېلان قىل-

ماقچى بولىمىز، يىراق ئەللەرگە بارىمىز، ئويلىمىغان يەردىن ھەممە ئادەم «گاھ، گاھ» دەپ بېشىغا قوندۇرالمىغان بەخت قۇشى بىزنىڭ بېشىمىزغا قوندۇ. كىشىلەر بىزنى بېشىمىزدا كۆتۈرگىنىچە ئاپىرىپ، بېشىمىزغا تاج كىيدۈرۈپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. پۇقرالار كۆرسىتىۋاتقان ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ چېكى بولمايدۇ. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بېرىپ چۆچۈگەن ھالدا رېئاللىققا قايتىپ، ئۆزىمىزنىڭ شۇ بۇرۇنقى ھالىتىمىز بىلەن تۇرغانلىقىمىزنى بايقايمىز.

## يېرىم ۋاراق قەغەز

ئەڭ ئاخىرقى يۈك توشۇش ماشىنىسىمۇ كېتىپ بولدى. شىلەپىسىگە قارا پەي قادىۋالغان ياش خېرىدار ئۆيىنىڭ ئىچىدە يەنە بىرەر نەرسە قېلىپ قالدىمۇ ـ يوق، دەپ ئۆياق ـ بۇياققا قاراۋاتاتتى. ياق، ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسە يوقكەن، ھېچ نەرسە قېپقالماپتۇ. ئۇ كارىدورغا چىققاندا، ئۆي بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بارلىق ئەسلىمىلەرنى پاكپاكىز ئۇنتۇپ كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن تېلېفوننىڭ يېنىدا تۇرغان قالايمىقان خەتلەر بىلەن تولغان كىچىككىنە بىر ۋاراق قەغەزگە چۈشۈپ قالدى. قەغەزدىكى خەتلەر ئوخشاشمىغان قەلەملەر بىلەن ھەرخىل پوچېركىلاردا يېزىلغانىدى. بەزى خەتلەر قارا سىياھتا يېزىلغان بولۇپ، پەرق ئېتىش ئىنتايىن ئوڭاي. بەزىلىرى قارا، قىزىل ۋە كۆك قېرىنداشتا سۇۋاپ يېزىلغان بولغاچقا، تەستىرەك ئوقۇغىلى بولاتتى. بۇ قەغەزگە ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىككى يىل جەريانىدىكى بارلىق گۈزەل رومانتىك تارىخى خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇ ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يېرىم ۋاراق قەغەزگە خاتىرىلەنگەنىدى.

ئۇ قەغەزنى ئالدى. بۇ بىر ۋاراق ئاق سارغۇچ پارقىراق قەغەز ئىدى. ئۇ قەغەزنى مېھمانخانا ئۆيدىكى تام ئۇچاقنىڭ ئۈستىگە قو-

يۈپ تۈزلەپ ئاچقاندىن كېيىن، ئوقۇشقا باشلىدى.

ئەڭ بېشىدىكىسى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئالىس — بۇ
ئۇ بىلىدىغان ئىسىملارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىم. چۈنكى،
بۇ ئۇنىڭ سۆيگەن ئايالىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا بىر تې-
لېفون نومۇرى، يەنى 11، 15 دېگەن نومۇر تۇراتتى. قارىماققا،
چېركاۋنىڭ مۇناجات تاختىسىدىكى مۇناجاتنىڭ نومۇرىغا ئوخشايت-
تى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئالدىراپلا يېزىلغان «بانكا» دېگەن خەت ئى-
دى. بانكا — بۇ ئۆز خىزمەت قىلغان ئورۇن. بۇ مۇقەددەس خىزمەت
ئۇنىڭ ئۈچۈن بولكا، تۇرالغۇ، ئائىلىدىن دېرەك بېرىدۇ، يەنى ئۇ-
نىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. توم چىقىدىغان قارا قەلەمدە يېنىدىكى
تېلېفون نومۇرى سىزىۋېتىلگەنىدى. چۈنكى كېيىن بانكا ۋەيران
بولغان، ئۇ قىسقا ۋاقىتلىق ئەندىشىدىن كېيىن، باشقا بىر خىزمەت
تاپقانىدى. ئۇلاپلا كىرا پەيتونى، گۈل دۇكىنىنىڭ تېلېفون نومۇرى
يېزىلغانىدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا چاي ئىچۈرۈلۈپ بولغان، يەنە كېلىپ
ئۇنىڭ قول ئىلكىدە بار ئىدى.

ئۆي سايمانلىرى دۇكىنى، ئۆي زىنىنەتلەش سودىگىرىنىڭ تېلې-
فون نومۇرى — ئادەملەر ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيىنى جابدۇغان. يۇك يۆت-
كەش ماشىنىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى — ئۇلار كۆچۈپ كىردى.
تىياتىرخانا بېلەت سېتىش ئورنى، 50، 50 — ئۇلارنىڭ شېرىن
ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ھەر يەكشەنبە كۈنى ئاخشىمى
تىياتىر كۆرگىلى باراتتى، ئۇلار شۇ يەردە ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈل-
لۈك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار سەھنىدە ئويلىنىلىۋاتقان
ئاجايىپ گۈزەل، ئادەمنى لەرزىگە سالىدىغان ئويۇنلارغا قاراپ مەست
بولغۇچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ئارقىدىكىسى بىر ئەرنىڭ ئىسمى (جىجىۋېتىلگەن) — بۇ ئۇ-
نىڭ ئىلگىرى ئىشلىرى يۈرۈشكەن بىر دوستىنىڭ ئىسمى ئىدى،
بۇ دوستى ئىشلىرى روناق تاپقانسېرى كۆرەڭلەپ، ھەرخىل ياخشى -
يامان كوچىلاردا يۈرۈپ ئاخىر ۋەيران بولۇپ، يۇرتىنى تاشلاپ كې-

تىپ قالغانىدى. ئاقىللار ئېيتقاندەك، راھەت ـ پاراغەت دېگەن راستىنلا ئۆتكۈنچى يامغۇردەك نەرسە ئىدى.

مانا ئەمدى بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى بىر نەرسە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قېرىنداشتا يېزىلغان «ئايال موناخ» دېگەن خەت چېلىقتى. نېمە، ئايال موناخ؟ ھە، ھېلىقى ھەمىشە ئۇزۇن كۆل رەڭ چاپان كىيىۋالىدىغان يېقىملىق ھەم مۇلايىم ئايال. ئۇ ھەر قېتىم بۇ ئۆيگە كەلگەندە مېھمانخانىدىن ئۆتمەي، كارىدور بىلەن ئۇدۇللا ياتاق ئۆيگە كىرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاستىغا «L دوختۇر» دەپ يېزىلغانىدى.

تىزىملىكتە بىرىنچى بولۇپ «ئانىسى» دېگەن سۆز كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ ئۇنىڭ قېيىنئانىسى ئىدى. ئىلگىرى بۇ بىر جۈپ يېڭى توي قىلغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىغا دەخلى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرەتتى. لېكىن، كېيىنچە ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن بۇ ئۆيگە كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئىدى. كېيىنكىلىرى قىزىل، كۆك قېرىنداشتا يېزىلغان ھەرخىل ئورۇنلارنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى، خىزمەتكار تونۇشتۇرۇش ئورنى — ئايال خىزمەتكار كەتتى، يەنە بىرنى تېپىش كېرەك. دورىخانا — ھەي، ئەھۋال ئوساللىشىشقا باشلىدى. سۈت زاۋۇتى — دېزىنفېكسىيەلەنگەن سۈتكە تىزىملاتتى. مىلىچ ماللار دۇكىنى، گۆش دۇكىنى، ئۆي ئىشلىرى تېلېفوندىلا بېجىرىلىدىغان بولدى. بۇ ئائىلىنىڭ ئايال غوجايىنى يوقمۇ؟ ياق، ئۇ بوشاندى.

تۆۋەندىكى خەتلەرنى ئۇ پەرق ئېتىشكە ئامالسىز قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە غۇۋالاشقانىدى. خۇددى سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغان ئادەم سۇدىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەيرەت قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى قۇرغا قارىدى. بۇ يەرگە قارا سىياھ بىلەن ئېنىق قىلىپ «بېجىرگۈچى» دەپ يېزىلغانىدى، ئارقىدىكى تىرناق ئىچىگە «دەپنە

ئىشلىرى» دەپ يېزىلغانىدى. مانا بۇ خەت ھەممىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

بىر چوڭ ۋە بىر كىچىك جەسەت ساندۇقى. ساندۇقلار يەرلىككە قويۇلدى، ئەمدى ھېچنېمە قالمىدى. ھەممە تۇپراققا قايتتى. بۇ بارلىق تىرىكلەرنىڭ قارارگاھى. ئۇ بۇ سارغۇچ قەغەزنى بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ چوڭقۇر مېھىر بىلەن پۇرىدى ۋە ئاۋايلاپ قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى.

بۇ ئىككى مىنۇتتا ھاياتىدىكى ئىككى يىلنى قايتىدىن باشتىن كەچۈردى. بىراق ئۇ ئۆيدىن چىققان ۋاقتىدا ئۇنىداق چۈشكۈن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، مەغرۇر، خۇشال قىياپەتتە كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادەمگە ئاتا قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ بەختتىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ھالبۇكى، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنچىلىك بەختكىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدى.

## يالىڭاياغ بالا

گۈگۈم چۈشتى. سۆسۈن رەڭلىك سايە خۇدى ئوغرىدەك ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ ئورمانلىقنى قاپلىدى. غايەت زور قىزغۇچ شارغا ئوخشاپ قالغان قۇياش زېمىنغا تارتىشقاندەك ئاستا ـ ئاستا تاغ كەينىگە پېتىشقا باشلىدى. چوڭ يول ئېتىزلىقتا ياتقان كۆل رەڭ ئۆلۈك يىلانغا ئوخشايتتى. قاراڭ، ئاۋۇ يالىڭاياغلار كەلدى، ئۈچ، تۆت، ئالتە، ئۇلار مۇسكۇللىرى چىڭقىلغان ھالدا لىققىدە ئوتۇن ۋە شاخ ـ شۇمبا قاچىلانغان هارۋىنى سۆرىگىنىچە كېلىۋاتاتتى. قاسقىنى يىرتىلغان شەپكە، ياماق چۈشكەن كۆل رەڭ ئىشتان كىيگەن، تومۇرلىرى ماچىتا ئارغامچىسىدەك ئېسىلىپ كۆپۈپ كەتكەنىدى. پېشانىسىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. يەنە كېلىپ شەھەر تېخى شۇنچە يىراقلىقتا ئىدى. جاپالىق بويۇنتۇرۇق ئاستىدا

سەبىي قولىلارنىڭ كۆزىدە چوڭلارنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى يانماقتا. شەھەر ناھايىتى يىراق! ناھايىتىمۇ يىراق، ئۇ يەردە نۇرغۇن بەختىيار كىشىلەر پىيادە ياكى ماشىنىلىق ھالدا سىلەرنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆمرىدە جاپانىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان. دەل شۇلار سىلەرنى جاپاغا قويغۇچىلاردۇر. بىراق، ئۇلار شۇنى بىلەمدۇ؟ ئۇلار يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايلاردا ئورۇكېستىرلار ئورۇندىغان مۇزىكىلاردىن زوقلانغاچ غىزالىنىدۇ. ھەشەمەتلىك داچىلاردا تانسا ئوينىشىدۇ. ئۇ يەرلەر شۇنچە راھەت، شۇنچە كۆڭۈللۈك! ئاچارچىلىق دېگەن بۇ رەھىمسىز ئالۋاستى ئۇ يەرگە قول ئۇزىتالمايدۇ، غەم ـ ئەندىشىمۇ ئۇ يەردە يىلىملىك تورىنى توقۇمايدۇ. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇلار نېمىنى بىلەتتى؟

— ئاپا، بۇ باللار نېمىشقا ھارۋا سۆرەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ماشىنىدىكى بىر بەختىيار كىچىك بالا.

— قىش كىردى ئەمەسمۇ، شۇڭا ئوتۇن ئەكېلىدۇ.

— ئۇلارغا ئېغىر كەلمەمدۇ؟

— ياق، سۆيۈملۈكۈم، ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن.

يالىڭاياغلار توختىدى. ئۇلار ھاسىرىماقتا. غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىككە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا نەپرەتلىك قارىماقتا. يالىڭاياغلار ھارۋىلىرىنى يەنە سۆرەشكە باشلىدى. ئۇلار يېڭى بىلەن توختىماستىن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتەتتى. قاسماق بوينىدىكى تومۇرلار كۆپۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار يەنە ئالغا قاراپ ماڭدى. بۇ يالىڭاياغلار پات ـ پات كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئىچىدە قالاتتى. خۇددى ھاياتلىقتا ئوخشاش كۈل رەڭ ۋە تۇنجۇقتۇرغۇچى چاڭ ـ توزاننىڭ ئىچىدە قالاتتى... ئىككىنچى ھارۋىدىكى ئوتۇننىڭ ئۇستىدە بىر كىچىك ياردەمچى — بىر كۆك كۆز كىچىك قىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىك پۇتىنىڭ بىرقانچە يېرىدە قان ئۇيۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاسمانغا، ئېتىزلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. سىز نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟ ئالتۇن چاچلىق كىچىك قىز،

ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى مەنسىتمەيمۇ ياكى قاردەك ئاق، شەبنەمدەك
غۇبارسىز روھىڭىزدىن ئىپتىخارلىنىپمۇ؟ كۆلۈۋېرىڭ، ياشلىق
باھارىڭىز ئىللىق، مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن سىزگە قارىماقتا.
بىراق ئەتىچۇ؟ ئەتىنىڭ غوۋغالىرى، ھەلەكچىلىكى ياشلىق باھارى-
ڭىزنى، كۈلكىڭىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. ھارۋا سۆرەيسىز، بۇ يەردە جاپا ـ
مۇشەققەت ۋە ئازابنى، ئۇ يەردە بولسا شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن
مەڭگۈلۈك خۇشاللىقنى كۆرۈپ ئارىدىكى پەرقنى بىلگىنىڭىزدە،
سىز ئاندىن زادىلا كۈلەلمەيدىغان بولىسىز. سەبىي چىرايىڭىزغا
قاراڭغۇلۇق سايە تاشلايدۇ. كۆزىڭىزدە غەزەپ ـ نەپرەت چاقنايدۇ.
مۇنۇ جۇل ـ جۇل كىيىملىك ئاكىلىرىڭىزغا ئەگىشىپ، كىچىك،
قاپقارا، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتىڭىزنى كۆتۈرۈپ: «ئىككى خىل دۇن-
يا! بىرى ئارتۇقچە!» دەپ توۋلايسىز.

## ئايال ۋە بالا

بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال پويىز ئىستانسىسىدا پويىزغا خاتا
چىقىپ قالدى. پويىز خىزمەتچىسى نېمىشقا بېلەت نومۇرى ۋە يۆ-
نىلىشىگە ياخشى قارىمايسەن، دەپ ئۇنى ئەيىبلەپلا كەتتى. بەلكى-
لىمە بويىچە پويىز خادىمى ئۇنىڭغا جەرىمانە قوياتتى، چۈنكى ئۇ
كىشىلەرگە نېمىنىڭ ئالدامچىلىق ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرمىسە بولمايتتى. بۇ ئايال تىل ـ ئاھانەتكە چىداپ ئى-
شىكنىڭ يېنىدا جىممىدە تۇراتتى. ئۇ يالىڭاياغ، مەيدىلىرى ئوچۇق
بولۇپ، قۇچىقىدىكى ئورۇقلۇقىدىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بو-
لۇپ قالغان بالا ئۇنىڭ بوشاپ كەتكەن كۆكسىنى شورىماقتا ئىدى.
دىنىي رەسىملەردە كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ خىل كۆرۈنۈش ئادەم چى-
دىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ تېخى ئەر-
لەرنى ئۆزىگە ئىنتىلدۈرەلەيدىغان، يەنە كېلىپ ھامىلىدار بولالاي-
دىغان بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا ياكى ئىلگىرى ئۇنىڭ

نۇرسىز كۆزلىرىنىڭمۇ مۇھەببەت لەززىتىدىن چاقناپ نۇرلانغىنىـ-
نى، مۇرىلىرىنىڭ قۇچاقلانغانلىقىنى، قورسىقىنىڭ ئاياللارغا خاس
خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇپ باققانلىقىنى ئويلىغاندا، ئادەمنىڭ
مۇشتىنى تۈگۈپ، بۇ پەسكەش، چىرىك دۇنيانى ئۇرۇپ ئېزىۋەتكۈ-
سى كېلەتتى.

ئىككى يېكەت ئارىلىقىدا، رېلىسنى بويلاپ ياسالغان بىر ئاسفا-
لىت يول بار ئىدى. ئايال بالىسى بىلەن قايناق كوچىنى كېسىپ
ئۆتۈۋاتقاندا ئانا ـ بالا ئىككىسى گويا جىمجىت ئوپېراتسىيە ئۈيـ-
دىكىدىنمۇ بەك غېرىب كۆرۈنەتتى. ئۇلار پەقەت ئازراقلا سەۋەنلىك
ئۆتكۈزۈپ قويغان، يەنە كېلىپ بۇ سەۋەنلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچرىغۇچى ئۇلار ئۆزىلا. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىـ-
كى، نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سورايدىغان بىرمۇ ئادەم
يوق ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ بىلەت ئېلىپ پويىزغا چىققان ھەممە پويىز
نومۇرىنى ئالماشتۇرۇپ قويمايدىغان ئاشۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا
ئەركىنلىكى بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ بۇ تەنھا ئانا ـ بالىنى ئىزدەش
مەجبۇرىيىتى يوقتەك قىلاتتى. باشتىن كەچۈرگەن بۇ قورقۇنچلۇق
جىمجىت سەرگۈزەشتىدە، يەنە ئانىلىق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت
بار ئىدى.

ئۇنىڭ كىيىملىرى ساڭگۇل ـ سۇڭگۇل، چاچلىرى چۇۋۇق بو-
لۇپ، قارىماققا سارائىغا ئوخشايتتى. ھېچبىر سەۋەبسىز كۈلۈپ قو-
ياتتى. يەنە تېخى يات ـ يات چۈچۈش ۋە مېھىر ئارىلاش بىر خىل
نەزەر بىلەن قويندىكى پىلە قۇرتىدەك تۈگۈلۈپ ياتقان بالىسىغا
قارايتتى. ئۇنىڭ پەقەت مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئىقتىدارىلا نۇقسانـ-
سىز ئىدى. دەل مۇشۇ ئىقتىدار ئۇنى پويىز ئىستانسىسىغا ئەكەلـ-
گەنىدى.

بىرەيلەن ئۇنىڭدىن:

ـــ قەيەرگە بارىسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بىلمەيمەن، ـــ ئايال ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردى، ـــ ما-

شىنا بىكىتىمگە.

— بىكەتتىن نەگە بارىسىز؟

— بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا، ماشىنا بىكىتىگە نېمىشقا بارىسىز؟ — مەنتىقلىق سورىدى بىرەيلەن.

— بىلمەيمەن، — ئايال سالماق ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

— بۇ تىللانى ئېلىڭ، — دېگەچ پارقىراپ تۇرغان بىر تىللا سۇندى.

ئايال تىللانى ئالمىدى، پەقەت ئۇنىڭ ياندۇرۇلغان تاماكىدەك چاقناپ تۇرغان شولىسىغا قاراپ قويدى. ئۇ تىللاغا ھېچبىر ھاجىتى يوقتەك كۈلۈپ قويدى.

— ئېلىڭ، بالىغا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىڭ، — دەپ تىللانى ئېلىشقا ئۈندىدى ۋاگوندىكى بىر ئايال.

ئايال يەنە كۈلدى، كۆزلىرىدىن بىر نېمە دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، لەۋلىرىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. پويىزدىن چۈشىدىغان چاغدا بالا كۆتۈرۈۋالغان ئايال:

— ئۇ ئۆلۈپ قالدى! — دېدى.

## قىزىقچى

بۇرۇن بىر قىزىقچى بولغانىكەن. ئۇ ئىزچىل ناھايىتى خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن. بىركۈنى ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى «ئۇچىغا چىققان ھاماقەت، ئىنتايىن چاكىنا ئەبلەخ» دەپ تىللىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قىزىقچى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ ھەم قانداق قىلغاندا بۇ يىرگىنچلىك پىتنە - ئىغۋالارنى تۈگەتكىلى بولار؟ دېگەننى ئويلاشقا باشلاپتۇ.

تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئەقىل ئۇنىڭ تورمۇزلىنىپ قالغان كال-

لىسىنى ئېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال شۇ بويىچە ئىش قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

بىركۈنى ئۇ كوچىدا بىر تونۇشىنى ئۇچرىتىپتۇ. تونۇشى بىر رەسسامنى ھەدەپ ماختاۋاتقانىكەن. ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ:

— بولدى قوي، بۇ رەسسام ئاللىقاچان تۈگەشتى، سەن بۇنى تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ سېنىڭ بۇنداق جاھاندىن خەۋەرسىز يۈرىدىغانلىقىڭنى بىلمەپتىمەن، — دەپتۇ.

تونۇشى ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، دەرھال قىزىقچىنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپتۇ.

يەنە بىركۈنى بىر تونۇشى:

— بۈگۈن بىر ئېسىل كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتتىم، — دەپتىكەن، قىزىقچى:

— بولدى قىلە، خىجىل بولماي مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىكەنسەن. بۇ بىر مەنىسىز كىتاب، كىشىلەر ئاللىقاچان بۇ كىتابنى ئوقۇمايدىغان بولغان. بۇنى تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ سەن راستتىنلا جاھاننىڭ ئارقىسىدا قالغان ئادەم ئىكەنسەن؟ — دەپتۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ تونۇشىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ.

يەنە بىر تونۇشى:

— دوستۇم پالانى ئەپەندى ئىنتايىن ياخشى، ئالىيجاناب ئادەم، — دەپتۇ قىزىقچىغا.

— قويغىنە بۇنداق گېپىڭنى! — دەپتۇ قىزىقچى ئۈنلۈك ئاۋازدا، — ئۇ ئوپئوچۇق بىر قىزىل كۆز، نەچچە تۇغقىنىنىڭ نەرسىلىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغان. مۇشۇنىمۇ بىلمەمسىنا؟ راستتىنلا جاھاننىڭ ئارقىسىدا قالغان نېمىكەنسەن، — دەپتۇ.

بۇ تونۇشىمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ھەيران قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ قىزىقچىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ دوستى بىلەن ئارىلاشماپتۇ. قىسقىسى، كىشىلەر قىزىقچىغا مەيلى كىمنى، نېمىنى ماختاپ بەرسە، ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە رەددىيە بېرىپتۇ. پەقەت، بەزى چاغلاردا سەل خىجىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا گېپىنى تولۇقلاپ:

— سىز تېخىچە نوپۇزغا ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سوراپ قويىدىكەن.

— نېمىدېگەن ئىچى يامان، زەھەرخەندە ئادەم بۇ، بىراق ئۇنىڭ كاللىسى قالتىس ئىشلەيدىكەن، — قىزىقچىنىڭ تونۇشلىرى ئۇنى شۇنداق تەرىپلەشكە باشلاپتۇ.

— ئۇنىڭ تىلىمۇ قالتىس ئۆتكۈر، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر تالانت ئىگىسى، — دەپ تولۇقلاپتۇ بەزىلەر.

كېيىنچە، بىر گېزىتنىڭ مۇھەررىرى قىزىقچىنى مەخسۇس ئوبزور بېتىنىڭ دائىملىق ئاپتورلۇقىغا تەكلىپ قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىش ۋە ئادەملەرگە قىلچە توسالغۇسىز باھا بېرىشكە باشلاپتۇ. باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ نوپۇزغا قارشى تۇرغان ئادەم بىر يۇمىلاپلا نوپۇز ئىگىسىگە ئايلىنىپتۇ ھەممىدە نۇرغۇن ياشلار ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بوپتۇ.

ئەمدى بۇ بىچارە ياشلار قانداق قىلىش كېرەك؟ گەرچە ئۇنىڭ ئۇنچە ۋاي دەپ چوقۇنۇپ كېتىشكە ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، باشقىلارغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا چوقۇنماسلىققا ئىلاجىڭ يوق، چۈنكى بۇنداق قىلمىساڭ جاھاننىڭ ئارقىسىدا قالغان دېگەن بەتنامغا قالىسەن. قىزىقچىلار توخۇ يۈرەك ئادەملەر ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى كۈن كۆرەلەيدۇ.

# بوسۇغا

بىر سارايىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تارغىنە بىر ئىشىك بولۇپ، ئىدىشىكنىڭ ئىچى قويۇق تۇمان ئىدى. ئىپگىز بوسۇغا سىرتىدا بىر رۇس قىزى تۇراتتى.

تۇمان ئىچىدىن شامالنىڭ ھۇشقۇرتىشى ئاڭلىناتتى، بىنانىڭ چوڭقۇر يېرىدىن سوغۇق ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ، ئاستا، تىترەڭگۈ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئاھ، سەن بۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ نېمىمۇ قىلارسەن، بۇنىڭ ئىچىدە سېنى نېمىلەرنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، — قىز شۇنداق جاۋاب بەردى.

— سوغۇق، ئاچارچىلىق، ئۆچمەنلىك، مەسخىرە، كەمسىتىش، ھاقارەت، تۈرمە، كېسەللىك، ھەتتا ئۆلۈم.

— بىلىمەن.

— ئادەملەردىن بىراقلا ئايرىلىپ تامامەن تەنھا قېلىش!

— بىلىمەن، كۆڭلۈمدە ھەممىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانمەن.

— بۇ يەردە رەقىبلىرىڭلا ئەمەس، يېقىن تۇغقانلىرىڭ، دوستلىرىڭمۇ ساڭا زەربە بېرىدۇ!

— ھەئە... ئۇلار ماڭا شۇنداق قىلسىمۇ چىدايمەن.

— ياخشى، سەن قۇربان بېرىشكە رازىمۇ؟

— ھەئە.

— بۇ نامسىز قۇربان بېرىش، سەن نابۇت بولسەن، ھەتتا بۇنى بىلىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ. سېنى ھېچكىم ھۆرمەتلەپ ياد ئېتىپمۇ يۈرمەيدۇ.

— ماڭا كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىقى، ئىچ ئاغرىتىشى كېرەك ئەمەس، نام ـ ئاتاقمۇ كېرەك ئەمەس.

— سەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە رازىمۇ؟

قىزچاق بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەن رازى.

ئىچىدىكى ئاۋاز بىردەم جىمىپ كەتتى. ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

— سەن كەلگۈسىدە ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە هازىرقى ئېتىقادىڭنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ياشلىق باهارىڭنى بىكاردىن - بىكار ئىسراپ قىلىۋەتتىم دەپ ئويلىمامسەن؟

— بۇنىمۇ بىلىمەن، سەن پەقەت مېنى كىرگۈزۈۋەتسەڭلا بولىدۇ.

— كىرگىن.

قىزچاق بوسۇغىدىن ئاتلىدى. قېلىن بىر پەردە ئاستا يېپىلدى.

— ئەخمەق، — ئارقىدا بىرەيلەن ئۇنى شۇنداق مەسخىرە قىلدى.

قاياقتىندۇر «ئەۋلىيا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

## ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا كۆرۈشمەن؟

ئەتىگەندە ئەينەككە قاراپ ساقال ئېلىۋېتىپ، تۇرۇپلا چىرايىمغا سىنچىلاپ قارىغۇم كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قارىسام، قارىسام بىر يەرلىرىم كۆزۈمگە سىغمىغاندەك كۆرۈندى. ئەينەكتە كۆرۈنگەن تاتىراڭغۇ، كۆز چاناقلىرى قورۇقلار بىلەن تولغان بۇ يۈز كۆلۈمسىرىگىنىچە كىملەرگىدۇر خۇشامەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. هە، ئېسىمگە كەلدى!

تۇنۇگۈن تەجرىبىخانا ئالدىدا هېلىقى تەلەيلىك ياش پىروفېسسورنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ ئۇنۋانىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى هەيران

قالارلىق دەرىجىدە تېز ئىدى. ئەمما، بۇ ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىك، قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىغا يامىشىشقا ماھىرلىقىدىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. ئەمدىلا مۇئاۋىن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى ياقلاپ بولغان بۇ خىزمەتدىشىمىزنىڭ خۇشامەت قىلىش ۋاستىسى ۋە كىشىنى جەلپ قىلىش ماھارىتىگە ھەممىمىز ھەيران بولماي تۇرالمايتتۇق.

بىز بىر - بىرىمىزنى ياقتۇرمايمىز، پەقەت شۇنداقلا سالاملىشىپ قويىمىز، بايا ئىشىك ئالدىدا ئۇنى ئۇچراتقان دەقىقىنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ خىل يېقىمسىز تۇيغۇ بەدىنىمنى سوغۇق تىترىتىپ ئۆتكەنىدى. لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈپلا چىرايىدا چاقماق تېزلىكىدە بىر بەختلىك تەبەسسۇم پەيدا قىلدى. ئۇ بۇ قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن بەك خۇشال بولغاندەك، قىزغىن كەيپىياتتا ئالدىمغا كەلدى، ئاندىن قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— سىزنى ئۇچراتقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن! نەچچە كۈن ئىلگىرى سىزنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپ توغرىسىدا يازغان ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم. قالتىس ياخشى يېزىلىپتۇ. ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ تېمىدا ھەمكارلىشالمىغانلىقىمىزدىن بەك ئەپسۇسلاندىم.

مەن ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم، چۈنكى مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىدى. شۇڭا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا سوغۇققىنە بىرەر ئېغىز تەكەللۇپ سۆزى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ قويساملا بولدى، دەپ ئويلىدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر چىرايىمغا ئىختىيارسىز كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئاۋازلىرىم سىلىقلىشىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن:

— ئاڭلىسام دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەنىمۇ پۈتكۈزۈپ بولاي دەپسىز، بەك ياخشى قىپسىز، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزغا ئىنتايىن قايىلمەن، پىروفېسسور.

سۆزلەۋېتىپ مەن يەنە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، بىرنەچچە قېتىم قاتتىق سىلكىپ قويدۇم. شۇ تاپتا بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەن-

لىكىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيتتىم. بۇ ئىشلارنى خۇددى بىرەر-سىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قىلىۋاتقاندەك يۇقىرىقى خۇشا-مەت سۆزلىرىنى شۇنداق جايىدا قىلدىم. يەنە تېخى شۇنداق تاتلىق كۈلدۈم.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئاشۇ يالاقچىلاردەك ھېجىيىشلىرىم، قولد-نى قويۇۋەتمەي ئۈزۈۋەندىن - ئۈزۈن سىلكىپ تۇتۇپ تۇرۇپ كەتكەن ھەجۋىي قىياپىتىم مېنى كۈنبويى بىئارام قىلدى. مەن ئىچىمدە ئۆزۈمنى ھەر خىل سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىدىم. مېنىڭ ئىرادەمگە باقمىغان ئاشۇ «مەن» نى، بەزى سورۇنلاردا ئەقىل - ئىدراكىنىمۇ باش ئەگدۈرىدىغان باشقا بىر «مەن» نى راسا قارغىدىم:

— بۇ زادى نېمە قىلىق؟ قوغدىنىش! ئاقىلانىلىك ياكى يالاقچى-لىقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى!

بۇ ياش پىروفېسسور مەندىن قابىلىيەتلىك ئەمەس. مەندىن ئە-قىللىكمۇ ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىدارىدىكى ئورنى بىزنىڭ تەجرىبىخانىنىڭ خىزمىتىگە باغلىق. مېنىڭ ھېچقاچان ئۇنىڭغا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. لېكىن مەن نېمىشقا بۇ تەلەيلىك ئادەم بىلەن كۆرۈشكەندە شۇنچە كۈچۈكلىنىپ كېتىمەن، بىرمۇنچە ياسالما خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلىمەن؟

ئەينەكتىكى چىرايىمغا تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ بىر قې-تىملىق ھەم بىچارە چىراي ئىدى. ئۇ ياسالما، خۇشامەتچى، ئىرا-دىسىز، ھايات يولىدىكى ھەربىر مۇھىم بۇرۇلۇش پەيتىدە ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايدۇ. خۇددى ئادەم بۇ دۇنياغا ئىككى قېتىم تۆرىلىدىغاندەك. قاراۋېرىپ ئۇشتۇمتۇت دەرغەزەپ بولدۇم...

## داۋىدنىڭ پۇرسىتى

داۋىد سىۋان چوڭ يولنى بويلاپ بوستونغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ تاغىسى سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭغا بوستونىدىكى دۇكىنىدىن بىر خىزمەت تېپىپ بەرمەكچى بولغانىدى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، بىر كۈن يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەن داۋىد بىرەر سايە يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقچى بولدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئەتراپىنى قويۇق دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان خىلۋەت بىر بۇلاق تۇۋىگە كەلدى. ئۇ ئېڭىشىپ بۇلاقتىن نەچچە ئوچۇم سۇ ئېلىپ ئىچتى، ئاندىن چاپىنىنى قاتلاپ بېشىغا قويۇپ، يۇمشاق چىملىقتا يېتىپ تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ راسا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان پەيتتە، ئىككى ئات قوشۇلغان بىر پەيتون ئۇدۇل مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. پەيتون بۇلاق بويىغا يېقىنلاپ قالغاندا ئاتنىڭ پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، توختاپ قالدى. پەيتوندىن ياشانغان بىر مۆتىۋەر ئايال چۈشتى ـ دە، داۋىدنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— قارىڭا، ئۇنىڭ بىر خىلدا نەپەس ئېلىپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان تۇرقىغا، ناۋادا مەنمۇ بىردەم مۇشۇنداق ئۇخلىۋالغان بولسام قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدىم! — دەپتۇ مۆتىۋەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئايالى ۋايساپ:

— بولدى قىلىڭە، بىز دەك قېرىلار ئەمدى بۇنداق تاتلىق ئۇخلىيالمايمىز. قاراڭ، ئۇ بالا بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىمىزغا بەك ئوخشايدىكەن. ئۇنى ئويغاتساق بولارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيدىغان تۇرساق!

— ئۇنىڭ چىرايىغا قاراڭ، شۇنداق ئاق كۆڭۈلدەك تۇرمامدۇ؟

داۋىد بەخت ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. بۇ ياشانغان مۆتىۋەر ئىنتايىن باي كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى تېخى يېقىندىلا بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئادەم كۆپىنچە بەزى غەلىتە ئىشلارنى قىلىدۇ. ئائىلى، بىرەر ناتونۇش يىگىتنى ئوغۇل قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز مۈلكىگە مىراسخور قىلىدۇ. بىراق، داۋىد ئويغانماي ئۇخلاۋەردى.

— ئۇنى ئويغىتايلىچۇ! — مۆتىۋەرنىڭ ئايالى سۆزىنى قايتىلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ھارۋىكەش:

— تېز ماڭايلى، پەيتون ئوڭشالدى، — دەپ ۋارقىرىدى. ئەر - ئايال ئىككىيلەن داۋىدقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قاراپ قويۇپ، ھارۋا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەي، بىر گۈزەل قىزچاق خۇشال - خۇرام ھالدا بۇلاق تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بۇلاق بويىدا توختاپ، بۇلاقتىن بىر ئوچۇم سۇ ئىچتى. ئاندىن داۋىدنى كۆردى. ئۇ خۇددى باشقىلارنىڭ ھۇجرىسىغا ئىجازەتسىز كىرىپ قالغان ئادەمدەك ھودۇقۇپ، ئالدىراپ ماڭماقچى بولۇۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت داۋىدنىڭ بېشىدا بىر چوڭ ھەرىنىڭ غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئىختىيارسىز قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يەلپۈپ ھەرىنى قوغلىۋەتتى.

داۋىدقا قاراپ قىزنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ:

— ئەجەب كېلىشكەن يىگىتكىنا! — دەۋەتتى. بىراق، داۋىد مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

قىز ئىلاجىسىز تېز - تېز مېڭىپ كېتىپ قالدى. ئەگەر شۇ چاغدا داۋىد ئويغانغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قېلىشى، ھەتتا توي قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ قىزنىڭ دادىسى ناھايىتى پۇلدار سودىگەر ئىدى.

قىزنىڭ كېتىشىگىلا، بۇلاق بويىغا شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىۋالغان ئىككى بۇلاڭچى كەلدى. ئۇلار داۋىدنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە بىر يامان خىيالنى پۈكتى.

— بەلكىم، بۇ شۈمتەكنىڭ يېنىدا پۇل بولۇشى مۇمكىن.

بۇلاڭچىلارنىڭ بىرى يېنىدىن پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى چىقىرىپ:

— بېرىپ يانچۇقىنى سىيلاپ باقايلى، ئەگەر ئويغىنىپ كېتىپ قالسا، بۇنىڭ بىلەن ئەدىپىنى بېرىمىز، — دېدى. ئۇلار ئەمدى قول سالاي دېيىشىگە بىر ئىت بۇلاققا سۇ ئىچكىلى كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار قورقۇپ ئالاقزادە بولۇشتى.

— توختا، ئىتنىڭ ئىگىسى بەلكىم يېقىن ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن.

— ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈك، بولدى، تېز كېتەيلى، — ئىككى بۇلاڭچى غىپپىدە تىكىۋەتتى.

يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئات ھارۋىسىنىڭ ئاۋازى داۋىدنى ئويغاتتى. ئۇ ھارۋىغا سەكرەپ چىقىۋېلىپ، چاڭ - توزاندا تېزلا غايىب بولدى.

داۋىد ئۆزى ئۇخلاۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئاشۇ ئامەت ۋە ئاپەتنى مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ. بىراق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ دۇنيادا ھەممىلا ئادەم شۇنداققۇ!

## چۈمۈلىلەر ئۇرۇشى

بىركۈنى، ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىدىكى ئوتۇن دۆۋىسىگە، توغرىسىنى ئېيتقاندا دۆۋىلەپ قويۇلغان بادرىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، تۇيۇقسىز يوغان ئىككى چۈمۈلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى قىزىل، يەنە بىرى قارا چۈمۈلە بولۇپ، چوڭلۇقى بىر - بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ئىدى. ئۇلار قارشى تەرەپنى تۇتۇپلىۋالسا ھەرگىز قويۇۋەتمەيتتى. ياغاچنىڭ ئاراچلىرىغا كىرىۋېلىپ ئۇرۇشاتتى، ئۇسۇشەتتى، دومىلىشاتتى، دەقىقە ئارام ئالمايتتى. سەپسېلىپ قاراپ، ياغاچ دۆۋىسىنىڭ بۇنداق جەڭچىلەر بىلەن لىق تولغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ ئىككى چۈمۈلىنىڭ ئېلىشىشى ئەمەس، بەلكى كەسكىن توپ ئۇرۇشى، ئىككى خىل تىپتىكى چۈمۈلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق ئۇرۇش ئىدى. قىزىل چۈمۈلىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن قارا چۈمۈلىنى يېڭىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ياغاچتىن ياسالغان بۇ جەڭ مەيدانىدىكى «دۆڭلۈك» ۋە «ئازگاللار» غا يارىلانغان، ئۆلگەن «جەڭچىلەر» تۇشۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئى-

دى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ئۇرۇشنى كۆرۈشۈم، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق شىددەتلىك جەڭ مەيدانىغا كىرىشىم ئىدى. بۇ ئەڭ قانلىق قىرغىنچىلىق بولۇپ، قىزىل كىيىملىك جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارمىيەسى بىلەن قارا كىيىملىك ئىمپېرىيە ئارمىيەسى ئىككى تەرەپ بولۇپ بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشىۋاتاتتى. بۇنداق جەسۇرلۇق ئىنسانىيەتنىڭ جەڭلىرىدىمۇ كەم ئۇچرايتتى. ھالبۇكى، بۇ جەڭ ئاۋازسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بىر تال ياغاچتا تارغىنە بىر ئويمات بار بولۇپ، ئويماتتا بىر جۈپ رەقىب مەھكەم چىرمىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ رەقىبىنى چوقۇم ھالاك قىلىش قارارىغا كەلگەندەك قىلاتتى. ئۆزۈممۇ سەزمەستىن مېنىڭمۇ قېنىم قىزىپ كەتتى. خۇددى كۆرۈۋاتقىنىم ئىنسانىيەت ئارىسىدا بولۇۋاتقان بىر مەيدان ئۇرۇشتەك. ئويلىسىڭىز بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. ئامېرىكا تارىخىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئالماي تۇرايلى. ھېچبولمىغاندا، كونكوردنىڭ تارىخىدا بۇ بىر مەيدان چۇمۇلە ئۇرۇشىدەك ئۇرۇشنى يوق دېيىشكە بولىدۇ. مەيلى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى جەھەتتىن بولسۇن ياكى جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، جەڭگىۋارلىقى جەھەتتە بولسۇن، زادىلا بۇنداق ئۇرۇش يوق. شۈبھىسىزكى، چۇمۇلىلەر بىر خىل ئېتىقاد ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەقەت ئۈچ پېنسلىق چاي بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇرۇشمىغانلىقىغا سەل ـ پەل ئوخشىشىپ قالىدۇ. چۇمۇلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى «پۇنكا تېغى ئۇرۇشى»[1] نىڭ بىزگە بولغان ئەھمىيىتىدىن قېلىشمايدۇ.

---

پۇنكا تېغى — ماسساچۇسكى ئىشتاتى چارس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك تاغنىڭ ئىسمى. 1775 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مۇشۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى توپ ئوقى ئېتىلغان.

## بەخت دېگەن بىر قاچا سۇ

بۇرۇن بىر باي بىلەن بىر كەمبەغەل بەختنىڭ نېمىلىكى توغ-رىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

كەمبەغەل:

— ھازىرنىڭ ئۆزى بەخت، — دەپتۇ.

باي كەمبەغەلنىڭ ئەسكى كەپىسى، يىرتىق ئۇستىباشلىرىغا مەنسىتمىگەن ھالدا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مۇشۇنىمۇ بەخت دېگىلى بولامدۇ؟ يۇزلەپ ياسىداق ئۆيۈڭ، مىڭلاپ چاكىرىڭ بولسا، ئاندىن بەختلىك بولىسەن، — دەپتۇ.

بىركۈنى باينىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، پۈتۈن بىساتى كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپتۇ. چاكارلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە كېتىپتۇ. باي بىر كېچىدىلا قەلەندەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

يازنىڭ تازا تىنجىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بەدىنىنىڭ ھەممە يې-رىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان، ئۇسساپ تىلى گېلىغا چاپ-لىشىپ قالاي دېگەن قەلەندەر ھېلىقى كەمبەغەل كىشىنىڭ ئۆيى-نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كەمبەغەلدىن بىر قاچا سوغۇق سۇ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنى تونۇۋالغان كەمبەغەل كىشى ئۇنىڭدىن:

— سىز ھازىر نېمىنى بەخت دەپ بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتى-كەن، قەلەندەر كەمبەغەلنىڭ قولىدىكى سۇغا قاراپ بىتاقەت بولغان ھالدا:

— بەخت قولىڭىزدىكى ئاشۇ بىر قاچا سۇ، — دەپتۇ.

## مەڭگۇ ئۆرە تۇرغان ئادەم

ئەنگلىيە يازغۇچىسى جونسون بەلكىم دۇنيا بويىچە ئۆلگەندىن

كېيىنمۇ تىك تۇرغان بىردىنبىر ئادەم بولسا كېرەك.

جونسون ھايات چېغىدا قەبرىستانلىقتىن ئۆزىگە يەرلىك تاللاپ قويۇپتۇ. ئەمما، ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدىلا كىشىلەر بۇ يەرلىككە ئا-دەم قويۇلۇپ بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. بىراق ئىككى قەبرىنىڭ ئوت-تۇرىسىدا بىر كىچىك ئارىلىق بولۇپ، بىر ئادەمنى تىك قويغىلى بولىدىكەن. ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئىشنى سەكراتتىكى جونسونغا ئېيتىپتۇ.

جونسون:

— تىك تۇرۇپ ياشاشقا بولغانىكەن، تىك تۇرۇپ ئۆلۈشكىمۇ بولىدۇ. مېنى تىك تۇرۇپ ئۆلگىلى قويۇڭلار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى يەرلىككە تىك تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

گەرچە بۇ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر دائىم بۇ ئىشنى ھاياجان بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ دۇنيادا تىك تۇرۇپ ياشايدىغانلار تۈگەپ كېتىۋاتقان يەردە، تىك تۇرۇپ ئۆلىدىغانلارمۇ بولىدىكەن - ھە!

## يولۇچى ۋە پالتا

ئىككى ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ بىرسى پالتا تېپىۋېلىپ:

— قارا، مەن پالتا تېپىۋالدىم، — دەپتۇ. يەنە بىرسى:

— «مەن» تېپىۋالدىم دېمەي، «بىز» تېپىۋالدۇق دېيىشىڭ كې-رەك، — دەپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن پالتىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەم كېلىپ، پالتىنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە:

— پالتامنى ئوغرىلىۋاپسەن، — دەپ ئېسىلىۋاپتۇ.

بۇ چاغدا پالتا تېپىۋالغان ئادەم ھەمراھىغا:

— ئەستا، بىز ئەمدى تۈگەشتۇق، — دەپتۇ.

— «بىز» دېمەي «مەن» دېيىشنىڭ كېرەك، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ يەنە بىرسى.

بىر ئادەم ئېرىشكەنلىرىدىن دوستى بىلەن تەڭ بەھرىمەن
بولالمىسا، پالاكەتكە ئۇچرىغاندىمۇ باشقىلارنىڭ تەڭ تارتىشىپ بې-
رىشىدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى كېرەك.

## بۇت

مەلۇم بىر يېزىنىڭ دوقمۇشىدا بىر بۇتخانا بار بولۇپ، بۇتخا-
نىدا بىر ياغاچ بۇت قويۇقلۇق ئىكەن. لېكىن تاۋاپ قىلىدىغان ئا-
دەم بولمىغاچقا، توپا - چاڭ بېسىپ تۇرىدىكەن. بىركۈنى بىر ئادەم
كېتىۋېتىپ ئېرىقتىن ئۆتەلمەپتۇ - دە، ھېلىقى كېرەكسىز بۇت
ئېسىگە كېلىپ، بۇتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئېرىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا
قويۇپ، ئۇنىڭغا دەسسەپ سۇدىن ئۆتۈپتۇ. كېيىن كىشىلەر شۇ
بۇتقا دەسسەپ سۇدىن ئۆتىدىغان بوپتۇ.

ئاخىر بىر ئادەمنىڭ بۇتنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغانلىقىغا كۆڭلى
ئۇنىماي، ئۇنى پاكىزلاپ ئېھتىرام بىلەن ئۆز ئورنىغا يۆلەپ قو-
يۇپتۇ. لېكىن بۇت ئۇنى كۈجە كۆيدۈرمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەپ بالا -
قازا تىلەپتۇ. ھېلىقى ئادەمنىڭ توپتوغرا يېرىم ئاي بېشى ئاغرىپ-
تۇ. بىرەيلەن بۇتنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا سېنى دەسسىگەن ئادەمگە بالا كەلمەي، يۆلەپ قوي-
غان ئادەمگە بالا كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، بۇت:

— سەن بىلمەيسەن، ئاق كۆڭۈل ئادەمنىلا ئاسان بوزەك قىلغى-
لى بولىدۇ، — دەپتۇ.

ياۋاشنى بوزەك قىلىپ، ياماندىن قورقۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ
بىر ئاجىزلىقى.

# بۆرىلەرنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىشى

بىر ئوۋچى بىر توپ بۆرىنى قوغلاپ بىر ئۆڭكۈرگە سولىۋاپتۇ. ئوۋچى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بىرلا قاپقان قۇرغان بولۇپ، قايسى بۆرە ئالدىدا چىقسا، شۇ قاپقانغا چۈشۈپ قالىدىكەن، بىراق قالغانلىرى قۇتۇلىدىكەن.

بۆرىلەر ئۆڭكۈردە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئاچ قالغاندىن كېيىن، كىمنىڭ ئۆڭكۈردىن ئالدىدا چىقىشىنى مۇزاكىرە قىپتۇ.

قېرى بۆرە:

— مېنىڭ يېشىم ھەممىڭلارنىڭكىدىن چوڭ، مەن ئالدىدا چىقسام تازا مۇۋاپىق بولماس، — دەپتۇ.

كىچىك بۆرە:

— ئاراڭلاردا ئەڭ كىچىكى مەن، مېنى چىق دېسەڭلار قاملاشماس، — دەپتۇ.

ئانا بۆرە:

— ئۆيۈمدە ئۈچ كۈچۈكۈم بېرىپ ئېمىتىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشىگە كۆڭلۈڭلار ئۇنامدۇ؟ — دەپتۇ.

بىر توكۇر بۆرە:

— مەن يارىلاندىم، ماڭا ئېتىبار قىلىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.

ئەڭ ئاخىردا بىر قاۋۇل بۆرىلا قاپتۇ. ئۇ:

— مەن ئالدىدا چىقسام بولىدۇ. بىراق، ئەگەر مەن ئەڭ ئارقىدا چىقسام كۆپچىلىكنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالايمەن، ئوۋچىنى چىشلەپ ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئوۋچى ئاچلىقتىن ئۆلگەن بىر توپ بۆرىنى سۆرەپ چىقىپتۇ.

# خارابىلىكتىكى گۈل

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېڭىلا ئاخىرلاشقاندا، گېرمانىيەنىڭ ھەممىلا يېرى خارابىلىككە ئايلانغانىدى.

ئىككى ئامېرىكىلىق يەر ئاستى ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق بىر گېرمانىيەلىكنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى زىيارەت قىپتۇ. گېرمانىيەلىكنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن ئىككىيلەن يولدا ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىشىپتۇ.

ئا: ــــ سېنىڭچە ئۇلار يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇپ چىقالارمۇ؟

ب: ــــ چوقۇم قۇرۇپ چىقالايدۇ.

ئا: ــــ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كەسكىن جاۋاب بېرىسەن؟

ب: ــــ سەن ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئۈستەلگە نېمە قويۇلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

ئا: ــــ بىر لوڭقا گۈل.

ب: ــــ ھەرقانداق بىر مىللەت مۇشۇنداق ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ گۈلنى ئۇنتۇپ قالمىسا، ئۇلار چوقۇم بۇ خارابىلىكتە يۇرت ـ ماكانلىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقالايدۇ، ــــ دەپتۇ.

# خۇشاللىق ئىزدەش

بۇرۇن بىر ئادەم بار ئىكەن، ھەممىشە خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىكەن. دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە ئۇنى خۇشال قىلىدىكەن، ھەتتا بىر تۇپ ئوتنى كۆرسىمۇ خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىدىكەن.

بىركۈنى ئۇ تۇرۇپلا، خۇشاللىقىم يەنە بارمۇ ـ يوق، دەپ قاراپ باققۇسى كېلىپ، پەسكە ئېگىشىپتۇ. بىراق ئۇ ئېگىششى بىلەنلا خۇشاللىقى يوقاپ كېتىپتۇ.

ــــ نېمە ئىش بۇ، ئۇ تېخى بايىلا بار ئىدى. بىردىنلا يەرنىڭ ئاراچلىرىغا كىرىپ كەتكەندەك غايىب بولۇپ كەتتىغۇ! ــــ دەپتۇ

ھېلىقى ئادەم ھەيران بولغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشاللىق ئىزدەپ تاغ ـ دەريالارنى، ئورمان ـ دالالارنى كېزىپتۇ. كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇشاللىقلىرىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى تاپالماپتۇ. بەللىرى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ بۈلۈك ـ پۇچقاقلارنىمۇ ئالا قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ، يىتتۈرۈپ قويغان خۇشاللىقىنى تاپالماپتۇ.

ئاخىر ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـــ بولدى، ئەمدى ئىزدىمەيمەن، يىتسە يىتمەمدۇ. ئەجەبا، خۇشاللىقنى دەپ بىر ئۆمۈر ئېگىلىپ ماڭامدىم، ـــ دەپتۇ.

شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ ئەمدىلا قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇشىغا خۇشاللىقى قايتىپ كەپتۇ. خۇشاللىق قانداق يوقالغان بولسا، يەنە شۇنداق قايتىپ كېلىدۇ.

# ھۇزۇر ۋە شادلىق

بۈرۈن بىر پومېشچىك كەمبەغەللەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، ھېسابسىز مال ـ دۇنيا توپلاپتۇ. شۇڭا ئۇ كۈنبويى ئەيش ـ ئىشرەتخانىلاردا ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. قورساق توقلاش، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىشنى خىيال قىلمايدىكەن. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئۇمۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

يەنە بىر نامرات تالىپ بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خانلىق ئىمتىھاندا بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ كۆڭلىگە شۇنداق غايىنى پۈككەچكە، بىردەم بىكار تۇرماي ئۆز ئۆگىنىشى بىلەن بەند بولىدىكەن، شۇنداقلا ھەمىشە بىرى قۇلىقىغا:

«كۈچە، تىرىشىپ ئوقۇ، مەنسەپكە ئېرىش» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن.

ئۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە كىتاب ئوقۇسىمۇ، زادىلا ئۇيـ-
قۇسى كەلمەيدىكەن. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. تالىپنىڭ بىلـ-
دىغانلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپتۇ.

بىركۈنى تالىپ جامائەت ئالدىدا جاھاننىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى قىپتىكەن، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى پومپىشچىككە نا-
ھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كېتىپ، ئۆيىگە بېرىپ ئۇمۇ كىتاب ئوقۇپتۇ. بىراق ئىككى ۋاراق ئوقۇ - ئوقۇمايلا مۈگدەك بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

مانا بۇ ھۇزۇرلىنىش بىلەن خۇشاللىقنىڭ پەرقى.

ھۇزۇرلىنىش بىر خىل قۇرۇق ئۆڭكۈر، خۇشاللىق بولسا تەگ-
سىز چوڭقۇرلۇق.

## خۇشاللىقنىڭ پەيتى

بىر توپ ياشلار تۇرمۇشنى ناھايىتى مەنىسىز، زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، خۇشاللىق ئىزدەپ نۇرغۇن جايلارنى كېزىپتۇ. ئەمـ-
ما، خۇشاللىق ئىزدەش يولىدا يەنە نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپتۇ. ئازاب - ئوقۇبەت تارتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇستازى سوقراتتىن:

— ئۇستاز، خۇشاللىق زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن بىز خۇشاللىق ئىزدەپ، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپ ئازابقا دۇچار بولىمىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، سوقرات:

— سىلەر ئالدى بىلەن ماڭا بىر كېمە ياسىشىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ياشلار خۇشاللىق ئىزدەيدىغان ئىشنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، كېمە ياساشقا لازىملىق ھەرخىل سايمانلارنى تېپىپ كەپتۇ ھەممىدە بىر تۈپ ھەم ئېگىز ھەم چوڭ دەرەخنى ھەرىدەپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرد-
سىنى ئويۇپ بىر كېمە ياساپتۇ. كېمە پۈتكۈچە تۇپتوغرا 49 كۈن

ۋاقىت كېتىپتۇ.

كېمە پۈتكەن كۈنى ئۇلار كېمىنى سۇغا چۈشۈرۈپ، سوقراتنى كېمىگە چىقىرىپتۇ ھەم بىر تەرەپتىن پالاق ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تەكشى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا سوقرات ئۇلاردىن:

— بالىلىرىم، سىلەر ھازىر خۇشالمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىنتايىن خۇشال، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتلار.

سوقرات:

— خۇشاللىق دېگەن مانا مۇشۇنداق نەرسە، ئادەم بىرەر ئىشقا ئۈچۈن ئالدىراپ، باشقا ئىشلارغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان چاغدا تو-يۇقسىز لا كېلىدۇ، — دەپتۇ.

## كىم ئەڭ تەلەيلىك

بىر گۈلزارلىقتا نۇرغۇن چىرايلىق ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپتۇ. كۈن نۇرى، شەبنەم، تۇپراق تەڭلا ھەربىر گۈلنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك گۈل بولۇشىنى تىلەپتۇ. گۈللەرنىڭ ھەممىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپتۇ...

بۇ چاغدا، چىرايىدىن ھەسرەت - نادامەت چىقىپ تۇرغان بىر ئانا گۈللۈككە كىرىپتۇ - دە، ھەم چىرايلىق، ھەم چوڭ بىر ئە-تىرگۈلنى ئۈزۈپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەن قىزىنىڭ قەبرىسىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ئەتىرگۈل مەن بىر ئانىنىڭ سۆ-يۈشى ۋە ئەزگۈ تىلىكىگە ئېرىشتىم، مەن ئەڭ تەلەيلىك دەپ ئويلاپتۇ.

ئارقىدىنلا گۈللۈككە بىر شائىر بىلەن بىر رەسسام كىرىپ كەپتۇ. ھەربىرى بىردىن چىرايلىق ئەتىرگۈل ئۈزۈپ كېتىپتۇ. قايتقاندىن كېيىن رەسسام گۈلنى لاتىغا سىزىپتۇ. شائىر گۈلگە ئاتاپ ئاجايىپ گۈزەل مىسرالارنى تىزىپتۇ. بۇ ئىككى ئەتىرگۈل خۇشال بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە مەن ئەڭ تەلەيلىك، دەپتۇ.

مەيىن شامال يۈزىدىن سۆيگەن، قۇرۇتۇپ ئۆيلەرگە تىزىپ قو-يۇلغان، باغۋەن تىزىپ ئايرىپ غوجايىنىغا تەقدىم قىلغان... ھەر-بىر ئەتىرگۈلنىڭ ئۆز ھېكايىسى بار. ھەربىر ئەتىرگۈل كىشىلەر-گە ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، ھەربىر ئەتىرگۈل ئۆزىنىڭ «ئەڭ تەلەيلىك» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك.

## كېرەكسىز تاش ۋە كېرەكلىك خىش

يۈز ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي ناھايىتى تېتىك، تىمەن كۆرۈ-نىدىغان بىر بوۋاي بىر ئەۋلىيانى ئۇچرىتىپتۇ. بوۋاي ئەۋلىياغا:
— بالا چاغلىرىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ھېچ ئىش قىلماي، بىكارچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزدۈم. تەڭتۇشلىرىم ئارقا - ئارقىدىن ئۇ ئالەمگە كەتتى. ئۇلار ھايات چېغىدا بوز يەر ئېچىپ، نەچچە يۈز مولاپ مۇنبەت ئېتىز ۋە باغ ئورمان بىنا قىلدى، لېكىن ئۆلگەندە ھەممىسى قالدى. ھەر ئۇزۇن يوللارنى ياسىدى - يۇ، بۇ يوللاردا ھۇزۇرلىنىپ مېڭىپ باقمىدى. قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلەرنى سال-دى، بىراق بارغان يېرى چۆلدىكى يالغۇز قەبرە بولدى. مەنچۇ؟ گەرچە ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق قىلىپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن بىر كۈنمۇ ئاش - نانسىز قالمىدىم. بىرەر چامدام يول ياسىمىغان بولساممۇ، داغدام يولدا مېڭىپ كېلىۋاتىمەن. بىرەر تال كېسەك قويۇپ باقمىغان بولسامۇ، بوران - يامغۇرغا دالدا بولالايدىغان ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمەن. ھەزرىتىم، قېنى ئۆزىڭىز بىر دەپ بېقىڭە، ئۇلارنى بىر ئۆمۈر ئىشلەپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي بىر چامدام يەرنى قۇچاقلاپ ياتتى، دەپ مەسخىرە قىلسام بولامدۇ - يوق؟ — دەپتۇ.
ئەۋلىيا ھېلىقى بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قو-يۇپتۇ ۋە ئۇنى:
— بىر تال خىش ۋە بىر تال تاش تېپىپ كېلىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

خىش بىلەن تاشنى ئەكەلگەندىن كېيىن، بوۋايغا ئىككىسىدىن بىرنى تاللىتىپتۇ. بوۋاي خىشنى تاللاپتۇ ھەمدە:

— خىش كارغا كېلىدىغان نەرسە بولغاچقا خىشنى تاللىدىم، — دەپتۇ.

ئەۋلىيا بوۋايدىن يەنە:

— تاشنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ياكى خىشنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، بوۋاي:

— ئەلۋەتتە تاشنىڭ ئۇزۇن، — دەپتۇ.

ئەۋلىيا كۈلۈپ قويۇپ:

— تاشنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تاللىماي نېمىشقا ئۆمرى قىسقا خىشنى تاللايدۇ؟ بۇ پەقەت خىشنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىدىن بولۇۋاتقان ئىش. بۇ جاھاندا ھەممە نەرسە شۇنداق. ھەرقانداق نەرسە ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، ئادەم ۋە تەبىئەتكە پايدىلىق بولىدىكەن، ئادەممۇ، تەبىئەتمۇ ئۇنى تاللايدۇ، ئۇنى ياد ئېتىدۇ. ئۆمرى ئۇزۇن نەرسىلەرمۇ ئادەم ۋە تەبىئەتكە كېرەكسىز بولسا، بىردەك تاشلىۋېتىلىدۇ، تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئۆز سۆزىدىن ئۇيالغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

## ساھىبجامال بېلىق

دېڭىزدا ياشاشنى زېرىكىشلىك ھېس قىلىدىغان بىر بېلىق دائىم پۇرسەت تېپىپ دېڭىزدىن كېتىشنى ئويلايدىكەن. بىركۈنى ئۇنى بېلىقچى تۇتۇۋېلىپ، بىر كونا ئىدىشقا سېلىپ بېقىپتۇ.

بېلىقچى ھەر كۈنى ئىدىشقا بېلىق يېمى تاشلاپ بېرىدىكەن. بېلىق قورسىقى ئاچقاندا تەييارنى يەپ، ھارغاندا ئۇخلايدىغان بۇنداق تۇرمۇشتىن ناھايىتى خۇرسەن ئىكەن. كۈنسېرى پارقىراپ، سىلىقلىشىپ كېتىۋاتقان قامىتىدىن تېخىمۇ خۇرسەن ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بېلىقمۇ ئۈيناپ يۈرۈۋېرىپتۇ، ئەمما كۈنلەر ئۆزارغانسېرى بۇنداق بىر خىلدىكى تۇرمۇشتىن بىر ئاز زېرىككەندەك بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ دېڭىزغا قايتىشقا رايى بارماپتۇ. ئۇ دائىم ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن بىر چىرايلىق بېلىق» دەيدىكەن. ئادەتتە بېلىقچى دېڭىزغا بىر چىقىپ كەتسە، 10 ~ 15 كۈندە ئاران قايتىپ كېلەلەيدىكەن. بۇنداق كۈنلەردە بېلىق كۈنبويى بېلىقچىنىڭ ئوغلىنىڭ ئاشقان تامىقىنى يەيدىغان بولغاچقا، كەيپىياتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ كېتىدىكەن.

ئاخىر بىر كۈنى بېلىقچىنىڭ دېڭىزدا كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرى كەپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئوغلى نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. كېتىدىغان چاغدا ھەممە نەرسىنى ئېلىپ، ھېلىقى چىرايلىق بېلىقنىلا ئۇنتۇپ قاپتۇ. بېلىق دەسلەپتە بېلىقچىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مېھرىبانلىقلىرىنى، ئەمدىلىكتە قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ. بارا ـ بارا ھەممىدىن ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ. ئىدىشنىڭ كىچىكلىكىدىن، يېمەكلىكنىڭ ناچارلىقىدىن، بېلىقچىنىڭ ئوغلىدىن ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپ ئاغرىنىپتۇ. بېلىقچىنىڭ ناچار ھاۋادا يەڭگىللىك بىلەن دېڭىزغا چىققانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ. ھەتتا دېڭىزدىن كېتىشنى قارار قىلغاندا، ھەمراھلىرىنىڭ ئۆزىنى توسۇپ قالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ. خىيالىغا كەلگەن ھەممە ئىشتىن، ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىپتۇ. پەقەت ئۆزىدىن ئاغرىنىشنىلا ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئىدىشتىكى بېلىق قارىماققا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغانىكەن.

## جىلغىنىڭ سىرى

كانادانىڭ كۋېبېك دېگەن يېرىدە جەنۇبىتىن شىمالغا سوزۇلغان

بىر جىلغا بار بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي ئېتىكىدە كېدىر قارىغىيى، بۇرجۇن قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسىدۇ. شەرقىي ئېتىكىدە بولسا پەقەت كېدىر قارىغىيىلا ئۆسىدۇ. بۇ خىل مەنزىرە تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، كانادالىق ئاددىي بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇ سىرنى ئاچقان.

1933 ـ يىلى قىش پەسلىدە، بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھى بۇ ـ زۇلۇش گىردابىغا كېلىپ قاپتۇ. ئەمما، ئەر ـ ئايال ئىككىسى بۇنداق بولۇشنى خالىمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار مۇھەببەت ۋە شارائىتنى يەڭگۈشلەپ بېقىش ئارقىلىق ئۆتكەن كۈنلەردىكى شېرىن مۇھەببەتنىڭ ئىزنالىرىنى تاپماقچى بولۇپ، بىر قېتىملىق رومانتىك ساياھەت قىلىشنى ئويلاپتۇ.

ئۇلار ساياھەت قىلىپ بۇ جىلغىغا كەلگەندە، قاتتىق قار يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇلار چېدىر قۇرۇپ، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇن ـ لىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، توساتتىن ئالاھىدە شامال يۆنىلىشى تۇ ـ پەيلى، شەرق ئېتەكتە قارنىڭ كۆپ ۋە زىچ بولىدىغانلىقىنى بايقاپ ـ تۇ. ھايال ئۆتمەي كېدىر قارىغىيىغا قېلىن بىر قەۋەت قار قونۇپ ـ تۇ. بىراق قار يېغىلىپ مەلۇم دەرىجىگە كەلگەندە، كېدىر قارىغا ـ يىنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى ئېگىلىپ قار ئۆزلۈكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋال قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپتۇ. كېدىر قارىغىيىنىڭ بىر تال شېخىمۇ سۇنماپتۇ، لېكىن قىزىل ئۇجمىگە ئوخشاش بەزى دەرەخلەرنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتى بولمىغاچقا، شاخلىرى سۇنۇپ كېتىپتۇ. غەربىي ئېتەكتە قار ئاز بولغانلىق ـ تىن، كېدىر قارىغىيىدىن باشقا قىزىل ئۇجمە، ئارچا، بۇرجۇن قا ـ تارلىق دەرەخلەرمۇ بۇ خىل مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتەلىگەن.

ئايالى بۇ ھادىسىنى بايقاپ، ئېرىگە:

ــ بۇ جىلغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىمۇ چوقۇم باشقا دەرەخلەر ئۆسۈپ باققان، ئەمما ئۇ خىل دەرەخلەر ئەۋرىشىملىككە ئىگە بول ـ مىغاچقا، قار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان، ــ دەپتۇ.

ئېرى بېشىنى لىڭشىتىپ ئايالىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىككىيلەن توساتتىنلا بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئۆزئارا چىڭ قۇچاقلىشىپتۇ.

## چالىنىڭ بېلىق تۇتۇشى

بىر سودىگەر پىرىستاندا بىر بوۋاينىڭ بېلىق تۇتقىنىغا قاراپ تۇرۇپتۇ، بوۋاي ھەر قېتىم تۇتۇۋالغان بېلىقنى قارماقتىن ئېلىپ دېڭىزغا تاشلاپتۇ.

— بېلىقلارنى تۇتقان ئادەم ئېلىپ قالماي، نېمىدەپ تاشلىۋېتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر ھەيران بولۇپ.

بوۋاي ياندۇرۇپ:

— بۇ بېلىقلارنى ئېپقېلىپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يېمەمسەن!

— مەن بىر كۈندە ئۈچ تاللا بېلىق يېسەم تويىمەن، بۇنچىۋالا كۆپ بېلىق كەتمەيدۇ.

— سەن بۇ بېلىقلارنى ساتساڭ بولمىدىغۇ!

— ساتامدىم؟ بۇ بېلىقلارنى سېتىپ نېمە قىلىمەن؟

— پۇللۇق بولىسەن!

بۇ گەپنى دەۋاتقاندا سودىگەرنىڭ كۆزى چاقناپ كېتىپتۇ.

— ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نېمە قىلىمەن؟ — بوۋاي مەنسىتمىگەن ھالدا سوراپتۇ.

— بىر ساياھەت كېمىسى سېتىۋالىسەن.

— ساياھەت كېمىسىنى نېمە قىلىمەن؟

— ساياھەت كېمىسىنىڭ ئۈستىدە راھەت، بىمالال بېلىق تۇتالايسەن.

— مېنىڭ مۇشۇنداق بېلىق تۇتۇشۇم ساڭا شۇنداق تۇيۇلمىدىمۇ؟ بېلىقچى بوۋاينىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان سودىگەر ئاغزىنى

ئېچىپ قاراپ قاپتۇ.

ھەممە ئادەم قىلىۋاتقان ئىشنىڭ كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈللۈك ئەمەسلىكىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلىـ ـۋېتىدىغان ھەشەمەتلىك شەكىل كۆرۈنۈشتە باشقىلارغا ياخشى تۇيۇ ـغۇ بېرىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ھەممە ئادەمگە مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن.

## كۆڭۈلدىكى سۈرەت

جەنۇبىي تاغ باغرىدا بىر بۇتخانا بار بولۇپ، ئالدىدا بىر تۈپ تۇخۇمەك دەرىخى بار ئىكەن. بىر كۈنى سەھەردە بىر بالا راھىب ھويلا سۈپۈرگىلى چىقىپ، تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ تۇۋىدىكى تۆكۈلـ ـگەن يوپۇرماقلارنى كۆرۈپ، تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ياپيېشىل تۇرغان تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ بىر كېچىدىلا سار ـ غىيىپ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ ھەمدە سۈپۈرگىسىنى تاشلاپلا ئۇستازىنىڭ ھۇجرىسىغا كىر ـلىپ ئىشكىنى چېكىپتۇ.

ئۇستازى ئىشكىنى ئېچىپ شاگىرتىنىڭ پەرىشان چىرايىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملەپ خاۋاتىرلەنگەن ھالدا:

— بالام، تاڭ سەھەردە كۆڭلۈڭنى شۇنچە پاراكەندە قىلغان نېمە ئىش ئۇ!؟ — دەپ سوراپتىكەن، بالا دېلىغۇللۇق بىلەن:

— ئۇستاز، سىز دائىم پەرھىزلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا، تىر ـرىشىپ ئۆگىنىشكە ئۈندەيسىز. لېكىن مەن ئويلاپ قالدىم، مەن پەرھىزنى چىڭ تۇتۇپ، نوملارنى تولۇق يادلاپ ئىلىمدە ۋايىغا يەت ـكەنمۇ دەيلى، لېكىن ئادەم دېگەن بەربىر ئۆلىدىغان گەپكەن، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزۈممۇ، ئىلىممۇ كۈزدىكى يوپۇرماقتەك تو ـپىنىڭ تېگىدە قالامدۇ؟ — دەپتۇ.

قېرى راھىب بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھويلىدىكى تۇخۇ-مەك دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بالام، بۇنىڭغا قايغۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەتتە، كۈزدە تۆكۈلگەن يوپۇرماقلار شىۋىرغانلىق كەچ كۈزدە قاتتىق قار يېغىپ، ئەتراپ ئاپئاق قار - مۇزغا ئايلانغان قىش كۈنلىرىدە ئاس-تا دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، باھاردىكى چېچەك ۋە يازدىكى يوپۇر-ماققا ئايلىنىدۇ، — دەپتۇ.

— ئەمىسە، مەن نېمىشقا ئۇنى كۆرەلمەيمەن؟

— سەن ئۇنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆزەتمىدىڭ، شۇڭلاشقا گۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرەلمەيسەن.

يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ غۇنچىنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن، باھاردەك بىر گۈزەل قەلب، بىر خۇشال غەلىبە بولۇشى كېرەك. ئادەمدە مۇشۇنداق قەلب بولسا، ھەممە يەر گۈللۈكتەك كۆرۈنىدۇ.

## يالغانچىلىقنىڭ لايىھەلىنىشى

مۇنداق بىر بىمەنە ئويۇن بار، سىز ئىككى دوستىڭىز بىلەن بىرلىشىپ تۆتىنچى ئادەمنى تېپىپ، بۇ بىمەنە ئويۇننىڭ قۇربانى قىلساڭلار ئويۇننى باشلاشقا بولىدۇ.

مەلۇم بىركۈنى سىلەر نۆۋەت بىلەن ئۇنى يوقلاپ بارىسىلەر. ئالدىدا سىز بېرىپ ئۇنىڭغا:

— چىرايىڭىز باشقىچىلا كۆرۈنىدىغۇ! ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نې-مە؟ — دەيسىز غەمخورلۇق قىلغان قىياپەتتە.

ئىككىنچى ئادەم ئۇنى كۆرگىلى بېرىپ:

— بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتقاندەك قىلامدۇ - نېمە؟ تۇرقۇڭدىن خې-لىلا ئېغىر كېسىلى بار ئادەمدەك كۆرۈنىسەن! — دەيدۇ ئەستايىدىل قىياپەتتە.

ئۇچىنچى ئادەمنىڭ سۆزى ئۇنى تېخىمۇ بەك ئىشەندۈردى:

— چىرايىڭ نېمىگە ئوخشاپ قالدى، ئادەمنى ئەنسىرەتمەي دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنگىن، ئارقىغا سۈرمەي دەرھال بار! — دېدى.

سىلەر بۇ سۆزلەرنى راستتەكلا قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇ قۇرۇق بانلىق چوقۇم ئاغرىپ قالىدۇ.

ئادەمنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كىرىۋالسا، پۈتۈن ئەس - يادى شۇ ئىشتىلا قالىدۇ. پاسسىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پاسسىپ بىر نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. يالغان سۆز تەكرارلىنىۋەرسە، ھەقىقەتنىڭ سىياقىغا كىرىدۇ.

## ئاددىي قەلب

تومۇز كۈنلىرى، بوتخانىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقنىڭ بىر قىسمى قۇرۇپ كېتىپتۇ.

— تېزدىن ئازراق ئۇرۇق تېپىپ كېلىپ تېرىيلى، بۇ يەر بەكلا سەتلىشىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ شاگىرت جىددىيلەشكەن ھالدا.

— ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، — دەپتۇ ئۇستاز بەخىرامان ھالدا قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

تاۋۇز چاغىنىدا ئۇستاز بىر بولاق ئوت ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ كېلىپ شاگىرتىنى تېرىشقا بۇيرۇپتۇ. شاگىرت ئۇرۇقنى تېرىشقا ئۈلگۈرمەيلا، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ ئۇرۇقلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ.

— چاتاق بولدى، ئۇرۇقلارنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ ۋارقىراپتۇ كىچىك راھىب.

ئۇستاز:

— كېرەك يوق، ئۇچۇپ كەتكەنلىرىنىڭ تولىسى پۇچەك ئۇرۇقلار، تېرىغان بىلەنمۇ ئۈنمەيدۇ. ئۆز ھالىغا قويۇپ بەر، — دەپتۇ.

شاگىرت ئۆرۈكنى تېرىپ بولۇشىغىلا نەچچە قوشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۆرۈكلارنى چوقۇپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. كىچىك راھىب يەنە يۈگۈرۈپ كېلىپ دادخورلۇق قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، ئۇستازى خاتىرجەم ھالدا كىتابىنى ۋاراقلىغاچ:

— كېرەك يوق، ئۆرۈك ئەسلىدىلا كۆپ تەييارلانغان، قۇشقاچلار ھەممىنى يەپ بولالمايدۇ، — دەپتۇ.

يېرىم كېچىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. زادىلا تاقىتى قالمىغان كىچىك راھىب ئۇستازىنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇسسۇپ كىرىپ:

ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتى، ئۆرۈكنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى! — دەپتۇ.

ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئۇستاز كۆزىنىمۇ ئاچماستىن:

— قەيەرگە ئېقىپ بارسا، شۇ يەردىن ئۈنىدۇ، كارىڭ بولمىسۇن، — دەپتۇ.

ئارىدىن 15 ~ 20 كۈنلەر ئۆتۈپ، بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئاق يەر شۇنداق چىرايلىق يېشىللىققا ئايلىنىپتۇ. ئەتراپتىكى تېرىمىغان يەرلەرگىمۇ يېشىللىق يامراپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كىچىك راھىب خۇشاللىقىدىن سەكرەپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ. ئۇستاز بۇتخانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بېشىنى مەمنۇنىيەت بىلەن لىڭشىتىپتۇ.

پېشقەدەم راھىبنىڭ ئىشلارغا تۇتقان بۇ خىل پوزىتسىيەسى قارىماققا بەك بىخارامانلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپنى كۆرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى

بەزى ئىشلارنى كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭرەك تۇتۇپ، كۆپرەك ياخشى تەرەپكە تارتىپ ئويلاپ تۇرۇپ قىلغاندا، ئېھتىمال نەتىجىسى تېخىمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆكسى - قارنى كەڭ ئادەمنىڭ قەلبىدە تۇسالغۇ كۆپ بولمايدۇ. ئاددىي ھايات ئىچىدىن شائىرانە تۈيغۇ تاپالايدۇ. پەيلاسوپلاردەك تەپەككۇر قىلالايدۇ.

# ئەڭ ياخشى روھىي ھالەت

ياپونىيەلىك ساموراي‌لار دەۋرىدىكى بىر چايچى ساموراي‌چە ياسى-
نىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىركۈنى ئۇنىڭ يەنە ھاياجىنى
قوزغىلىپ، ساموراي‌چە ياسىنىپ كوچىغا چىقىپ، كۇتۇلمىگەندە
بىر ھەقىقىي ساموراي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. چايچى ھودۇقۇپ،
كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ ئاستا كېتىپ قالماقچى بول-
غانىكەن، ساموراي چايچىنىڭ ھودۇققىنىنى كۆرۈپ:
— شەمشىرىڭنى چىقار، بىز ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.
چايچى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشسام چوقۇم ئۆلىمەن، لېكىن
مەن بىر داڭلىق چايچى، ئۆلسەممۇ چىرايلىق ئۆلۈشۈم كېرەك، دەپ
ئويلاپتۇ ـ دە، سامورايىنى ئالداپ:
— مېنىڭ بېجىرمىسەم بولمايدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر ئىد-
شىم بار ئىدى. بېجىرىپ كېلىپ ئاندىن سەن بىلەن ئېلىشاي، —
دەپتۇ.
چايچى شەھەر بويىچە ئەڭ داڭلىق بىر شەمشەرۋازلىق سارىيىغا
كېلىپ، شەمشەرۋاز ئۇستازغا:
— مەن سەل تۇرۇپ بىر داڭلىق شەمشەرۋاز بىلەن ئېلىشماق-
چى. مەن شەمشەرۋازلىقتىن تامامەن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ
قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىم ئېنىق. شۇنداقتىمۇ يۇزۇم تۆكۈلمەيدى-
غانراق ئۇسۇلدا ئۆلگۇم بار. ماڭا بۇنىڭ ئامالىنى دەپ بەرگەن بول-
سىڭىز، — دەپتۇ.
شەمشەرۋاز ئۇستاز چايچى ئالدى بىلەن بىر چەينەك چاي دەملەپ
بەرسە، ئاندىن ئۆگىتىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چايچى بار-
لىق ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھاياتىدىكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر
چەينەك چاينى دەملەپتۇ. شەمشەرۋاز ئۇستاز چاينى ئىچكەندىن كې-

يەن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ چايچىغا:

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقان چاغدا، چاي دەملىگەن چاغدىكى مۇشۇ خىل روھىي ھالىتىڭىزنى ساقلىسىڭىزلا بولىدۇ، — دەپتۇ.

چايچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، قايتىپ بېرىپ ساموراي بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئۇ بەلباغنى چىڭ باغلاپ، شەمشىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سامورايغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساموراي ھەيران قېلىپ، كۆڭلىدە: «ئەسلىدە رەقىبىمنىڭ ماھارىتى بەك ئۇستۇن ئىكەن - دە» دەپ ئويلاپ، قورققىنىدىن شەمشىرىنى تاشلاپ ئۆمىلىگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

## پاتقاقتا ئىز قالىدۇ

جيەن جىن راھىب تەرىقەتكە كىرگەن چاغدا، ئىبادەتخانىنىڭ باش راھىبى ئۇنىڭ ئەقىللىق ھەم تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بوپتۇ ھەم ئۇنى يۇرت كېزەر راھىبلىققا قويۇپتۇ. بۇ ئىبادەتخانىدا ھېچكىم قىلىشنى خالىمايدىغان ئىش ئىكەن، چۈنكى يۇرت كېزەر راھىبلار سىرتقا چىققاندا ھەر كۈنى بوران، يامغۇردا قالغان، ھېرىپ - چارچىغانىنىڭ ئۇستىگە، سەدىقە تىلىگەندە كىشىلەرنىڭ ئالىيىشى، مەسخىرە قىلىپ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدىكەن.

جيەن جىن ئۇستازىنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، بىركۈنى سىرتقا چىقماي ئۇخلىۋاپتۇ. باش راھىب ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولغا باشلاپ كەپتۇ. يېڭىلا يامغۇر ياغقاچقا، يول بەكلا پاتقاق ئىكەن.

باش راھىب:

— سەن تۈنۈگۈن بۇ يولدا ماڭدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

جيەن جىن:

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ.

باش راھىب:

— ئۇنداقتا، ئۆزۈڭنىڭ ئاياغ ئىزىنى تاپالامسەن؟ — دەپتىكەن، جيەن جىن ھەيران بولۇپ:

— تونۇگۇن شاگىرتلىرى بۇ يولدا ماڭغاندا بۇ يول ھەم تۈز، ھەم قاتتىق تۇرسا، شاگىرتلىرى قانداقمۇ ئۆز ئاياغ ئىزىنى تاپالىسۇن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن باش راھىب كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداقتا، بۈگۈن ئىككىمىز بۇ يولدا مېڭىپ كۆرەيلى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاياغ ئىزىنى تاپالامسەن؟ — دەپتىكەن، جيەن جىن:

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ باش راھىب جيەن جىننىڭ دولىسىنى قېقىپ:

— ھەببەللى، پاتقاق يولدىلا ئاياغ ئىزى قالىدۇ. جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق! ئۆمۈر بويى ھېچقانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماي، جەبىر - جاپا كۆرمەي ياشىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قاتتىق يولدا ماڭغانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ. جەبىر - جاپانى كۆپ تارتقان، ئوڭۇشسىزلىققا تولا يولۇققان كىشىلەرنىڭ ھەربىر قەدىمىدىن خۇددى پاتقاقتا ئىز قالغاندەك چوڭقۇر ئىزلار قالىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇزاپ كەتسىمۇ، ئاياغ ئىزى يەنىلا ئۇلارنىڭ قەدىمىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

## قەپەس

يوھان بىلەن گېئورگى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. بىر كۈنى يوھان گېئورگىغا:

— ئەگەر مەن بىر چىرايلىق قۇش قەپىسى سېتىۋېلىپ ساڭا سوۋغا قىلسام ھەمدە ئۇنى سىنىڭ ئۆيۈڭنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان

يېرىگە ئېسىپ قويسام، سەن چوقۇم بىر قۇش سېتىۋالىسەن، — دەپتۇ.

گېئورگى بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن قۇش بېقىش بىر ئاۋارىچىلىك ئىش، دەپ ئويلايدىكەن. شۇڭا:

— ھەرگىز قۇش سېتىۋالمايمەن، — دەپتۇ كەسكىنلىك بىلەن.

يوھان بىر چىرايلىق قەپەس سېتىۋېلىپ، گېئورگىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ ھەمدە گېئورگىغا دەپ مېھمانخانىنىڭ ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرىگە ئاسقۇزۇپتۇ.

شۇنىسى قىزىقكى، ئىشلار يوھاننىڭ ئويلىغىنىدەكلا بوپتۇ. چۈنكى گېئورگىنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرگەنلىكى ئادەم ئۇنىڭدىن:

— قۇشىڭىز قاچان ئۆلۈپ قالدى، ئۇنىڭغا نېمە بولغانىدى؟ — دەپ سورايدىكەن.

گېئورگى:

— مەن ئەزەلدىن قۇش بېقىپ باقمىدىم، — دەپ جاۋاب بەرسە.

— ئۇنداقتا، قەپەسنى نېمە قىلىسىز، — دەپ خۇددى نېرۋىسى جايىدا ئەمەس كىشىگە قارىغاندەك شۈبھە بىلەن قارايدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن گېئورگى ئاخىر بىر قۇش سېتىۋېلىپ، ھېلىقى چىرايلىق قەپەسكە سولاپتۇ. چۈنكى، ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ باشقىلارغا توختاۋسىز چۈشەنچە بېرىشتىن كۆپ ئوڭايلىقىنى سېزىپتۇ.

كىشىلەر دائىم خىيالىغا قەپەس ئېسىلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## ئەقىل - پاراسەت نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ

بۇرۇن بىر مېھرىبان، ئەقىللىك پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر يىلى ئۇنىڭ مەملىكىتىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بوپتۇ. ياز بويى بىر تام-

چىمۇ يامغۇر ياغماپتۇ. پۇقرالارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن قاتتىق قايغۇرغان پادىشاھ:

— زادى مەن بىرەر خاتا ئىشنى قىلىپ قويدۇممۇ ياكى پۇقرالار تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويدىمۇ؟ — دەپتۇ، ۋەزىرلەر دەرھال:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، سىلى بىر ئادىل، مېھرىبان پادىشاھ، شۇڭا ئەزەلدىن پۇقرالار توگول، جان - جانىۋارلارغىمۇ زۇلۇم - سىتەم قىلىشنى راۋا كۆرمەيلا، دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇزاقتىن بېرى تەڭرىگە ئاتاپ قان قىلمىدۇق. مۇشۇ ئىشىمىز تەڭرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تەڭرىگە ئاتاپ قان قىلايلى، — دەپتۇ.

ئەمما پادىشاھ بۇ مەسىلىھەتنى توغرا تاپماي:

— ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جانىۋارلارنىڭ خۇنى بىلەن تەڭرىنى خۇش قىلماقچى بولساق مۇۋاپىق بولمايدۇ، — دەپتۇ، لېكىن بارلىق ۋەزىرلەر:

— بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، — دەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ۋەزىرلەرنى قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن پادىشاھ ئاخىرى:

— بولىدۇ، تەڭرىنىڭ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشىنى تىلەش ئۈچۈن چوقۇم قۇربانلىق قىلىش زۆرۈر بولسا قۇربانلىق قىلايلى. لېكىن، بىز ئادەمنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يامغۇر تىلىگەنىكەنمىز، گۇناھسىز ھايۋانلارنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى قان قىلىشىمىز كېرەك. بۇگۈندىن باشلاپ ئەگەر كىم ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزسە، شۇنى قان قىلايلى، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر يەنە توسۇپ:

— ئادەمنى قان قىلساق تەڭرى خۇش بولمايلا قالماستىن، پۇقرالارمۇ ساراسىمىدە قالىدۇ، — دەپ پادىشاھنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولغانىكەن، پادىشاھ:

— مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىپتۇ.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى سۆز ـ ھەرىكىتىگە قاتتىق دىققەت قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ھېچكىمنىڭ ئۆز جېنى بىلەن ئويناشقۇسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن گەرچە قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرىدىن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى سەل قىيىندا ئۆتسىمۇ، كىشىلەر ناھايىتى ئېجىل ـ ئىناق ئۆتىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بىركۈنى ھاۋانى بۇلۇت قاپلاپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلەرگە:

ـــ قاراڭلار، ئاسمانمۇ، يەرمۇ خەيرلىككە تولدى، سىلەرنىڭ مېھرىبانلىقىڭلار گويا يامغۇردەك زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى سۇغارماقتا. تەڭرى چوقۇم بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، ـــ دەپتۇ ھەمدە پادىشاھ بېشىدىن تاجىسىنى ئېلىۋېتىپ، نەزىر ـ چىراغ سۇپىسىدا تىزلىنىپ:

ـــ تەڭرىم! قاراڭ، ئېلىمىزنىڭ پۇقرالىرى نەقەدەر ئاق كۆڭۈل، ئەگەر يامغۇر ياغدۇرۇشىڭىز ئۈچۈن چوقۇم قان قىلىش زۆرۈر بولسا، مېنى قۇربان قىلىڭ، ـــ دەپتۇ. پادىشاھ دۇئا قىلىپ بولۇشىغىلا، شۇ زامات يامغۇر يېغىپتۇ. پادىشاھ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇقرالارغا:

ـــ كۆپچىلىكنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە خالىس نىيىتى بۇ ئاپەت ئۈستىدىن غالىب كەلدى، ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا قان قىلىپ يامغۇر تىلىگەن بولساق، تىلىكىمىزگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە شۇ سەۋەبلىك گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ چوڭ بالا ـ قازاغا دۇچار بولغان بولاتتۇق، ـــ دەپتۇ.

نادانلىق ـــ ئىنسانىيەتنىڭ بىر ھەسرىتى. نادانلىق تۈپەيلى نۇرغۇن ئادەملەر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، نادانلىق تۈپەيلى نۇرغۇن ئادەملەر جىنايەت يولىغا ماڭىدۇ، نادانلىق تۈپەيلى...

ھېلىمۇ، تەڭرى ئىنسانىيەتكە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغانىكەن، شۇڭا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نادانلىق ئالدىدا ئەقىل ـ پاراسەت

هامان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. ئىنسانلارنى ھەر ۋاقىت غاپىللىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

## ئەسلەش ۋە ئۇنتۇش

مەشھۇر بىر ئەرەب يازغۇچىسى ئەلى دوستلىرى جاپپار ۋە مەسئۇد بىلەن ساياھەتكە چىقىپتۇ. بىركۈنى ئۇچەيلەن بىر قىيانىڭ يېنىدا كېتىۋېتىپ، مەھمۇدنىڭ پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، ياخشى دەسسىيەلمەي قىياغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، بىر تۈپ دەرەخكە ئېسىلىپ قاپتۇ. تەلىيىگە ئابباس ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد شۇ ئەتراپتىكى بىر تاشقا: «xx يىلى xx ئاينىڭ xx كۈنى ئابباس مەھمۇدنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى» دەپ ئويۇپ قويۇپتۇ. ئۇچەيلەن يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئابباس بىلەن مەھمۇد بىر كىچىك ئىشتا تەگىشىپ قاپتۇ. ئابباس ئاچچىقىدا مەھمۇدنى بىر شاپىلاق سېپتۇ. مەھمۇد يۇگۈرگىنىچە بېرىپ قۇمغا: «xx يىلى xx ئاينىڭ xx كۈنى ئابباس مەھمۇدنى بىر شاپىلاق سالدى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يول بويى مۇشۇ ئىش كاللىسىغا كىرىۋالغان ئەلى مەھمۇدتىن نېمە ئۈچۈن ئابباسنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى تاشقا ئويۇپ قويۇپ، ئۇرغانلىقىنى قۇمغا يېزىپ قويغانلىقىنى سوراپتىكەن، مەھمۇد:

— ئابباسنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماي، دەپ تاشقا ئويۇپ قويدۇم. ئۇ مېنى ئۇرغان ئىشقا كەلسەك، قۇملۇقتىكى خەتنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى تولۇق ئۇنتۇپ كېتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇپ، ئۆچمەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ كەتسەكلا، ھايات مۇساپىمىزنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق، تېخىمۇ خۇشال داۋاملاشتۇرالايمىز.

# ئۈمىد رىتىمى

بىر ئەما ئۇستاز بىلەن ئەما شاگىرت ئۈچ تارلىق غىجەك چې-لىپ جان باقىدىكەن. ئۇستازنىڭ يېنىدا ئەما كۆزنى ئاچىدىغان خاسىيەتلىك رېتسېپ بار ئىكەن. ئۇنى ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىل ئىستىقامەت قىلغان بىر راھىب ھەدىيە قىلغان بولۇپ، راھىب بۇ رېتسېپنى بەرگەندە:

— غىجەك چېلىپ مىڭ تال تارنى ئۈزگەندىن كېيىن، بۇ رېتسېپنى ئېچىپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. بىر تال كەم بولسىمۇ بول-مايدۇ، — دېگەنىكەن.

توپتوغرا 53 يىلدىن كېيىن، ئەما ئاخىر مىڭ تال تارنى تو-لۇق ئۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولۇپتۇ ھەمدە يېنىدىكى رېتسېپنى كۆزى ساق بىرسىگە ئوقۇتماقچى بوپتۇ. ئۇ ئادەم رېتسېپنى ئېلىپ كۆرۈپ:

— بۇ بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئىكەن، بىر تالمۇ خەت يوق، — دەپتۇ.

ئەما بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئۇستاز ئېيتقان «مىڭ تال تارا» دىكى ھېكمەتنى چۈشىنىپتۇ. ئەسلىدە، ئۇ 53 يىلدىن بېرى پەقەت مۇشۇ «ئارزۇ» ئۈچۈنلا ساز چالغانىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەما «رېتسېپنى» شاگىرتىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— مەندە بىر خاسىيەتلىك رېتسېپ بار، كۆزۈڭنى چوقۇم سا-قايتىدۇ، بىراق سەن ساز چېلىپ مىڭ تال تارنى ئۈزگەندىن كې-يىنلا ئاندىن ئۇنى ئېچىپ كۆرسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

شاگىرتى خۇشال ھالدا بۇ خاسىيەتلىك رېتسېپنى ئېلىپ قوي-نىغا ساپتۇ.

## قاقاستا گۈل

ئىبادەتخانا ئالدىدا ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان بىر پارچە قاقاس يەر بولۇپ، ھەر يىلى ئاق قالىدىكەن. بۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بارلىقىنى، تېرىپ پەرۋىش قىلسا چىرايلىق بىر بوستانلىققا ئايلىنىش مۇمكىنلىكى بارلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدىكەن.

لېكىن ئىككىلا كۆزى ئەما شىڭمىڭ ئۇستاز بۇ ئاق يەرنى چۆللۈك ھېسابلىماپتۇ. تەرىقەتكە كىرگەندىن باشلاپ، قولى بىكار بولسىلا بۇ يەرگە كېلىپ ئوتىغۇچ بىلەن يەر ئاغدۇرۇپتۇ. ھەر خىل گۈل ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن تېپىپ كېلىپ تېرىپتۇ. كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋېرىپتۇ. شىڭمىڭ ئۇستاز بۇ يەرگە پەرۋىش قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختاتماپتۇ. كۆز - قۇلىقى ساق ئادەملەر ئۇنى «ساراڭ» دېيىشىپتۇ.

ھالبۇكى، شىڭمىڭ ئۇستاز سالغان ئۇرۇقلار بىخ چىقىرىپ، قاقاسلىق بارا - بارا يېشىل چىمەنلىككە ئايلىنىپتۇ ۋە بىر كېچىدىلا چىققان باھار شامىلىدا خىلمۇخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. ئەتىگىنى راھىبلار بۇ مەنزىرىگە قاراپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ.

پەقەت شىڭمىڭ ئۇستازلا جىمجىت تۇرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئەما بولغاچقا، گۈللەر ھەرقانچە چىرايلىق ئېچىلغىنى بىلەنمۇ كۆرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ بۇ بىر پارچە قاقاسلىقنى گۈللۈككە ئايلاندۇرۇشى پەقەت باشقىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا باشقىلارغا قارىغۇلارنىڭ نەزىرىدە قاقاسلىق مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئىكەن.

## پەرۋەردىگار بىلەن سۆھبەت

بىر مېيىپ ئادەم جەننەتكە كېلىپ پەرۋەردىگار بىلەن كۆرۈ-

شۇپ، پەرۋەردىگاردىن ئۆزىگە ساق پۇت ـ قول ئاتا قىلمىغانلىقى توغرۇلۇق ئاغرىنىپتۇ. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بىر دوست تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم يېڭىلا ئۆلۈپ جەننەتكە كىرگەنىكەن. ئۇ مېيىپ ئادەمگە:

— سەن مۇشۇ ھالىتىڭدىن خۇشال بولساڭ بولىدۇ، چۈنكى سەن ھېچبولمىغاندا تېخى تىرىك، — دەپتۇ.

تۈزۈكرەك ئەمەلگە ئېرىشەلمىگەن بىر ئادەم جەننەتكە كېلىپ يەنە پەرۋەردىگاردىن ماڭا يۇقىرى مەنسەپ بەرمىدىڭ، دەپ ئاغرىنىپتۇ. پەرۋەردىگار ھېلىقى مېيىپ ئادەمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپتۇ. مېيىپ ئادەم ئۇنىڭغا:

— ھازىرقى كۈنۈڭنىڭ قەدرىگە يەت! ھېچبولمىغاندا سەن تېخى ساغلام! — دەپتۇ.

بىر ياش جەننەتكە كېلىپ پەرۋەردىگارغا:

— كىشىلەر مېنى چوڭ كۆرمىدى، — دەپ ھال ئېيتىپتىكەن، پەرۋەردىگار ھېلىقى ئەمەلدارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەمەلدار ھېلىقى ياشقا:

— مۇشۇ كۈنلىرىڭنى قەدىرلىگىن! ھېچبولمىغاندا سەن تېخى ياش، — دەپتۇ.

ئادەم پەرۋەردىگار بىلەن سۆھبەتلەشسە، ئەمەلىيەتتە ئاڭلايدىغىنى ئۆزىنىڭ ئاۋازىدۇر.

## ئېۋەنسىز ئايال

بىر ئەر ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ئېۋەنسىز ئايالنى ئىزدەيدىكەن، ئۇ يەتمىش ياشقا كىرگەندە كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— سىز ئۆمۈر بويى ئەل ئارىلاپ ئېۋەنسىز ئايال ئىزدىدىڭىز، ئەجەبا شۇنچە كەڭرى دۇنيادىن بىرەرمۇ ئېۋەنسىز ئايال تاپالمىدى-

ئىگىزمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ بوۋاي ئىنتايىن ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— ئۆزۈم ئىزدىگەن ئېيۋەنسىز ئايالدىن بىرنى ئۇچراتتىم، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم يەنە:

— ھە، ئاخىر قانداق بولدى؟ سىلەر نېمىشقا توي قىلمىدىڭلار؟ — دەپتىكەن، بوۋاي تېخىمۇ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— قانداق بولاتتى، ئۇمۇ بىر ئېيۋەنسىز ئەر ئىزدەۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.

# قاردىكى ئاۋاز

دوكتور كروم ئامېرىكا مىسسىسىپى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ خىزمەت بىلەن يالىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپتۇ، كەچتە بىر ئاز ھاراق ئىچىپ، ياتىقىدا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزوردىن يېقىن ئەتراپتا قاتتىق قار ياغىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالدىن مەلۇماتنى كۆرۈپتۇ. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا كىشىلەر قار سۇغا چۈشسە شاۋقۇن پەيدا قىلىدۇ دەيدۇ، مەن نېمىشقا قارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمايمەن؟ دېگەن خىيال كېلىپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتەپتىن بىر ماشىنا ۋە بىر قىسىم ئاۋاز ئۆلچەش ئۇسكۇنىلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، كېچىلەپ يولغا چىقىپ قار ياغىدىغان يەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ھېلىقى رايونغا بارسا، ھاۋارايىدىن ئالدىن بېرىلگەن مەلۇمات توغرا چىقماپتۇ. قار ياغىدىغان دائىرە جەنۇبقا سۈرۈلۈپتۇ. ئۇ ماشىنىنى جەنۇبقا قاراپ ھەيدەپ، ئاخىر ۋېنگىرىيەنىڭ غەربىدىكى بىر شەھەردە قارنىڭ يېغىشىغا ئۇلگۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇستى ئوچۇق سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار بىر مېھمانخانىدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ سونارلىق ئاۋاز يەتكۈزۈش سىمى

ۋە سىنزورنى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە ئۇلاپتۇ.

مۆجىزە ئاخىر يۈز بېرىپتۇ. ھاۋادىن ئاۋازسىز چۈشكەن قار
سۇغا تېگىشى بىلەنلا ئۈزۈن ھەم زىل ئاۋاز چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ
چاستوتىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئادەملەر بۇ خىل ئاۋازنى
ئاڭلىيالمايدىكەن. سۇدىكى دېلفىن ۋە بېلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتـ
قاندا بۇ خىل كۈچلۈك شاۋقۇننى خۇددى ئىنسانلار ماشىنىنى
جىددىي تورمۇزلىغان چاغدىكى سەت ۋە كۈچلۈك ئاۋازنى ئاڭلىغانـ
غا ئوخشاشلا «قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك» دەرىجىدە دېيىشكە تامامەن
بولىدىكەن. كرۇم يەنە قارنىڭ سۇغا چۈشكەندىكى چاستوتىسىنىڭ
50 دىن 200 كىلوگېرتسقىچە بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئادەتتە
نۇرغۇن سۇ ئاستى ھايۋانلىرى 20 كىلوگېرتستىن تۆۋەن ئاۋازـ
نىلا ئاڭلىيالايدىكەن. ئۇ «بۇ ھەقىقەتەن بىر شائىرانە بايقاش بولـ
دى» دېگەن.

## چېقىق تەشتەك نەزەرىيەسى

بىر ئادەم ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر گۈل تەشتىكىنى چېقىۋېـ
تىپتۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قايغۇرماستىن ئېگىشىپ تەشتەك سۇـ
نۇقلىرىنى بىرمۇبىر تېرىپ يىغىپتۇ. ئۇ بۇ پارچىلارنى چوڭ ـ
كىچىكلىكى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ چىقىپـ
تۇ. نەتىجىدە بۇ سۇنۇق پارچىلىرىنىڭ ئىچىدە ئېغىرلىقى 10
گىرامدىن 100 گىرامغىچە بولغانلىرى ئەڭ ئاز، بىر گىرامدىن 10
گىرامغىچە بولغانلىرى سەل كۆپ، 0.1 گىرامدىن بىر گىرامغىچە
ۋە 0.1 گىرامدىن تۆۋەنلىرى ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇـ
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرىسىدا
بىر دەك ھەسسىلىك مۇناسىۋەتنى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان، يەنى
بىر قەدەر چوڭ پارچىلارنىڭ ئېغىرلىقى سەل كىچىكرەك پارچىنىڭ
ئېغىرلىقىنىڭ 16 ھەسسىسىگە، سەل كىچىكرەك پارچىنىڭ ئېـ

غىرلىقى كىچىك پارچىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 16 ھەسسىسىگە، كى-
چىك پارچىنىڭ ئېغىرلىقى ئەڭ كىچىك پارچىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ
16 ھەسسىسىگە... توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇ بۇ خىل «چېقىلغان تەشتەك نەزەرىيەسى» دىن پايدىلى-
نىپ مەدەنىي يادىكارلىقلار، مېتېئورىت قاتارلىق ئەسلىي ھالىتى-
نى بىلگىلى بولمايدىغان جىسىملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باش-
لىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل بايقىشى ئارخېئولوگىيە ۋە ئاسمان جىسىم-
لىرى تەتقىقاتىغا ئويلىمىغان ئۇنۇم ئېلىپ كەلگەن.

بۇ ئادەم دانىيەلىك فىزىكا ئالىمى ياقۇپ بول ئىدى.

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ نەزەرىيەلەر ئەمەلىيەتتە بىز كۈندە كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق كىچىك باي-قاشلاردىن كەلگەن. قولىمىزدىكى تەشتەك چېقىلىپ كەتسە، خاپا بولۇپ ئاچچىقلانغان ھالدا تەشتەك سۇنۇقلىرىنى يىغىپ تۆكۈۋې-تىپلا خالاس تاپساق، ئۇنداقتا ئەخلەتتىن بىر مەشھۇر نەزەرىيەنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيمىز؟

## يۇلتۇز كەينىدىكى كائىنات

ئوقۇتقۇچى دوسكىغا بوردا بىر چېكىت ئۇرۇپتۇ، ئاندىن ئوقۇ-غۇچىلاردىن:

— نېمىنى كۆردۈڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

پۈتۈن سىنىپتىكى 50 نەپەر ئوقۇغۇچى بىردەك:

— بىر تال ئاق چېكىت، — دەپتۇ.

ئوقۇتقۇچى:

— خاتا، — دەپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار ھەيران بولۇپ:

— قانداقسىگە خاتا بولىدۇ؟ بىر ئاق چېكىت ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ؟ — دەپتۇ، ئارىدىن جۇرئەتلىكرەك ئوقۇغۇچىدىن بىرى

چىقىپ دوسكىغا يېقىن كېلىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دوسكىغا چەككەن-نى زادى نېمە ئىكەنلىكىگە ئەستايىدىل قاراپ باقماقچى بوپتۇ، قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر ئاق چېكىت كۆرۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەمكىن ھالدا:

— مۇئەللىم، چاتاق يوق. ئۇ راستىنىلا بىرتال ئاق چېكىت، — دەپتۇ.

ئوقۇتقۇچى:

— ھەممىڭلارنىڭ كۆرگىنىڭلار پەقەت بىر تال ئاق چېكىتلىما؟ — دەپتۇ.

بىر ئوقۇغۇچى:

— مۇئەللىم، سىز بىزنى تەسەۋۋۇرغا بايراق بولسۇن دەۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن ئىنكار قىلىپ:

— مېنىڭ ئۆتۈۋاتقىنىم ئەدەبىيات دەرسى ئەمەس، مەن سىلەردىن ھازىر كۆرۈۋاتقىنىڭلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— كۆرۈۋاتقىنىمىز بىر تال ئاق چېكىتقۇ؟ — دەپتۇ 50 نەپەر ئوقۇغۇچى بىردەك ئاۋازدا.

— ئەجەبا، ھېچقايسىڭلار ئاق چېكىتنىڭ كەينىدىكى دوسكا ۋە دوسكىنىڭ كەينىدىكى تامنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

ئوقۇغۇچىلار شۇندىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ:

— كۆردۇق، — دەپتۇ.

پەقەت «دوسكا» دىكى «ئاق چېكىت» نىلا كۆرۈپ، ئاق چېكىتنىڭ كەينىدىكى «دوسكا» ۋە دوسكىنىڭ كەينىدىكى «تام» نى تەرەددىن ساقىت قىلىش بىز تۇرمۇشتا دائىم ئۆتكۈزىدىغان خاتالىق ئەمەسمۇ؟

# تىلاۋەت شىرەسىدە ئېچىلغان گۈل

تاڭ سەھەر، تېخى كۈن چىقمىغاچقا، ئاسمان تولۇق سۈزۈلۈپ كېتەلمىگەنىدى، بىر ئادەم شەبنەمدىن ھۆل بولغان مۈزدەك چۆپ-لۈكتە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ئۇستاز مېنى كەچۈرسىلە، — دەپ نىدا قىلىۋاتاتتى.

ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى ئۇچىغا چىققان ئالقانات بولۇپ، 20 يىل ئىلگىرى بۇتخانىدا راھىب كالام ئىنتايىن ئامراق شاگىرت ئىدى، راھىب كالام ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن بۇددا مۇرىتى بولۇپ چە-قىشنى ئۈمىد قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئېتىقادى بۇزۇلۇپ، بىر كې-چىدىلا بۇتخانىدىن ئۈن - تىنسىز كېتىپ قالغانىدى. ئۇ تاغدىن چۈشۈپ، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئىشرەت كوچىسىغا بېشى-چىلاپ كىرىپ كەتكەن ھەمدە بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈنگە ھېساب قىلىپ ياشاپ كەلگەنىدى.

ھېچبىر مەقسەت - نىشانسىز ئۆتىدىغان بۇ خىل كۈنلەر قارد-ماققا كۆڭۈللۈكتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە بەكمۇ مەنىسىز ئىدى. ئۇ بۇنى ئارىدىن توپتوغرا 20 يىل ئۆتكەندە بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ھېس قىلغانىدى، شۇ كۈنى كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ ئۇ بىرسى تۇرتكەندەكلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئالىقىنىغا يوپيو-رۇق شولا چۈشۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا قىلمىش - ئەتمىش-لىرىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپ، كېيىمىنى كىيىپلا بۇتخانىغا قاراپ ئات چاپتۇردى.

ئۇ تىزلانغىنىچە ئولتۇرۇپ، راھىب كالامغا يالۋۇرماقتا ئىدى:

— ئۇستاز، گۇناھىمدىن ئۆتۈپ، مېنى قايتىدىن شاگىرتلىققا قوبۇل قىلامسىز؟

ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىغانلىقىدىن قاتتىق ئۈمىدسىز-

لەنگەن راھىب كالام ئۇنىڭغا قاراپ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن بېشىنى چايقىدى:

— ياق، سېنىڭدەك گۇناھى چەكتىن ئاشقان دوزىخىنى كەچۈ- رۈش، يەنە تېخى قايتىدىن مۇرتلىققا قوبۇل قىلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ بۇ خۇددى مۇنۇ ئالدىڭدا تۇرغان تىلاۋەت شىرە- سىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىشىنى تىلىگەندەكلا بىر ئەخمىقانە خىيال.

ئالىقانات ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ قالدى، ئىككىنچى كۈنى ئە- تىگەندە تىلاۋەتخانىغا كىرگەن راھىب كالام ئالدىدا تۇرغان مەنزىر- رىگە قاراپ داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. تىلاۋەت شىرەسىدە خۇش ھىدى ئادەمنى بىھۇش قىلىدىغان خىلمۇخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى، تىلاۋەتخانىدا ئازراقمۇ شامال يوق، ئەمما گۈللەر گويا بىرسىنى چاقىرىۋاتقاندەك بىرخىلدا ئېغىر تەۋرىنىپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا راھىب كالام ھەممىنى چۈشەنگەنىدى، شۇڭا ئۇ يۈ- گۈرگىنىچە تاغدىن چۈشۈپ، ئالىقاناتنى ئىزدىدى، بىراق كېچىك- كەنىدى، ئۇستازىنىڭ مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى سوۇغان ئالىقانات يەنە ئەسلىدىكى بىمەنە تۇرمۇش قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى.

تىلاۋەت شىرەسىدە ئېچىلغان گۈللەر بىر كۈندىن كېيىن قۇ- رۇپ كەتتى.

## نەزەر

ئافرىقىدىكى بىر قەبىلە باشلىقى ئۈچ ئارالغا ساياھەتكە بېرىپ- تۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىكەن، قەبىلە باشلىقى ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ:

— ئەنگلىيەلىكلەر پۈتۈنلەي ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىكەن، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىكەن، — دەپتۇ.

قەبىلە باشلىقىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، چۈنكى ئۇنىڭ دىققەت

قىلغىنى مۇشۇلا، بەلكىم باشقىغا دىققەت قىلمىغاندۇ؟

مانا بۇ نەزەرىيە.

بۇ خۇددى بۈركۈت ھەرقانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ توشقاننىلا كۆرەلىگەندەك، ماي قوڭغۇزنىڭ نەزىرىدە ئوتلاقتىكى تېزەكلا بولغاندەك بىر ئىش.

نەزەر – دائىرە قىممەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

ئادەتتە بىز ئەقىللىقرەك ئادەملەرنى ياكى بەزى مەشھۇر شەخسلەرنى «ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيدۇ» دەپ تەرىپلەيمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئادەملەر بۇلۇڭ – پۇچقاقلاردا يۈرسىمۇ خىيالىدا پۈتۈن دۇنيا بولىدۇ، لىيۇ بېي كۆكتات تېرىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ساۋساۋ ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغان ئەمەسمىدى؟ كېچە – كۈندۈز خىيالىدىن ھور مۇنچىسى، سوقما توپ دېگەنلەر چىقمايدىغان ئادەم ھەرقانچە چوڭ سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنتىلىشى مۇشۇ دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىدىن چوڭراق بىرەر ئىش كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ.

بىر قېتىم چىتىيەن ئېكىدا دائىساكو تويىنبىيدىن «ئەگەر تۇغۇلىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى تاللىۋېلىش مۇمكىن بولسا، سىز قاچان، قەيەردە تۇغۇلۇشنى خالايتتىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى جاھانغا مەشھۇر ئالىم، بىرى پەيلاسوپ، بىرى تارىخشۇناس. «ئەگەر ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولسا، مەن مىلادىيە بىرىنچى يىلى ياۋروپا – ئاسىيا قۇرۇقلۇقى تۇتاشقان يەردە تۇغۇلۇشنى خالايتتىم، چۈنكى قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى، ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە ئاسىيا مەدەنىيىتى مۇشۇ رايوندا ئۇچراشقان ھەمدە پۈتۈن جاھانغا تارقالغان. مەن مۇشۇلارنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، ھەرخىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ دۇنياغا بولغان تەسىرىنى توغرا كۆزەتكەن بولاتتىم» دەپتۇ.

## كىت

كىت دېڭىز پادىشاھى ئىكەن. ۋەھشىي لەھەڭمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇ-قىغا ئىلىك قىلالمايدىكەن، بىركۈنى ئۇ بىر توپ لەھەڭنى ئەڭ سېمىز بېلىقلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لەھەڭ تۇتۇپ كەلگەن باشقا بېلىقلارنى ئۇ بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىدىكەن. كىچىك كېمىدەك چوڭلۇقتىكى بېلىقتىن بىر قېتىمدا نەچچە ئون تال يەپمۇ تويماي-دىكەن. ئۇ ئاسمان ـ پەلەك دولقۇن چىقىرىپ بېلىقلارنى قىرغاققا چىقىرىپ، لەھەڭگە:

— تېز تۇت، تېز تۇت، — دەپ بۇيرۇق قىلىدىكەن.

كېيىن، ئۇ لەھەڭنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستا كۆرۈپ، ئۆزى بېلىق تۇتۇشقا ئېتىلىپ، ھەممە بېلىقنى بىراقلا يۇتۇۋەتمەكچى بوپتۇ، نە-تىجىدە بەك كۆچەپ كەتكەنلىكتىن بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېلىپ چۈشەلمەپتۇ. ئۇ يېمەكچى بولغان بېلىقلار توپلى-شىپ كېلىپ ئۇنىڭ گۆشىنى تىتىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

## قۇش قەدرى، ئادەم خارى

چى جىڭلۇڭ ئورغۇن قۇش بېقىپتۇ، بىركۈنى ئۇنىڭ قۇشلىرى-نى باقىدىغان جۇچۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر قۇشنى قاچۇرۇپ قو-يۇپتۇ. چى جىڭلۇڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈر-مەكچى بوپتۇ. يەنزى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن چى جىڭ-لۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، مېنىڭ قارىشىمچە، جۇچۇ ئۆلۈمگە لايىق جىنا-يەتتىن ئۇچنى ئۆتكۈزۈپتۇ، مەن بۇلارنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر دەپ بېرەي، ئۇ ئۆلسىمۇ گۇناھىنى تونۇپ ئۆلسۇن.

— قېنى سۆزلە.

— جۇچۇ ئالىيلىرىنىڭ قۇشنى بېقىپ، بىر قۇشنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ، بۇ بىرىنچى گۇناھى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەن بىر قۇشى ئۈچۈنلا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ، بۇ ئىككىنچى گۇناھى. بۇ ئىشنى باشقا ئەللىنىڭ ئادەملىرى ئۇقسا، چوقۇم ئالىيلىرىنى بىر قۇشنى ئادەمنىڭ ھاياتىدىنمۇ مۇھىم كۆرىدىكەن، دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى گۇناھى. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى، ئالىيلىرى، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرگەيلا.

— ئۆلتۈرمەيمەن، مەن خاتالىشىپتىمەن، — دەپتۇ.

## ئۈچ تەمسىل

جىڭ پىڭگۇڭ ۋەزىرى شى گۇاڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— يەتمىشتىن ھالقىپتىمەن، دائىم بىلىدىغانلىرىم بەك ئازدەك ھېس قىلىمەن، گەرچە جىقراق نەرسىلەرنى ئۆگەنگۈم بولسىمۇ، لېكىن ياشىنىپ قالدىم، ئەمدى بىر نەرسە ئۆگىنىشكە كېچىكتىم، — دەپتۇ، شى گۇاڭ ئۇنىڭغا.

— سىزگە ئەستايىدىل گەپ قىلسام چاقچاققا ئايلاندۇرغىنىڭىز نېمىسى؟

— قۇللىرى قانداقمۇ سىلىگە چاقچاق قىلىشقا پېتىنالىسۇن؟ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر بىر ئادەم بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆگەنسە، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئەتىگەنكى قۇياشتەك پارلاق بولىدۇ، تازا قۇرامىغا يەتكەن ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ئۆگەنسىمۇ ھاياتنىڭ قالغان يېرىمىنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ، ئۆگەنگەنلىرىنى شامنىڭ يالقۇنىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، گەرچە شامنىڭ يورۇقى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرگەندىن جىق ياخشى، — دەپتۇ.

# ئوغۇلنىڭ نەزەرىدىكى ئاتا

يەتتە ياش:

— مېنىڭ دادام قالتىس ئادەم، بىلمەيدىغىنى يوق.

ئون تۆت ياش:

— دادامنىڭ بەزى گەپلىرى خاتادەك قىلامدۇ ـ نېمە؟

يىگىرمە ياش:

— دادام جاھاننىڭ ئارقىدا قالغىلى تۇردى، ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرى زامانغا ماس كەلمەي قالدى.

يىگىرمە بەش ياش:

— بوۋاي ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىكى يوق.

ئوتتۇز بەش ياش:

— ئەگەر دادام ئەينى يىللاردا مەندەك چېۋەر بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە چوقۇم مىليونېر بولۇپ كېتەتتىكەن.

قىرىق بەش ياش:

— بوۋاي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقايمۇ ـ يە؟ ماڭا بىر يول كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەللىك بەش ياش:

— ئەپسۇس، دادام ئالىقاچان تۈگەپ كەتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى تولىمۇ دانا ئىكەنتۇق.

ئاتمىش ياش:

— ئىسىت بىچارە دادا، سىزنىڭ بىلمەيدىغانلىرىڭىز يوق ئىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى مەن سىزنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىپتىمەن.

# ئوقيا ئېتىش

چاڭپياڭ ئىسىملىك بىر ياش ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنمەكچى بوپ-

تۇ. ئەينى دەۋردە تۇلۇك زىلەي ئىسىملىك ئۇستا بىر مەرگەن بار ئىكەن، بىراق تۇلۇك زىلەينىڭ نامى مەشھۇر بولغىنى بىلەن مىجەزى غەلىتە ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ توغرۇلۇق بىرمۇنچە ھېكايىلەرنى بىلىدىكەن. بىراق چاڭياڭ ئۇلاردىن:

— سىز تۇلۇك زىلەينى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىسا، ھەممىسى بېشىنى چايقاپ:

— ياق، كۆرۈپ باقمىغان، مەنمۇ بۇ ھېكايىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئاخىر چاڭياڭ تۇلۇك زىلەينى ئىزدەش قارارىغا كەپتۇ، ئۇ ئۇزۇن - تۇلۇكلىرىنى يۇدۇپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئورمانلىقلاردا، چوڭقۇر جىلغىلاردا بىر يىل چۆرگىلەپ يۈرۈپ چاچ - ساقاللىرى پاخپىيىپ، كىيىم - كېچەكلىرى كۆرگۈسىز بولۇپ، ياۋايى ئادەملەرگە ئوخشاپ قاپتۇ. ئەمما، تۇلۇك زىلەينى تاپالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ نىيىتىدىن يانماي يەنىلا تۇلۇك زىلەينى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىركۈنى تاغ ئىچىدە كېتىۋاتسا تۇيۇقسىز:

— ئورنۇڭدا جىم تۇر، مىدىرلىما! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

چاڭياڭ ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئادەمنىڭ گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغىنىغا بىر يىل بولغانىكەن. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئالدى تەرەپتە بىر ئورۇق بوۋاينىڭ ئوقيانىڭ كىرىچىنى كېرىپ، ئوقنى ئۇنىڭغا ئۇدۇللاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

قاراقچىغا يولۇقۇپتىمەن، دەپ ئويلاپتۇ چاڭياڭ. ۋىژ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىقى ئوق ئۇنىڭ قۇلىقىغا سۈركىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن كۈچلۈك خىرقىراش ئاۋازى ئاڭلىنىپ بىر يىلپىز يەرگە يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. چاڭياڭ شۇندىلا بۇ كىشىنىڭ بۇلاڭچى ئەمەس، بەلكى جېنىنى قۇتقۇزغۇچى شاپائەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئالدىراپ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلىپ:

— جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىرىغا كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ،

— جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىرىغا؟ مەن قاچان سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزدۇم؟ مەن سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يىلپىزنىڭ تېرىسىنى كۆرپە قىلىش ئۈچۈن ئاتتىم، — دەپتۇ بوۋاي قولىدىكى ئوقيانى تۈزەشتۈرگەچ.

چاڭياڭ بىردە بوۋاينىڭ قولىدىكى ئوقياغا، بىردە يەردە ياتقان ئۆلۈك يىلپىزغا قاراپ قايىللىقىنى يوشۇرالمايلا قاپتۇ. ئوق يىلپىزنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا تەگكەن بولۇپ، ئوقنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى پەيلا كۆرۈنۈپ قالغانىكەن. ئىتتىك قاراشقا، يىلپىزنىڭ بېشىغا ئىككى تال توخۇ پېيى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدىكەن.

قالتىس ماھىر ئوقياچىكىنا، ئۇ چوقۇم تۇلۇڭ زىلەي، كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلاپ، بوۋايغا يەنە بىر تەزىم قىلىپ:

— ھەزرەتلىرى، چوقۇم كاتتا مەرگەن تۇلۇڭ زىلەي بولىدىلىغۇ دەيمەن، مېنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ يۈرگىنىمگە توپتوغرا بىر يىل بولدى، مېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغان بولسىلا، — دەپتۇ.

بوۋاي:

— مەن داڭلىق مەرگەن ئەمەس، ساڭا ئۆگەتكۈدەك ھۈنىرىممۇ يوق، شۇنداقتىمۇ سەن ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ، ساڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي. چۇ بېگى يۈنمېڭ كۆلگە شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ يول ئاغزىدا ئوقيانى تۇتۇپ تۇرۇپ، قول ئاستىدىكى نۆكەرلىرىنى ئورمانلىققا كىرىپ ھايۋانلارنى ھەيدەپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەسكەرلەر ئورمانلىقتا بىرلا داقا - دۇمباق چېلىپتىكەن، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۈركۈپ ئورمانلىقنىڭ سىرتىغا قاراپ قېچىپتۇ. چۇ بېگىنىڭ سول تەرىپىدە بىر بۇغا، ئوڭ تەرىپىدىمۇ يەنە بىر بۇغا پەيدا بوپتۇ، چۇ بېگى ئوقيانىڭ كىرىچىنى كېرىپ ئەمدى ئاتاي دېيىشىگە، بىر ئاققۇ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ، چۇ بېگى ئوقيانى تۇتقىنىچە قايسىسىنى ئېتىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇۋنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ، بۇ چاغدا ياڭشۇ ئى-

سىملىك بىر ئەسىر چۇ بىگىگە: «مەن ئوقيانى ئاتقاندا، يۈز چامىدام
يىراقلىقتا بىر يوپۇرماقنى قويسا دەل تەگكۈزىمەن. بىراق ئون يو -
پۇرماقنى قويۇپ ئات دېسە، بىرىگىمۇ دەل تەگكۈزەلمەيمەن» دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان چاڭگىياڭ بوۋايغا يەنە بىر تەزىم قىلىپ:

— دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندىم، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن چاڭگىياڭ تاغقا بىر كەپە يا-
ساپ ماكانلىشىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئوقيا ئېتىشتىن باشقا ھېچنې-
مىنى ئويلىمايدىكەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن، چاڭگىياڭ داڭلىق مەرگەن
بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ بىرەر نەرسىنى نىشانغا ئالغاندا
كۆڭلىدىمۇ، كۆزىدىمۇ نىشانلا بولىدىكەن. كۆز ئالدىدا قىلىچ ئوي-
ناتسىمۇ، كۆزىنى چىم قىلىپ قويماي، ئوخشاشلا دەل
تەگكۈزەلەيدىكەن.

## يولۋاس ئۆلگەن بىلەن بۆرە قالدى

روشى ئىسىملىك بىر زىيالىينىڭ ئەمەلدار بولغۇسى كەلمەي، ئا-
ئىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ شەھەردىن يىراق تاغ ئېتىكىگە كۆچۈپ كې-
لىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. بىر يولۋاس دائىم ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى
چىتلاقنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ مارايدىكەن، روشى ئائىلىسىدىكىلەرگە:

— ھەممىڭلار بۇ يولۋاستىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇ
ئۆيگە كىرىۋالمىسۇن، — دەپ تاپىلاپتۇ.

ئۇلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا تام قوپۇرۇپتۇ، ھويلا تېمىنىڭ سىر-
تىغا نۇرغۇن تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىپتۇ. كۈن چىققاندا
داقا - دۈمباق چېلىپ يولۋاسنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇپتۇ. كۈن ئول-
تۇرغاندا ھويلا سىرتىغا گۈلخان يېقىپتۇ. يولۋاس ئوتتىن قورق-
قاچقا يېقىن بارالماپتۇ، بىر يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇلار ئۆيدىكى بىرەر
توخۇنىمۇ يولۋاسقا ئالدۇرۇپ قويماپتۇ.

زىمىستان قىش يېتىپ كەپتۇ، نەچچە كۈنگىچە ھېچنېمە ئوۋ-

لىيالماي ئاچ قالغان يولۋاس بىركۈنى كېچىدە روشىنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىپ چوشقا تۇتۇپ يېمەكچى بوپتۇ. ئۇ گەرچە ئوتتىن قورقسىمۇ، لېكىن ئاچارچىلىقتا ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرماپتۇ. كۈچەپ بىر سەكرەپ ئوتتىن ئۆتۈپ، ئالدى پۇتىنى تامغا ئارتىپتۇ. تامدىكى تىكەن يولۋاسنىڭ ئالدى پۇتىغا سانجىلىپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان يولۋاس قولىنى قويۇۋېتىپتىكەن، ئوتنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپتۇ، يولۋاس جان ئاچچىقىدا سەكرەپ تۇرۇپ غىڭشىغىنىچە قېچىپ كېتىپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتۈپ يولۋاس ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

يولۋاسنىڭ ئۆلگىنىدىن روشى ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە:

— يولۋاس ئۆلدى، ئەمدى خاتىرجەم بولساق بولىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بارا - بارا چىتلاق بۇزۇلسا ھېچكىم دىققەت قىلماپتۇ، يامغۇردا ھويلا تېمىنىڭ بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئۇزۇن مۇددەت پەرۋىش قىلىنمىغانلىقتىن، ئاستا - ئاستا قۇرۇپ قاپتۇ. يولۋاس بولمىغاچقا، ئوتمۇ يېقىلمايدىغان بوپتۇ. بىركۈنى كېچىدە بىر ياۋۇز بۆرە بىر بوغىنى قوغلاپ، روشىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ھويلىسىدىن ئۆتۈپتۇ. بوغا قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە ھويلىدىن چوشقا بىلەن قوينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. بوغىمۇ قېچىپ كەتتى، ئەمدى بىرەر قوي بولسىمۇ تۇتۇپ يەي، دەپ ئويلىغان بۆرە ھويلىغا بۆسۈپ كىرىپ قوينى قاماللاپ ئاستىغا بېسىپتۇ. قوينىڭ ئېچىنىشلىق مەرىگىنىنى ئاڭلىغان روشى يۈگۈرۈپ بىر كالتەكنى ئېلىپ بۆرىگە ئېتىلىپتۇ. بۇ بۆرە بۆرە توپىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئىنتايىن يامان ئىكەن. ئۇ ئۆرۈلۈپلا روشىغا ئېتىلىپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

كېيىن كىشىلەر بۇ ئىشنى ئەسلىشىپ:

— روشى يولۋاستىن مۇداپىئە كۆرۈشنىلا بىلىپ، زىيانكەشلىك

قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ پەقەت يولـۋاسلا ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، شۇڭا مۇشۇنداق پاجىئەگە دۇچار بولغان، — دېيىشىپتۇ.

## ئۈچ قېتىملىق پۇشايمان

جۇشۇ بەك جاھىل ئادەم بولۇپ، دائىم ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ باشقىلارغا قارشى مۇقام تۇۋلايدىكەن. ئىلگىرى ئۇ گويشەن تېغىنىڭ شىمالىدا يەر تېرىغانىكەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ شالىنى قۇرغاق تاغ باغرىغا ئاق قوناقنى تاغ ئېتىكىدىكى پەس ھەم نەم يەرگە تېرىماقچى بولغانلىقىنى كۆرگەن بىر يېقىن دوستى ئۇنىڭغا:

— شال نەملىكنى خالايدۇ. شۇڭا تاغ ئېتىكىگە تېرىش كېرەك، ئاق قوناق قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، تاغ باغرىغا تېرىش كېرەك. سەن ھازىر دەل ئەكسىچە قىپسەن. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش خۇسۇسىيىتىگە خىلاپلىق قىلغاندا، ياخشى ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

جۇشۇ دوستىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئون يىل يەر تېرىپ قۇرساق تويغۇدەك مول ھوسۇل ئالالماپتۇ. ئۇ شۇندىلا دوستىنىڭ قانداق تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىغا سەپسېلىپتۇ، دوستىنىڭ شالنى نەم يەرگە، ئاق قوناقنى قۇرغاق يەرگە تېرىپ راستتىنلا مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دوستىدىن:

— مەن خاتا قىپتىمەن، بۇرۇنىراق گېپىڭگە كىرسەم بوپتىكەن، — دەپ كەچۈرۈم سوراپتۇ.

كېيىن ئۇ جاڭشاڭ دەيدىغان يەرگە بېرىپ تىجارەت قىپتۇ. ئۇ بۇرۇن باشقىلارنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلىپ زىيان تارتتىم، ئەمدى باشقىلار قانداق قىلسا مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ ئويلاپتۇ - دە، باشقىلار نېمە سېتىۋالسا، ئۇمۇ شۇنى سېتىۋاپتۇ. باشقىلار نېمە ساتسا ئۇمۇ شۇنى سېتىپتۇ.

دوستى يەنە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— سەن ھەممە ئىشتا خەقنى دورىساڭ بولمايدۇ، ئۇنداق قىلساڭ باشقىلاردىن بىر قەدەم ئارقىدا قالىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەقنىڭكىگە ئوخشاش مال كىرگۈزگەندە بازار بۇ خىل مالغا تويۇنۇپ قېلىپ، مېلىڭنى ساتماق تەس بولىدۇ، تىجارەت قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم ۋاقتىنچە باشقىلار تالاشمايدىغان مالنى كىرگۈزىدۇ، بۇنىڭدا پۇرسەت كەلگەندە كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

جوشۇ بۇ گەپنىمۇ ئاڭلىماپتۇ، نەتىجىدە 10 يىلدىن كېيىن ئۇ نامراتلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان دەسمايىسىنىمۇ يەپ بوپتۇ، بۇ چاغدا دوستىنىڭ ئون يىل ئىلگىرى دېگەن سۆزىنى ئويلاپ، يەنە دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ كەچۈرۈم سوراپ:

— سېنىڭ دېگىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەن، سۆزۈڭنى ئاڭلىمىغىنىمغا بەك پۇشايمان قىلدىم، — دەپتۇ.

كېيىن جوشۇ بىلەن دوستى ھەربىرى بىردىن بېلىق كېمىسىنى ھەيدەپ شەرقىي دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپتۇ. كېمىنى ھەيدەپ بىر چوڭ قاينامغا يېقىنلاشقاندا دوستى ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ:

— ئەمدى ئالدىغا ماڭساڭ بولمايدۇ، ئالدى تەرەپ قاينام، چۈشۈپ كەتسەك چىقالمايمىز.

جوشۇ ئالدىدا بېلىق جىق دەپ ئويلاپ، دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋېرىپتۇ، نەتىجىدە كېمىسىنى قاينام يۆگەپ ئەكىرىپ كېتىپ توختىماي ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە قاينامدا ئون يىل ئايلىنىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى قاينامدا بېلىق بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇ خام بېلىق يەپ، يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ ئاران جان ساقلاپتۇ. بىر كۈنى دېڭىزدىكى تاغدەك چوڭ بىر بېلىق چوڭ سۇمۇرۇغقا ئايلانغان چاغدا، ئاسمان - پەلەك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ كېمىسى قاينامدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتقاندا چېچى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى تونۇيالماپتۇ، ئۇ يەنە دوستىنى تېپىپ ئىككى تە-

زىم قىلىپ، بىگىز بارمىقىدا ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— ئىلگىرى جاھىللىق قىپتىمەن، بۇ قېتىم چوقۇم ئۇزۇل - كېسىل تۈزىتىمەن، گېپىمنىڭ راستلىقىغا كۆن گۇۋاھ بولسۇن، — دەپتىكەن، دوستى كۈلۈپ كېتىپ:
— قېرىپ، قىران چاغلىرىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا، ئەمدى توۋا قىلغانلىقىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ.
بەزىلەر، جۆشۇ مۇشۇ ئۇچ قېتىملىق پۇشايمان بىلەن پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، بۇنداق پۇشايمان قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، توۋا قىلىشنى بىلمەيدىغان ئاشۇ ئادەملەردەك غەم - ئەندىشىسىز ياشىغىنى تۈزۈك ئىدى دېيىشىپتۇ.

# تاشقا ئايلانغان ياغاچنىڭ ھېكايىسى

مەن ئارىزونا ئىشتاتىدىكى تاشقا ئايلانغان ياغاچ ئورمانلىقىدا ئاجايىپ مەنزىرىلەرگە مەھلىيا بولۇپ تۇراتتىم، بىر بوۋاي ئالدىمدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى. ۋىجىككىنە كەلگەن بۇ بوۋاي ماشىنىسىنىڭ يۈك - تاق ساندۇقىنى ئاختۇرغان چاغدىكى قىياپىتى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ يۈك - تاق ساندۇقىدىن لاتىغا ئورالغان ئېغىر بىر نەرسىنى ئالدى، ئۇ قولىدىكى تېگىقنى تەمسىلىكتە كۆتۈرۈپ، يولدىن ئۆتۈپ، دەلدەڭشىگىنىچە قۇملۇققا قاراپ ماڭدى. ئۇ مېنى كۆرمىدى، مەن بىر خىل قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭغا يىراقتىن ئەگەشتىم.
ئۇ تەستە ماڭاتتى، بىردەم - بىردەم توختاپ ھاردۇق ئالاتتى، ئاخىرى بوۋاي بىر كىچىك دۆڭلۈكنىڭ چوققىسىغا چىقتى، ئاندىن تۆت تەرەپكە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ھېلىقى تېگىقنى مۈرىسىگە ئېلىپ، يەنە پەسكە قاراپ ماڭدى. مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم، چوققىغا چىقىپ قارىسام، بوۋاي تاغ ئېتىكىدىكى بىر ئېرىقنىڭ بويىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇشتۇمتۇت لاي يەردە تىزلىنىپ، ئېھتىيات

بىلەن ھېلىقى تېڭىقنى يەشتى، مەن ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

بوۋاينىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئون تۆت قاداق ئېغىرلىقتىكى بىر پارچە تاشقا ئايلانغان ياغاچ بولۇپ، قارىماققا دەرەخ كۆتىكىگە ئوخشايتتى، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ تاش تەخمىنەن 225 مىليون يىللار ئىلگىرى شەكىللەنگەن. لېكىن ئۇ يەنىلا بىر پارچە ياغاچقا ئوخشايتتى، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇ تاش نۇرغۇن چىرايلىق خىرۇستاللار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۈن نۇرىدا يېشىل، كۆك ۋە قىزىل نۇر چاچاتتى. بوۋاي چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تاشنى ئاستا سىلىدى، ئاندىن خېلى ئۇزۇندا ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە تاشقا قاراپ خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— چىرايلىق تاشكەن، — دەپ گەپ باشلىدىم مەن.

— لېكىن بۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— سىز بۇ تاشنى قاچان بايقىغان؟

— 60 يىل ئىلگىرى، دادام ئاكام ئىككىمىزنى ساياھەتكە ئەكەلگەن. مەن شۇ چاغدا بۇ تاشنى مۇشۇ يەردىن تېپىۋېلىپ ماشىنىغا يوشۇرۇپ قويغانىدىم، دادام بۇنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنداق قىلساڭ توغرا بولمايدۇ دەپ مېنى ئەيىبلىدى. لېكىن ئۇ چاغدا بىز نيۇيوركقا كېتىپ بولغانىدۇق.

كېيىن بىز ناھايىتى تەبىئىي پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق، بوۋاي ماڭا، 60 يىلدىن بۇيان باشتىن - ئاخىر بۇ تاشنى ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ ئويلىغانلىقىنى، يېقىندا دوختۇردىن ئۆزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىنلا ئۇشتۇمتۇت خۇددى ھاياتىغا ئوخشاشلا بۇ تاشقا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭمۇ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ تاشنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇش، يىللاردىن بېرى قەلبىنى ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن

ئازابلاۋاتقان بۇ قۇملۇققا ئەكىلىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ.

قۇياش ئاستا ـ ئاستا تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزۈن ئۇھ تارتىپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى، ئاندىن ئېڭىشىپ، ھېلىقى چىرايلىق تاشنى ئاستا سىلاپ قويدى. كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ بىشىنى قايرىدى... مەن ئۇنى يۆلىۋالدىم. بىز دۆڭلۈككە چىقىپ يەنە ھېلىقى تاشقا ئايلانغان ياغاچقا قارىدۇق، بۇ چاغدا ئۇ ئاران ـ ئاران ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان بىر كىچىك قارا توچكىغا ئايلانغانىدى.

ئاستا ـ ئاستا گۇگۇم چۈشتى، مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىش بىلەن قىيالماسلىقتەك ئىككى خىل ھېسسىياتنى تەڭلا باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بوۋاينىڭ چىرايىدا جىلۋىلىنىۋاتقان تەبەسسۇمنى تەستە پەرق قىلدىم. ئەگەر مۇھەببەت ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسئۇلىيەت بولمىغىنىدا ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىز ئۈچۈن بىر يۈك بولۇپ تۇيۇلغان بولاتتى.

## شار پەلسەپىسى

بىرقانچە ئاق تەنلىك باللار باغچىدا ئويناۋاتاتتى، شار ساتىدىغان بىر بوۋاي ھارۋىسىنى ھەيدەپ باغچىغا كىرىپ كەلدى، ئاق تەنلىك باللار يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھەربىرى بىردىن شار سېتىۋالدى، باللار شادلىققا چۆمگەن ھالدا ئۇچۇۋاتقان شارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرەيتتى.

باغچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر قارا تەنلىك بالا ئولتۇراتتى، ئۇ كېلىپ بۇ باللارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ ئويناشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇ قارا تەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىشىدىن قورقاتتى. ئاق تەنلىك باللار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ تارتىنغان ھالدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ

بوۋاينىڭ ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ھەم ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا:
— ماڭا بىر تال شار سېتىپ بېرەمسىز؟ — دەپ سوردى.
بوۋاي بالىغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، مۇلايىم ھالدا:
— ئەلۋەتتە سېتىپ بېرىمەن، قانداق رەڭلىك شار ئالىسەن؟ — دېۋىدى، بالا غەيرەتكە كېلىپ:
— قارا رەڭلىكتىن بىرنى ئالىمەن، — دېدى.
قارا تەنلىك بالا خۇشاللىقىدىن شارنى ئېلىپ ھاۋاغا قويۇۋەت-تى، قارا رەڭلىك شار مەيىن شامالدا ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆر-لەپ، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا ئالاھىدە جىلۋىلىنىپ ھاۋادا ئۆزگىچە بىر مەنزىرە ھاسىل قىلدى.
بوۋاي كۆزىنى قىسىپ شارنىڭ ئۆرلىگىنىگە قارىغاچ، قارا تەن-لىك بالىنىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ:
— ئېسىڭدە بولسۇن، شارنىڭ ئۆرلەش - ئۆرلىيەلمەسلىكى ئۇنىڭ رەڭگى، شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى شارنىڭ ئىچىگە قا-چىلانغان ھىدروگېن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئوخشاشلا بىر ئادەمنىڭ ئۇتۇق قازىنىش - قازىنالماسلىقى ئىرقى كېلىپ چىقى-شى بىلەن ئەمەس، مۇھىمى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ مۇستەھكەم ياكى مۇستەھكەم ئەمەسلىكى بىلەن باغلىق بولىدۇ، — دېدى.
ئۇ قارا تەنلىك بالا ئامېرىكىدىكى داڭلىق پىسخىكا دوختۇرى كېيىن ئىدى.

## لازىم ئېگىلىش

ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇرىتى پېتىرنى باشلاپ سەپەرگە چىقىپ-تۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىر ئەسكى ئات تاقىسىنى كۆرۈپ پېتىرنى ئۇنى تېرىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئەمما پېتىر ئېگىلىشكە ئېرىنىپ، بۇ گەپنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋاپتۇ.
ئىيسا ئەلەيھىسسالام گەپ قىلماي تاقىنى ئۆزى ئېلىۋاپتۇ، كې-

يەن تاقىنى بىر تۆمۈرچىگە ئۈچ يارماققا سېتىپ، بۇ پۇلغا ئون نەچچە تال گىلاس سېتىۋاپتۇ.

ئىككىيلەن شەھەردىن چىقىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىر قاقاس چۆللۈكتىن ئۆتۈۋېتىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام پېتىرنىڭ قاتتىق ئۇسسىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، يىغىۋالغان گىلاس-تىن بىر تالنى ئوغرىلىقچە يەرگە تاشلاپتىكەن، پېتىر كۆرۈپ دەرھال تېرىپ يەپتۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ماڭغاچ گىلاسنى تاشلاۋېرىپتۇ. پېتىرمۇ ئون نەچچە قېتىم ئېگىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بايا بىر قېتىم ئېگىلگەن بولساڭ، كېيىن بۇنچە كۆپ ئې-گىلمەيتتىڭ، كىچىك ئىشنى قىلىشتىن قاچساڭ، كېيىن تېخىمۇ كىچىك ئىشنىڭ جاپاسىغا قالىسەن، — دەپتۇ.

ئېگىلىش كىچىك بالىمۇ قىلالايدىغان ئاددىي ھەرىكەت، ئەمما سىزنى كۆپ مەنپەئەتكە ئىگە قىلىشى مۇمكىن.

## ئۆزۈڭنى بىل

قەدىمكى گىرېتسىيەنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى سوقراتنىڭ «ئۆزۈڭ-نى بىل» دەيدىغان بىر ئېغىز مەشھۇر سۆزى بار، ئېھتىمال بۇ سۆزنى نۇرغۇن ئادەم بىلىدىغاندۇ، لېكىن بۇ سۆز قانداق كېلىپ چىققان؟

سوقرات ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىززىنى بې-سىپ قالىدۇ دەپ ئويلىغان شاگىرتىنى سىناپ بېقىش ۋە بېشارەت بېرىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ:

— مېنىڭ ھايات شامىم ئۆچەي دېدى، ئەمدى يەنە بىر شام تې-پىپ ئۇلاپ بېقىش كېرەك، مەقسىتىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ — دەپتى-كەن، شاگىرتى دەرھال:

— چۈشەندىم، سىزنىڭ شانلىق ئىدىيەڭىز داۋاملاشتۇرۇلۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

— بىراق، — دەپتۇ سوقرات، — مەن ئەڭ ياخشى ئىز باسارغا موھتاج، ئۇنىڭدا ئەقىل ـ پاراسەتلا بولۇپ قالماستىن، يەنە چوقۇم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئالاھىدە جاسارەت بولۇشى كېرەك. مەن بۇنداق ئادەمنى ئىزدەپ تا بۈگۈنگە قەدەر تېخى تاپالمىدىم، سەن ماڭا مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرنى تېپىشىپ بېرەلەمسەن؟

شاگىرتى تەكەللۇپ بىلەن:

— ئەلۋەتتە، مەن چوقۇم مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرنى تېپىپ سىزنىڭ ماڭا سىڭدۇرگەن ئەجرىڭىز ۋە ئىشەنچىڭىزنى ئاقلايمەن، — دەپتۇ.

سوقرات كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ساددا شاگىرت ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەر تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۇ مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى باشلاپ كەلسە، سوقرات ھەممىسىنى سىپايىلىك بىلەن رەت قىپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ شاگىرت يەنە بىر قېتىم نەتىجىسىز سوقراتنىڭ قېشىغا كەلگەندە، جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغان سوقرات تەستە كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇرۇپ، شاگىرتىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— كۆپ جاپا تارتتىڭ، بىراق ئەمەلىيەتتە سەن تېپىپ كەلگەن ئۇ ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ساڭا يەتمەيدىكەن، — دەپتۇ.

شاگىرت سەممىيلىك بىلەن:

— مەن چوقۇم ھەسسىلەپ تىرىشىپ، پۈتۈن جاھاننى ئىزدەپ بولسىمۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر نامزاتنى تېپىپ چىقىمەن، — دەپتۇ.

سوقرات كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلماپتۇ.

يېرىم يىلدىن كېيىن سوقرات ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا تېخىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىز باسارنى تاپالمىغان شاگىرت ئۆكۈنۈشتىن كۆز ـ لىرىگە ياش ئالغان ھالدا كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئېغىر ئاھاڭدا:

— سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، سىزنى نائۈمىد قويدۇم.

سوقرات:

— نائۈمىد قالغان مەن، بىراق يۈز كېلەلمەيدىغىنىڭ ئۆزۈڭ، — دەپ ئىنتايىن رايى قايتقان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ، بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەسرەت بىلەن:

— ئەسلىدە، ئەڭ ياخشى ئىزباسار ئۆزۈڭ ئىدىڭ، ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭ كەمچىل بولغاچقىلا ئۆزۈڭگە ئېتىبار قىلمىدىڭ، ئۆزۈڭگە دەخلى قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويدۇڭ... ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم ئەڭ مۇنەۋۋەر، گەپ ئۆزىنى قانداق چۈشىنىشتە. ئۆزىنى قانداق بايقاش ۋە قانداق ئورۇنغا قويۇشتا، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مەشھۇر پەيلاسوپ سۆزىنى تولۇق ئاخىرلاشتۇرۇپ بولمايلا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىپتۇ.

## ئۈلگە بولغان دادا

بىر ئادەم ھەر كۈنى ئىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى قاۋاقخانىغا بېرىپ ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قاپتۇ.

قېلىن قار ياغقان بىركۈنى ئۇ يەنە ئەتىگەندە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆزى يالغۇز قاۋاقخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزاقتا قالمايلا ئۇ بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا بالىسى ئۇنىڭ قارغا قالدۇرغان ئاياغ ئىزىنى دەسسەپ تۇرۇپ، خۇشال ھالدا:

— دادا، قارا مەن سېنىڭ ئىزىڭغا دەسسەپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا كۆڭلىدە:

— مەن نېمە ئىش قىلسام بالام شۇنى دورايدىكەن، ھەتتا قاۋاقخانىغا بارسامۇ... — دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ قاۋاقخانىغا ئاياغ باسماپتۇ.

## ئىبادەتتىكى ئېپىسكوپ

نامى ھەممىگە مەشھۇر بىر ئېپىسكوپ گۈللۈكتە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلىۋاتسا بىر ئايال ئالاقزەدە بولغان ھالدا كىرىپ، ھەممە ياققا چېپىپ يىتىپ كەتكەن بالىسىنى ئىزدەپتۇ. ئايالنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى بالىسىدا قالغاچقا، يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان ئېپىسكوپقا دىققەت قىلماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە يە ـ قىلىپ چۈشۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەپۇ سورىماستىنلا ئالدى تە ـ رەپكە كېتىپتۇ.

ئېپىسكوپ ئايالنىڭ بۇ قىلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ دۇئا قىلىپ بولۇشىغا ئايال بالىسىنى يېتىلىگىنىچە خۇشال ھالدا قايتىپ كەپتۇ، ئېپىسكوپنىڭ دەرغەزەپكە تولغان چىرايىنى كۆر ـ گەن ئايال قورققىنىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قاپتۇ.

ئېپىسكوپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشقا تى ـ رىشىپ ھەيۋە بىلەن:

— بايىقى قىلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ باقامسىز؟ — دەپتۇ.

ئايال:

— كەچۈرسىلە ئېپىسكوپ، خىيالىم بالامدا قالغان بولغاچقا سىلىنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكلىرىگە سەپسالماپتىمەن. ئۇ چاغدا سىلى ئىبادەت قىلىۋاتاتتىلىغۇ؟ سىلىنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ ئوب ـ يېكتى مېنىڭ بالامدىن نەچچە ئون مىڭ ھەسسە ئۇلۇغ تۇرسا سى ـ لى قانداقسىگە ماڭا سەپسالدىلا؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن، ئې ـ پىسكوپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ لام ـ جىم دېيەلمەپتۇ.

## چىرايلىق توز

پادشاھ سۇ بوياق رەسىم سىزىدىغان بىر داڭلىق رەسسامنىڭ

تەرىپىنى ئاڭلاپ ئۇ رەسسامنى بىركۈنى ئالاھىدە زىيارەت قىلغىلى بېرىپتۇ.

— ماڭا بىر توز سىزىپ بېرىڭ، — دەپ تەلەپ قىپتۇ پادىشاھ.

ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندە پادىشاھ كېلىپ:

— مەن بۇيرۇتقان سۇ بوياق رەسىم قېنى؟ مەن سىزگە بىر توز سىزىپ بېرىشنى ئېيتقانىدىم.

— بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، ھازىرلا سىزىپ بېرەي، — دەپتۇ رەسسام.

ئۇ قەغەزنى ئېلىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر چىرايلىق توز سىزىپتۇ، پادىشاھ بۇ رەسىمدىن ئىنتايىن رازى بوپتۇ، بىراق باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

— بۇ رەسىمنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا بىردەمدىلا سىزىپ بولغاندەك قىلىۋاتاتتىڭىز، نېمانچە يۇقىرى باھا قويىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن رەسسام پادىشاھنى باشلاپ ئۆيلىرىنى ئايلاندۇرۇپتۇ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى توزنىڭ رەسىمى سىزىلغان قەغەزلەر بىلەن دۆۋىلىنىپ كەتكەنىكەن. رەسسام بۇلارنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، توزنىڭ باھاسىنىڭ ئادىل بولغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنلا؟ بىر توزنىڭ رەسىمىنى سىزىش ئۈچۈن سىلىگە كۆچىمەيلا بىردەمدە قىلىپ بولىدىغان ئىشتەك تۇيۇلغىنى بىلەن، مەن توزنىڭ رەسىمىنى مۇشۇنداق چىرايلىق سىزىشنى ئۆگەنگۈچە توپتوغرا بىر يىل تەييارلىق قىلدىم.

## مايمۇن

بۇرۇن ھىمالايا تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى بىر كەنتكە بىر سېھىرگەر بوۋاي كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان

ھۆنەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ ھۆنەرنى ئۆگەنمەكچى بولغانلار بىساتىـ ـدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىدىن بىرەرنى ئېلىپ كەلسە ھۆنەرنىـى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

نامراتلىق جېنىغا پېتىپ كەتكەن كەنت خەلقى كۈندۈزى چىراغ يېقىپ ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ ـ دە! شۇڭا ھەممەيلەن «تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشتەك» مۇشۇنداق ياخشى ھۆنەرنى ئۆگىـ ـنىش ئۈچۈن ئازراق مال ـ مۈلكىنىڭ مېھرىدىن ۋاز كەچسەك نېـ ـمە بوپتۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ (ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇقلا بولغاچقا، ئەگەر بۇ بوۋاينىڭ راستىنلا تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان سېھرىي بولسا، ئۆگىنىش ھەققىنى نېمە قىلىدۇ؟ دېگەننى ئويلىمىغان بولـ ـسا كېرەك).

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆگىنىش ھەققىنى رازىمەنلىك بىلەن تاپـ ـشۇرۇپ ئەتراپىغا ئولىشىپ بوۋاينىڭ بۇ سىرلىق ھۆنىرىنى ئۆگىـ ـنىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار بوۋاينى قانداق قىلىدىكىن دەپ پۈتۈن زېھـ ـنىنى يىغىپ ئولتۇرۇپتۇ، بوۋاي ئاۋۋال پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇپتۇ، ئاندىن ياغاچ چېلەكنى شۇنداق كۆتۈرۈپتىكەن، ئۇنىڭ ئاستىغا بـاـ ـسۇرۇپ قويغان بىر دۆۋە تاش شۇ ھامان پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ.

ـــ ھۆنىرىڭىزنى بىزگە تېزراق ئۆگىتىپ قويغان بولسىڭىز!

شۇ تاپتا بۇ ئاۋاز ھەربىر ئادەمنىڭ كانىيىدىن ئەمەس، يۈرەك قېتىدىن چىقىپتۇ.

بوۋاي كەنتتىكىلەرگە ئەپسۇننى زېرىكمەستىن ئۆگىتىپتۇ، كەنتتىكى ئەڭ دۆت ئادەممۇ بۇ ئەپسۇننى يادلىيالىغۇدەك بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا:

ـــ سىلەر ئەتە كۈن چىقىشتىن باشلاپلا تاشنى ئالتۇنغا ئايلانـ ـدۇرۇش ھۆنىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىساڭلار بولىدۇ، مەن ھەمە ـ

مىڭلارنىڭ كېرەكسىز تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىڭلارغا ۋەدە بېرىمەن. بىراق، شۇنى ئەستە تۇتۇشىڭلار كېرەككى، ئەپسۇن ئوقۇغاندا، خىيالىڭلارغا ھەرگىز ھىمالايا تېغى مايمۇنىنى كەلتۇر-مەڭلار، — دەپتۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنتتىن-كىلەر بىردەك ئاۋازدا.

— ئالتۇن بىلەن ھىمالايا مايمۇنىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بول-سۇن؟ مۇشۇنداق چاغدا ئۇلار قانداقمۇ ھىمالايا مايمۇنىنى خىيالىغا كەلتۇرسۇن؟ بۇ بوۋايمۇ تازا قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىغان ئادەم-كىنا؟ — بەزىلەر ئىچىدە شۇنداق دېيىشىپتۇ.

بىراق ئارىدىن توپتوغرا مىڭ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ كەنت-تىن تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. بەزىلەر ھازىرمۇ مۇشۇ كەنتكە بارسا، يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ چېلەكنىڭ ئاستىغا تاشنى كۆمتۇرۇپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ھى-مالايا مايمۇنىنى خىيالىغا كەلتۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەپسۇن بىلەن تاشنى ئالتۇنغا ئايلان-دۇرالماپتۇ، لېكىن بوۋاينى يالغان سۆزلىدى دەپ ئېيتالايدىغانلار-مۇ يوق ئىكەن. چۈنكى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ مايمۇنلارنى ئوي-لىماي دېگەنسېرى، بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز مايمۇنلارنىڭ شۇنچە خىيالىغا كېلىۋالىدىغانلىقىغا ئىقرار ئىكەن.

## مۇۋاپىق ئۆلچەم

مۇۋاپىق ئۆلچەم ساغلاملىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

تەيشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە «كولكە تېشى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پارچە تاش بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇشۇ ئەتراپتا يۈز ياشقا كىرگەن بوۋايدىن ئۈچى بولۇپ، ئۇلار دائىم مۇشۇ تاش ئالدىدا بە-

دەن چېنىقتۇرىدىكەن، پاراكەندىشىدىكەن، ھەممىسى تېتىك ھەم روھلۇق، خۇش تەبەسسۇم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈ- تۈنۈش سىرى ھەققىدە سۆزلىشىپ قاپتۇ.
ئا:
— تاماقتىن ئىلگىرى بىر قەدەھ مەي ئىچىش، — دەپتۇ.
ب:
— تاماقتىن كېيىن يۈز چامدام مېڭىش، — دەپتۇ.
س:
— خوتۇن سەت بولۇش، — دەپتۇ.
گەپ تۈگىشى بىلەنلا ئۈچەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. «كۈلكە تېشى» دېگەن نام شۇنىڭدىن قالغانىكەن.
بۇ ئۈچ بوۋاينىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى سىرى گەرچە ئىن- تايىن ئاددىي بولسىمۇ، بىراق كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئە- مەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى مۇۋاپىق ئۆلچەم بىلەن ئۆزىنى لايى- قىدا تەڭشەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.
«تاماقتىن ئىلگىرى بىر قەدەھ مەي ئىچىش» — مۇۋاپىق مىقداردا مەي ئىچىش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، دېگەنلىك؛ «تاماقتىن كېيىن يۈز قەدەم مېڭىش» — مۇۋاپىق يول مېڭىش، ھەرىكەت قى- لىش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، دېگەنلىك؛ «خوتۇن سەت بولۇش» — بۇ سەل يۇمۇرلۇق تۈس ئالغان سۆز بولۇپ، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئە- گىشىپ جىنسىي تۇرمۇشنى ئازايتىش كېرەك. جىنسىيەتكە زىيادە بېرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، دېگەن مەنىدە.
ئەمەلىيەتتە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى مۇ- شۇنداق بىر ئۆلچەمگە موھتاج. مۇۋاپىق، لايىقىدا بولغان ئۆلچەم تۇرمۇشنى تېخىمۇ ئىناق، بەختىيار تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

## گۆھنجۈك بىلەن باۋ شۈيانىڭ دوستلۇقى

چۇنچيۇ دەۋرىدە باۋ شۈيا بىلەن گۆھنجۈك ياخشى دوستلاردىن

بولۇپ، بىر - بىرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىشىدىكەن.

ئۇلار بىرنەچچە قېتىم شېرىكلىشىپ تىجارەت قىپتۇ. ھەر قې-
تىم ئوخشاش مەبلەغ ۋە كۈچ چىقىرىپ، قىلغان سودىنىڭ پايدى-
سىنى بۆلۈشكەندە، دائىم گۇەنجۇڭ بىر ئاز ئارتۇق ئالىدىكەن. بۇنى
كۆرۈپ بەزىلەر باۋ شۇياغا:

— ئۇ سىزنى بوزەك قىلىۋالدى، — دەپتۇ، لېكىن باۋ شۇيا بۇ
ئىشنى:

— گۇەنجۇڭنىڭ بۇنداق قىلىشى مال - دۇنياغا تويمىغانلىقتىن
ئەمەس، ئۇنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا شۇنداق قىلىدى، —
دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

گۇەنجۇڭ باۋ شۇيا بىجىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان ئىشلارنىڭ
بىرنىمۇ ياخشى بىجىرەلمەپتۇ. ئۈچ قېتىم ئەمەل تۇتۇپ ھەر قې-
تىمدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا باشقىلار
گۇەنجۇڭنى قابىلىيەتسىزلىكتە ئەيىبلىسە، باۋ شۇيا ئوتتۇرىغا
چىقىپ:

— بۇ ھەرگىزمۇ گۇەنجۇڭنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىدىن بولغان
ئىش ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭغا قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان پۇر-
سەت بولمىدى، — دەپ گۇەنجۇڭنى ئاقلاپتۇ.

تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، گۇەنجۇڭ ئۈچ قېتىم ئەسكەرلىكتە
تۇتۇلۇپ، ئۈچىلا قېتىمدا ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ كېتىپتۇ.
كىشىلەر ئۇنى «ئۆلۈمدىن قورقتى» دەپ مەسخىرە قىلسا، باۋ شۇيا
يەنە ئۇنىڭ يېنىنى ئېلىپ:

— گۇەنجۇڭ ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ياشى-
نىپ قالغان ئانىسىغا قارايدىغان باشقا ئادەم يوق، — دەپتۇ.

كېيىن، باۋ شۇيا چى بەگلىكىنىڭ بەگزادىسى شياۋ بەيىنىڭ
مەسلىھەتچىسى بوپتۇ. گۇەنجۇڭ بولسا چى بەگلىكىنىڭ يەنە بىر
بەگزادىسى جۇنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ. ئىككى بەگزادىنىڭ تەخت تا-
لىشىش ئۇرۇشىدا گۇەنجۇڭ شياۋ بەيىنى توسۇپ ئوقيا ئېتىپتى-

كەن، ئوق ئۇنىڭ بەلبېغىغا تېگىپتۇ. شياۋ بەي ئۆلگەن بولۇۋېلىپ
گۈەنجۇڭدىن قۇتۇلۇپتۇ ھەم ئۇرۇشتا نۇسرەت قازىنىپ تەختتە
ئولتۇرۇپ، چى خېڭگۇڭ دەپ ئاتىلىپتۇ. بەگزادە جۇ مەغلۇپ بولۇپ
ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. گۈەنجۇڭمۇ مەھبۇسقا ئايلىنىپتۇ.

چى خېڭگۇڭ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باۋ شۇيانى ۋەزىر
قىلماقچى، گۈەنجۇڭنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بوپتۇ.
بىراق، باۋ شۇيا ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ئۆزرە بىلەن رەت قىلىپ،
گۈەنجۇڭنىڭ بۇ ئورۇنغا بەكرەك مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، چى
خېڭگۇڭنىڭ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتىپ، ئە-
تىۋارلاپ ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چى
خېڭگۇڭ گۈەنجۇڭنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.

دەرۋەقە، كېيىنكى كۈنلەردە گۈەنجۇڭ ئەلنىڭ نۇرغۇن مۇھىم
ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ دانالىقى ۋە پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، چى
خېڭگۇڭنى چۇنچيۇ دەۋرىدىكى بەش پادىشاھنىڭ بىرىگە
ئايلاندۇرۇپتۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى، گۈەنجۇڭ بىلەن باۋ شۇيانىڭ دوست-
لۇقى كىشىلەر تەرىپىدىن دوستلۇقنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى، دەپ
قارالماقتا. گەرچە چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ئۇ ئىشلار ئاللىبۇرۇن تارىخ-
قا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باۋ شۇيانىڭ دوستلۇققا بول-
غان پوزىتسىيەسى، كەڭ قورساقلىقى تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن - ئې-
غىزغا كۆچۈپ مەدھىيەلىنىپ كەلمەكتە.

## بەخت ۋە بەختسىزلىك

مۇنداق بىر ھېكايە بار.

بۇرۇن بىر يىگىت ھەمىشە تەڭرىنىڭ ئۆزىگە بەخت ئاتا قىلىد-
شىنى تىلەيدىكەن، شۇ نىيەت بىلەن كېچە - كۈندۈز تەڭرىگە ئىلت-
تىجا قىلىپتۇ. ئاخىر تەڭرىنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ، بىر كۈنى كېچىدە

يىگىت ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ ئىشىكنى ئاچسا، ئىشىك تۈۋىدە چىرايى ئاينى خىجىل قىلغۇدەك بىر ساھىبجامال قىز تۇرغۇدەك، قىز يىگىتنى كۆرۈپ خۇددى قۇشلارنىڭ سايرىشىدەك يېقىملىق ئاۋازدا:

— مەن بەخت ئاتا قىلغۇچى ئايال ئىلاھ، ئىسمىم قۇتلۇق پەرىسى، — دەپتۇ.

خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولغان يىگىت قىزنى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ چاغدا قۇتلۇق پەرىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، مېنىڭ يەنە بىر سىڭلىم بار، ئۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ، — دەپتۇ - دە، ئارقىسىغا قاراپ قاراڭغۇدا تۇرغان سىڭلىسىنى چاقىرىپ يىگىتكە تونۇشتۇرۇپتۇ.

بۇ قىزغا قاراپ يىگىتنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، قان - دىدارى قالماپتۇ ھەم كۆڭلىدە جاھاندا مۇشۇنداقمۇ سەت، بەتبەشىرە قىز بولىدىكەنە، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ قۇتلۇق پەرىسىدىن:

— بۇ قىزچاق راستىنىلا سىزنىڭ سىڭلىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ راستىنىلا مېنىڭ سىڭلىم، ئىسمى تون پەرىسى، بەختسىزلىكنى كەلتۈرگۈچى ئايال ئىلاھ، — دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىپتۇ قۇتلۇق پەرىسى.

بۇنى ئاڭلىغان يىگىت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ:

— ئۆيگە ئۆزىڭىز كىرسىڭىزلا بولىدى، تون پەرىسى سىرتتا تۇرۇپ تۇرسۇن، بولامدۇ؟ — دەپ قۇتلۇق پەرىسىدىن ئۆتۈنۈپتۇ.

بۇ چاغدا قۇتلۇق پەرىسى:

— تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىزمەن، چۈنكى سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن تارتىپلا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلالمايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت

قاتتىق ئازابلىنىپ، ئۇزۇنغىچە بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ.

بۇ چاغدا قۇتلۇق پەرىسى:

— ئەگەر سىز بۇنداق بىر قارارغا كېلەلمىسىڭىز، بىز قايتقاچ تۇرايلى، — دەپتۇ - دە، تېزلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

تۇرمۇشتا بەختكە ھامان بەختسىزلىك ئەگىشىپ كېلىدۇ، بەختنى كۆرگەندە كۆرەڭلەپ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپ، بەختسىز- لىككە يولۇققاندا تەمتىرەپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالىدىغانلار تۇرمۇشنىڭ مەغلۇبىيەتچىلىرىدۇر. چۈنكى، بەخت بىلەن بەختسىز- لىك بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، پەقەت تولۇق روھىي تەييارلىق بىلەن بۇلارغا يۈزلەنگەندىلا، نورمال پىسخىك ھالەتنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

## خۇشاللىقتا ئېرىشىش

بۇرۇن بىر ئوغۇل بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئانچە بايا- شات بولمىسىمۇ، تاغ ئېتىكىدىكى ئەپچىلگىنە ئۆيدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇ دەل - دەرەخلەرنى، ئۇچار - قۇشلارنى، ھايۋاناتلارنى ياخشى كۆرىدىكەن، چىرايلىق قىزلارغا، تاغقا يامى- شىشقا، سۇ ئۈزۈشكە ئامراق ئىكەن. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى تەل ئىكەن، پەقەت ماشىنىسىغا دائىم باشقىلار ئولتۇرۇۋالىدىكەن.

بىر كۈنى بالا تەڭرىگە:

— مەن چوڭ بولغاندا نېمىلەرگە ئېرىشەم بولىدىغانلىقىنى ئاخىر بىلىپ يەتتىم، — دەپتۇ.

— نېمىگە ئېرىشەڭ بولغۇدەك؟ — دەپتۇ تەڭرى.

— مېنىڭ چىرايلىق بىر ئۆيۈم بولىدۇ، ئۆيۈمنىڭ بالكونىدىن سىرتنىڭ ھەممە مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دەرۋازامنىڭ ئالدىدا ھەزرىتى بېرناردنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان بولىدۇ، مەن زىلۋا بوي- لۇق، كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆك، قاپقارا چاچلىرى بۇلۇتتەك يېيى-

لىپ تۇرىدىغان ساھىبجامال قىزدىن بىرىگە ئۆيلىنىسەن، ئۇ قىز مۇلايىم بولۇپلا قالماستىن تېخى گىتار چېلىشنىمۇ بىلىدۇ، مېنىڭ قاۋۇل ئۈچ ئوغلۇم بولىدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرى بىز بىرلىكتە توپ ئوينايمىز، ئوغۇللىرىم چوڭ بولغاندا بىرى ئالىم، بىرى پارلامېنت ئەزاسى، بىرى زەيتۇن توپ كوماندىسىنىڭ كىۋارتېربېكى بولىدۇ، مەن كېمە ھەيدەپ دېڭىزغا چىقىپ ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا بارىمەن، تاغقا يامىشىپ رېكورت يارىتىمەن. بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىك جەريانىدا نۇرغۇن ئادەملەرنى خەتەردىن قۇتقۇزۇۋالىمەن. مېنىڭ يەنە قارالى ماركىلىق ئوتقاشتەك قىزىل بىر ماشىنام بولىدۇ، — دەپتۇ بالا، — ماشىنامغا ھېچكىمنى چىقارمايمەن.

— ئاڭلىماققىغۇ ئاجايىپ شېرىن خىيالكەن، خىيالىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ تەڭرى.

بىركۈنى ھېلىقى ئوغۇل بالا توپ ئويناۋېتىپ تىزىنى يارىلاندۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ دېڭىزدا سۇ ئۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەرەخكىمۇ يامىشالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، كېيىن ئىقتىساد باشقۇرۇش كەسپىنى ئۆگىنىپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ.

ئۇ مۇلايىم، چىرايلىق، قاپقارا چاچلىرى يېيىلىپ تۇرىدىغان بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ، لېكىن قىز ئېگىز، زىلۋا ئەمەسكەن. كۆزىمۇ كۆك بولماستىن، قوڭۇر ئىكەن. قىز گىتار چالالمايدىكەن، ناخشا ئېيتالمايدىكەن، ئەمما تاماققا ئۇستا ئىكەن. گۈل ھەم قۇشلارنىڭ رەسىمىنى ياخشى سىزىدىكەن.

تىجارەت قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئۇ شەھەر مەركىزىدىكى ئېگىز بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي ئاپتۇ. ئۇ يەردىن كۆپكۆك دېڭىزنى ھەم تۈن قوينىدا چاقناپ تۇرغان چىراغلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس بېرناردنىڭ ھەيكىلى بولمىغىنى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن، ئۈچ قىز ئاتىسىنى ئىنتايىن سۆيىد-

كەن. چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان كىچىك قىزى ھەممىدىن ئوماق ئىكەن، گەرچە ئۇلار ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ توپ تېپەلمە- سىمۇ، لېكىن بەزىدە بىرلىكتە باغچىغا بېرىپ ئۇچار تەخسە ئوي- نايدىكەن، كىچىك قىزى دەرەخ توۋىدە گىتار چېلىپ ئولتۇرۇپ يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن.

ئۇنىڭ تۇرمۇشى باياشات ھەم راھەت ئۆتىدىكەن، لېكىن قىزىل رەڭلىك قارالى ماركىلىق ماشىنىسى يوق ئىكەن. بەزىدە مال تو- شۇيدىكەن، ھەتتا بەزى ماللار ئۆزىنىڭ ئەمەس ئىكەن.

ئۇ بىر كۈنى سەھەردە ئويغىنىپلا نېمىشقىدۇر، كۆپ يىللار ئىلگىرىكى ئارزۇسىنى ئېسىگە ئاپتۇ ھەم ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ئۆز تۇرمۇشىدىن شىكايەت قىلىدىغان، ئارزۇسى- نىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئايالى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىمۇ كار قىلماپتۇ. بۇ خىل ئازاب ئاخىر ئۇنى كېسەل كارىۋىتىغا سۆرەپ ئاپىرىپتۇ. بىر كۈنى كېچىدە ھەممە ئادەم ئۆيىگە كېتىپ، كېسەلخانىدا ئۆزى يالغۇز قالغاندا تەڭرىگە:

ــ كىچىك چېغىمدا سىزگە ئارزۇيۇمنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئۇ بىر شېرىن ئارزۇ، ــ دەپتۇ تەڭرى.

ــ سىز نېمىشقا مېنى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمەيسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ تەڭرىدىن.

ــ ئەمەلىيەتتە، مەن سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزدۇم، پەقەت ساڭا تاسادىپىي خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن سەن ئويلىمىغان بەزى نەرسىلەرنى بەردىم، مېنىڭچە، سەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر ئاساسەن تەل بولدى، مۇلايىم ھەم چىرايلىق ئايال، ياخشى خىز- مەت، راھەت تۇرالغۇ، ئۈچ ئوماق قىز. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولماس، ــ دەپتۇ تەڭرى.

بۇ چاغدا ئۇ تەگرىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:

— ئۇغۇ راست، لېكىن مەن سىزنى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان نەر-سىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتىچە ماڭا بېرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، — دەپتىكەن، تەگرى:

— مەنمۇ سېنى مەن ئېھتىياجلىق نەرسىنى بېرىدۇ دەپ ئوي-لىغانىدىم، — دەپتۇ.

ئۇ ئەزەلدىن تەگرىمۇ بىرەر نەرسىگە ئېرىششنى ئارزۇ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىكەن. شۇڭا:

— نېمە، سىزمۇ بىرەر نەرسىگە ئېرىششنى ئارزۇ قىلامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيرانلىق بىلەن.

تەگرى:

— مەنمۇ سېنىڭ مېنىڭ ئاتا قىلغانلىرىمدىن خۇشال بولۇ-شىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئۇ كېچىچە تەگرىنىڭ سۆزىنى ئويلاپتۇ، ئاخىر ئۆزىدە بار نەر-سىلەرنى قەدىرلەپ ياشاش خىيالىغا كەپتۇ.

ئۇ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن 47 قەۋەتتىكى تۇرالغۇسىدا بالىلىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، ئايالىنىڭ قوڭۇر رەڭ كۆزى ۋە نەپىس سىزمىلىرىدىن بەھرە ئېلىپ، كۈندۈزى زۇمرەت-تەك چاقناپ تۇرغان دېڭىزغا، كېچىلىرى بىردە يېنىپ، بىردە ئۆچ-ۈپ ئاجايىپ بىر مەنزىرە ھاسىل قىلىدىغان چىراغلارغا قاراپ ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيا خۇشاللىققا تولغان، بۈگۈنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بىرخىل خۇشاللىق. ئەمما كىشىلەرنىڭ خۇشاللىققا تۇتىدىغان پو-زىتسىيەسى ئوخشاشمايدۇ، ئۈمىدۋار كىشىلەر بۈگۈننى تەگرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتى دەپ قاراپ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ھوزۇرلانسا، ئۈمىدسىز كىشىلەر ئۇنى بايقىيالماي قولىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. ھېچقايسىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى بەختتىن ھوزۇرلانماسلىققا ھەققىمىز يوق.

# خاتىرجەملىكنىڭ ئۆزى بايلىق

«ئىزوپ مەسەللىرى» دە مۇنداق بىر ھېكايە بار.

شەھەر چاشقىنى بىلەن سەھرا چاشقىنى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. بىركۈنى سەھرا چاشقىنى شەھەر چاشقىنىغا «بۇرادەر، ۋاقتىڭىز بولسا مېنىڭكىگە كېلىپ سەھرانىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلانغاچ بىر مەزگىل ئويناپ كېتىڭ، بۇ يەردە غەمسىز تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ» دەپ خەت يېزىپتۇ.

شەھەر چاشقىنى خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ، سەھراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ سەھراغا كەلگەندىن كېيىن، سەھرا چاشقىنى خۇشاللىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئارپا، بۇغداي دېگەنلەرنى دۆۋىلىۋېتىپتۇ. ئەمما شەھەر چاشقىنى ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ:

— ۋاي خۇدا، سەن دائىم مۇشۇنداق غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرەمسەن؟ بۇ يەردە قورساق ئاچ قالمىغان بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر لەززىتىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. نېمىدېگەن زېرىكىشلىك، يەنىلا مېنىڭكىگە بېرىپ ئوينايلى. مەن سېنىڭ كۆزۈڭنى بىر ئېچىپ قوياي، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەھرا چاشقىنى شەھەر چاشقىنىغا ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىپتۇ.

سەھرا چاشقىنى ئۆمرىدە ئۇنداق ھەشەمەتلىك، پاكىز ئۆينى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، دوستىغا قاتتىق زوقى كەپتۇ. ئۆزىنىڭ سەھرادا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزلىقتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بۇغداي بىلەن ئارپا تېرىپ يەيدىغانلىقىنى، يەنە تېخى قىشتا سوغۇقتىن ئۆتىدىغان سوغۇقلاردىمۇ يەر ئاستىدىن ئوزۇقلۇق يىغىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپتۇ.

ئۇلار بىر ھازا ئۇياقتىن — بۇياقتىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن،

ئەمدىلا تاماق شىرەسىگە يامىشىپ چىقىپ مەززىلىك يېمەكلىكلەردىن ھوزۇرلانماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ بىر ئادەم كىرىپتۇ. ئىككى چاشقان قورققىنىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆزىنى تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى كامارغا ئېتىشقا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ.

سەھرا چاشقىنى قورقۇپ كېتىپ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇپتۇ ۋە شەھەر چاشقىنىغا:

— ماڭا يەنىلا سەھرانىڭ ئاشۇ تىنچ تۇرمۇشى ياخشىكەن. گەرچە، ئۇ يەردە شەھەردىكىدەك بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە مەززىلىك يېمەكلىكلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئاچ قالمايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ھەر كۈنى جىددىيلىشىپ يۈرىدىغان ئىشمۇ يوق. مەن يەنىلا سەھراغا قايتىپ بۇغداي تېرىپ يېسەممۇ خاتىرجەم ياشاي، — دەپ شەھەر چاشقىنى بىلەن خوشلىشىپ سەھراغا كېتىپتۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا قارىتا ئۆزىگە خاس چۈشەنچىسى بولىدۇ. تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشى، ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا ھەۋەس قىلماي، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

## ياخشىلىققا يامانلىق

بىر بۆرە ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ توساتتىن «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بىر بۆرە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخنىڭ تېگىدە بېسىلىپ قالغانىكەن. بۆرە:

— دوستۇم، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتىكەن، بۆرە:

— سورىمايلا قوي، تېزدىن مۈڭگۈزۈڭ بىلەن دەرەخنى كۆتۈرۈپ مېنى چىقىرىۋالغىن، — دەپتۇ.

— ئۇنى كۆتۈرەلەرمەنمۇ؟ شۇنداقتىمۇ سىناپ باقاي، — بۆغا

شۇنداق دەپ مۈڭگۈزى بىلەن دەرەخنى كۆتۈرۈپ مىڭ تەستە مىدىرلىتىپتۇ.

بۆرە دەرەخ تېگىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئالدى بىلەن زەخمىلەنگەن ـ زەخمىلەنمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇستىبېشىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بۇغىغا:

— دوستۇم، ئەمدى سېنى يەيمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن بۇغا ئەجەبلەنگەن هالدا:

— ئەجەبا، سەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلماقچىمۇ؟ جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قويسام، ئېخى مېنى يەيمەن دەيسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— راست، سەن مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قويدۇڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن رەهمەت. لېكىن هازىر مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، سېنى يېمىسەم بولمايدۇ.

ئۇلار ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئېيىقنى بۇ دەۋانى سوراپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ئىككىسى ئېيىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپتۇ. ئېيىق بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بۇغىغا:

— سەن بۆرىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپسەن، ئەمما ئۇ سېنى يېمەكچى بوپتۇ. بۆرىنىڭ بۇ ئىشى ئەلۋەتتە خاتا. لېكىن يەنە بىر جەهەتتىن ئېيتساق بۆرىنىڭ گېپىمۇ يوللۇق. ئۇمۇ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق نىيەتتە بولغان گەپ، مۇنداق بولسۇن، مەن دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ سېنىڭ ئۇنى قانداق قۇتقۇزۇۋالغانلىقىڭنى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن بىر نەرسە دەي، — دەپتۇ.

بۇغا بىلەن بۆرە بۇ مەسلىهەتنى توغرا تېپىپتۇ، ئۈچەيلەن بىرلىكتە هېلىقى دەرەخنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بۇغا كۈچىنىڭ بارىچە دەرەخنى كۆتۈرۈپ، بۆرىنى قايتىدىن دەرەخنىڭ تېگىگە باسۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا ئېيىق:

— ئەمدى مۈڭگۈزۈڭ بىلەن دەرەخنى كۆتۈرۈپ، بۆرىنى دەرەخنىڭ تېگىدىن چىقىرىۋال، — دەپتىكەن، بۇغا:

— بۇگۇن بۇ دەرەخنى ئىككى قېتىم كۆتۈرۈپ ماجالىمدىن كەتتىم، ئەمدى كۆتۈرەلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئېيىق:

— دەرەخ كۆتۈرگۈدەك كۈچۈڭ بولمىسا، كۆتۈرمەيلا قوي. لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا مەن قانداق ھۆكۈم چىقىرىمەن؟ خاپا بولمىغىن بۇغىچاق، ساڭا يان باسقىنىم ئەمەس، لېكىن ماڭىمۇ ئامال بولمىدى، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ.

بۇغىمۇ:

— دېمىسىمۇ باشقا ئامال قالمىدى، — دەپ قويۇپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

بۆرە دەرەخنىڭ تېگىدە بېسىقلىق تۇرۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

بۇ دۇنيا شاپائەت ۋە ئاداۋەت بىلەن تولغان، ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق قايتۇرۇش كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ياشاش مىزانىدۇر. بىز باشقىلاردىن مەيلى ياخشىلىق كۆرەيلى، مەيلى يامانلىق كۆرەيلى، ھاياتقا، ئادەملەرگە، بولۇپمۇ ئىلگىرى بىزگە ياخشىلىق قىلغانلارغا چوقۇم ساپ، ھالال نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

## ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق

كورېيەلىك بىر بايۋەچچە ناھايىتى قىممىدا گۈزەل كىنو چولپىنىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمرىگە ئاپتۇ. توي كېچىسى ئۇلار ھۇجرىدا بىر - بىرىگە زوقلىنىپ قارىشىپ ئولتۇرۇپ، يىگىت قىزغا:

— بىز ئەمدى ئەر - خوتۇن بولۇپ قالدۇق، شۇڭا بىر - بىرىمىزگە سەمىمىي، سادىق بولمىساق بولمايدۇ، مەن سىزگە بىرنەچچە مەخپىيىتىمنى ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلاپ ھەيران قالماڭ، — دەپتۇ.

— بۇ دۇنيادا كىمنىڭ مەخپىيىتى يوق دەيسىز، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، مەنمۇ مەخپىيەتلىكىمنى سىزگە ئېيتىپ بې-رىش قارارىغا كەلدىم، — دەپتۇ.

يىگىت بېشىدىكى كەيمە چېچىنى ئېلىۋېتىپ، ئايالىغا:

— ئەمەلىيەتتە مەن پايىنەكباش، — دەپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن يېڭى كېلىنمۇ ئۇزۇن چېچىنى ئېلىۋېتىپ:

— ئۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار، مەن تۇغما تاز، — دەپتۇ.

ئارقىدىنلا ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ تاقىر بېشىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەنە بىر مەخپىيەتلىكىنىمۇ دەۋېتىپتۇ.

— مېنىڭ قوش قاپىقىم چىرايلىقمىكەن؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنى كەستۈرۈپ چىقارغان.

يىگىت بۇنىڭدىن بىر ئازمۇ ئەجەبلەنمەستىن:

— بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسكەنغۇ! كۆزۈمگە قاراڭ... — دەپتۇ ۋە سۆزلىگەچ سول كۆزىنى چانىقىدىن چىقىرىپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ سول كۆزى يالغانىكەن.

يىگىت ئۇلاپلا:

— مېنىڭ سول كۆزۈملا ئەمەس، چىشىممۇ يالغان، — دەپتۇ.

يېڭى كېلىن بۇ گەپنى پەرۋايىغا ئالمىغان ھالدا:

— كېرەك يوق، مېنىڭ بۇرنۇمنى بەش قېتىم كۆتۈرگەن، — دەپتۇ.

يىگىت:

— سىزدىن يوشۇرماي، مەن يۈزۈمدىكى قورۇقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تۈزلىگەن، — دەپتىكەن، يېڭى كېلىن سۆزلەي دەپ ئاغزى-نى ئۆمەللەپ بولۇپ توختىۋاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قەتئىي نە-يەتكە كېلىپ:

— مەنمۇ سىزدىن يوشۇرماي، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بۇ چىرايلىق

يۈزۈم سەككىز قېتىملىق ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيەسىدىن كې-
يىن مۇشۇ ھالغا كەلگەن، — دەپتۇ. يىگىت كېيىمىنى سالغاچ:
— مېنىڭ يۈرىكىم يۈرەك قوزغاتقۇچنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەت-
لىنىدۇ — دەپتۇ.
ئايالمۇ لىپتىكىنى سېلىۋېتىپ:
— مېنىڭ كۆكسۈم كۆكسىنى كۆتۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىل-
غاندىن كېيىن مۇشۇنداق تولغان ھالەتكە كەلگەن، — دەپتۇ.
بۇ چاغدا يىگىت ھەرىكىتىنى سەل ئاستىلىتىپ:
— سىز بۇنداق ئوچۇق كۆڭۈللۈك قىلغان يەردە، مەنمۇ سىزگە
ئەڭ چوڭ مەخپىيەتلىكىمنى ئېيتىپ بېرەي، بۇ قېتىمقى ئىقتى-
سادىي كىرىزىسنىڭ تەسىرىدە ۋەيران بولايلا دەپ قالدىم، — دەۋې-
تىكەن، ئايالمۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ:
— ھېچكىمگە دېمەي دېگەن، لېكىن سىز شۇنچە ئاق كۆڭۈللۈك
بىلەن ھەممىنى دەپ بېرىۋاتىسىز، سىزدىن يوشۇرسام قاملاشما-
غۇدەك، مەن ئەسلىدە ئايال ئەمەس، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسى-
يەسى قىلدۇرغان... — دەپتۇ.

تۇرمۇشتا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيەتلىكى بو-
لىدۇ. ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش ياكى ئاشكارىلاش شۇ كىشىنىڭ
ئۆزىنىڭ ھوقۇقى. بىراق، سىز باشقىلار بىلەن ھەرقانچە يېقىن،
ئامراق مۇناسىۋەتتە بولغىنىڭىزدىمۇ بەزى سىرلىرىڭىزنى پەقەت
ئۆزىڭىزلا بىلىپ قالغىنىڭىز، قارشى تەرەپ بىلەن مۇئەييەن ئارى-
لىق ساقلىغىنىڭىز ياخشى. ئۇنداق بولمىغاندا ئارىدىكى پەردىشەۋ-
كە تەسىر يېتىدۇ.

## كىشىلىك ھايات تاغقا يامىشىشقا ئوخشايدۇ

بىر تاغقا يامىشىش ھەۋەسكارى بىر مەشھۇر تاغقا يامىشىش مۇ-
تەخەسسىسىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن تاغقا يامىشىشقا مۇناسى-

ۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە تەلىم ئالماقچى بولۇپ، مۇنداق سوراپتۇ:

— ئەگەر بىز تاغقا يامىشىۋېتىپ، تاغنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتسە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىشىڭ كېرەك.

ياش يىگىت شۈبھىلىنىپ:

— نېمە ئۈچۈن داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەيمىز؟ ئۇنداقتا تېخىمۇ كۈچلۈك يامغۇردا قالمامدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يۇقىرىغا قاراپ ماڭسا، يامغۇرنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئېنىق. لېكىن، يامغۇر ھاياتىڭغا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ. تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈرسەڭ، يامغۇر پەسەيگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كەلكۈندە قېلىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشۈڭ مۇمكىن، — دەپتۇ، ئارقىدىنلا مۇتەخەسسىس كەسكىن قىلىپ:

— يامغۇردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىساڭ كەلكۈندە قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭغا دادىللىق بىلەن يۈزلەنسەڭ، ئەكسىچە ھاياتلىققا ئېرىشىشىڭ مۇمكىن، — دەپتۇ.

## ئالدى تەرەپتىكى يول

كېچە، ئەتراپ سىياھتەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. يولدا ئاندا ـ ساندا كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. تاياقنىڭ «توك ـ توك» قىلىپ يەرگە ئۇرۇلغان ئاۋازى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، بىر ئەما كىشى ئېگىز-پەس يەرلەرگە ئېتىلىپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

يولۇچى ئۇنىڭغا:

— ئالدى تەرەپتە يول يوق بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويدى.

ئەما:

— بۇنى ئالدىغا قاراپ مېڭىپ باقساق ئۇققىلى بولىدۇ، — دېدى.

ئەما كىشى يولۇچىنى ياندىپ ئۆتۈپ كەتتى.

تاياقنىڭ يەرگە تەگكەن ئاۋازى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئاخىر ئاڭلانمىدى.

## جەننەت قەيەردە

جەننەت دېگەن نېمە؟ جەننەت قەيەردە؟

كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت تارقالغان.

بىر ئادەم جەننەتنى ئىزدەپ مىڭبىر جاپادا ئۇنى تېپىپ ئالدىدا تۇرۇپ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا:

— ئاخىر جەننەتنى تاپتىم، — دەپ ۋارقىراپتىكەن، جەننەتنىڭ ئىشىك باقارى ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— مۇشۇ جەننەتما؟ — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم تۇرۇپ قېلىپ:

— ئەجەبا، سىز بۇ يەرنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى بىلمەمتى-ڭىز؟ — دەپتىكەن، ئىشىك باقار بېشىنى چايقاپ:

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— دوزاختىن.

ئىشىك باقار يەنىلا چۈشەنمەپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى كىشى ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— جەننەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىڭىز ئەجەبلى-نەرلىك ئەمەسكەن، ئەسلىدە سىز دوزاخقا بېرىپ باقماپتىكەنسىز ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

ئەگەر ئۇسسىسىڭىز، جەننەت دېگەن سۇ؛ ئەگەر ھارسىڭىز، جەننەت دېگەن كارىۋات؛ ئەگەر مەغلۇپ بولسىڭىز، جەننەت دېگەن

غەلىبە؛ ئەگەر ئازابلانسىڭىز، جەننەت دېگەن بەخت. قىسقىسى، ئەگەر بۇنىڭ بىرى بولمىسا، يەنە بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيسىز.

جەننەت دوزاخنىڭ ئاخىرلىششى، دوزاخ جەننەتنىڭ كارىدورى. ئەگەر قولىڭىزدا بىر سىقىم قۇم بولسا ئۇنى ھەرگىز چىڭچىمەڭ، چۈنكى ئۇنىڭ ئارىسىدا ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن.

## قۇمنىڭ ھېكايىسى

ئېگىز تاغنىڭ باغرىدىن باشلىنىپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىردا قۇملۇققا قويۇلىدىغان بىر دەريا بار ئىكەن، بۇ دەريا باشقا توسۇقلارنى بۆسۈپ ئۆتكەندەك قۇملۇقتىنمۇ بۆسۈپ ئۆتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇ قۇملۇققا كىرىپلا سۈيىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە مۇشۇ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈش پۈتۈلگەنلىكىنى بىلىدىكەن. لېكىن بۇ يەردىن كېسىپ ئۆتۈشكە باشقا ئامالى يوق ئىكەن، دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇملۇق تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

ـــ شامال قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتەلىگەن ئىكەن، سەنمۇ چوقۇم ئۆتەلەيسەن.

دەريا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي يەنە قۇملۇققا ئېتىلىپ كىرىپتۇ. لېكىن سۈمۈرۈلۈپ تۈگەپتۇ.

ـــ شامال دېگەن ئۇچالايدۇ، شۇڭا قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتەلەيدۇ، ـــ دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئىچىدە.

ـــ سەن ئۆزۈڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلدا ئالدىغا ئېتىلساڭ، قۇملۇقتىن ئەلۋەتتە ئۆتەلمەيسەن، ياكى غايىب بولىسەن ياكى سازلىققا ئايلىنىسەن. بۇ ئىشنى شامالغا قىلغۇزۇشۇڭ كېرەك.

ـــ لېكىن ئۇ مېنى قانداق ئاپىرالايدۇ؟

— ئۇنىڭ ئۈچۈن شامالغا ئۆزۈڭنى سۈمۈرتكۈزۈشۈڭ كېرەك.

بۇ مەنتىقىنى دەريا قوبۇل قىلالماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن باشقىلار تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويغۇسىمۇ يوق ئىكەن. ناۋادا ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويسا، قايتىدىن دەريا بولۇپ شەكىللىنەلەيدىغان ياكى شەكىللىنەلمەيدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئاۋاز يەنە:

— شامال بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدۇ، ئۇ سۇنى يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى ئېلىپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئاندىن يەنە پەسكە چۈشۈرىدۇ، ئۇ يەرگە چۈشكەندە يامغۇر شەكلىدە چۈشىدۇ. يامغۇرلار يىغىلىپ بىر دەريا ھاسىل قىلىدۇ، — دەپتۇ.

— مەن ئۇنىڭ راست شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيمەن؟

— ئۇ جەزمەن شۇنداق قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ سېنىڭ باشقا چىقىش يولۇڭمۇ يوق. ئەگەر بولمىغاندىمۇ بىر سازلىققا ئايلىنالايسەن، ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. يەنە كېلىپ دەريا بىلەن سازلىقنى قانداق سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

— لېكىن مەن ھازىرقىدەك پۈتۈن بىر دەريا ھالىتىمنى ساقلاپ قالامدىم؟

— ھەر ئىككىلا خىل ئەھۋالدا بۇ ھالىتىڭنى تولۇق ساقلاپ قالالمايسەن، ئەسلىي قىسمىڭ ئېلىپ كېتىلىپ يەنە دەرياغا ئايلىنىدۇ، بەلكىم ھازىر سەن ئۆزۈڭنىڭ قايسى بۆلەك ئىكەنلىكىڭنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەريانىڭ مېڭىسىدە بەزى غۇۋا ئەسلىمىلەر ئەكس ئېتىشكە باشلاپتۇ. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە ئۆزىنى ياكى ئۆزىنىڭ بىر قىسمىنى شامالنىڭ تارتىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ. راست، مۇشۇنداق ئىش بولغانمۇ - يوق؟ دەريا بۇنى يەنىلا جەزملەشتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئويلاپ يەتكەندەك بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەريا پارغا ئايلىنىپ شامالنىڭ قوينىغا كىرىپ-تۇ. شامال ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يىراقتىكى تاغ چوققىسىغا بارغاندا، شامال ئۇنى پەسكە چۈشۈرۈپتۇ.

ئۇ بۇ ئىشتىن ئىلگىرى گۇمانلىنىپ باققانلىقتىن، بۇ قېتىم بۇ تەجرىبىنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى مېڭىسىگە مەھكەم ئورنىتىۋاپتۇ.

ئۇ، مەن ئەمدى ھەقىقىي تۈردە ئېتىراپ قىلىشنى ئۆگىنىۋال-دىم، دەپ ئويلاپتۇ ئىچىدە.

توغرا، دەريا ئۆگىنىۋاتىدۇ، لېكىن قۇم: «بىز ھەممىنى بىلە-مىز، بىز ھەر كۈنى بۇ ئىشنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز، چۈنكى بىز دەريا بويىدىن تاكى تاغلىققىچە سوزۇلغان» دەپ پىچىرلاپتۇ.

مانا بۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاياتلىق دەرياسى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، دېگەن قائىدە قۇمغا يېزىلغان دەيدىغانلىقى-نىڭ سەۋەبى.

## ئارام

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيا رۇۋاڭ قۇشقاچ بېقىشقا ھېرىس-مەن ئىكەن، بىر كۈنى ئۇنى بىر ئۇۋچى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. ئۇۋچى مۇشۇنداق بىر مەشھۇر ئەربابنىڭ قۇشقاچ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئۇ ۋاقتىنى بۇنداق ئىسراپ قىلغۇچە تېخىمۇ ئەھمىيەت-لىك، تېخىمۇ پايدىلىقراق ئىشلارنى قىلسا بولمامدىغاندۇ؟» دەپ قاتتىق ھەيران بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلىيادىن:

— سىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشلارغا ۋاقىت ئىسراپ قى-لىپ يۈرىسىز؟ بىر قۇشقاچ بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەننىڭ نېمە قىزىقى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن رۇۋاڭمۇ ئەجەبلىنىپ، ئەجەبا، ئۇ بىر ئۇۋ-

چى تۇرۇپ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ئوۋچىدىن:

— نېمىشقا ئوقيارىڭىزنىڭ كىرىچى چىڭ ئەمەس؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.

— چىڭ بولسا بولمايدۇ، كىرىچنى بەك چىڭىتىۋەتسەك ئېلاستىكلىقىنى يوقىتىپ، ئوق ئاتقىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوۋچى.

رۇۋاڭ ئوۋچىغا:

— دوستۇم، مېنىڭ قۇشقاچ ئوينىشىمىمۇ خۇددى ئوقيارىڭىزنىڭ كىرىچىنى بەزىدە بوشىتىپ قويغاندەكلا ئىش. مەنمۇ ئارام ئېلىشقا، بەزىدە ئۆزۈمنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە موھتاج، ئەگەر مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ئانچە-مۇنچە مېڭەمنى ئارام ئالدۇرمىسام، مۇھىم ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان چاغدا زېھنىم يەتمەيدۇ، — دەپتۇ.

## باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگۈچى

بىر كىچىك قىزچاق بوۋىسى بىلەن گۈللۈكنىڭ يېنىغا سەگدىگىلى كېلىپ، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىرگۈللەرنى كۆرۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، گۈل ھىدىنى ھىدلىغاچ:

— بوۋا، سىزمۇ پۇرىدىڭىزمۇ؟ بۇ ئەتىرگۈللەر نېمىدېگەن پۇراقلىق-ھە! — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇلار ياندا ئولتۇرغان بىر موماينىڭ:

— يارىغان بولسا بىرنەچچە تال ئۈزۈۋېلىڭلار، — دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن گۈلدىن بىر تالدىن ئۈزۈپتۇ، ئاندىن گۈللەرنى ماختىغاچ، مومايغا رەھمەت ئېيتقانىكەن، موماي:

— مەن بۇ ئەتىرگۈللەرنى باشقىلار كۆرۈپ خۇشال بولسۇن دەپ تېرىغان، ئۆزۈم بىر ئەما. گۈللەرنىڭ قانداق ئېچىلغانلىقىنى كۆرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

# ئالا كۆڭۈللۈك

ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رىگان تۆۋەندىكى ھېكايىگە بەك ئامراق.

بىر دېھقان بىلەن بىر ئادۋوكاتنىڭ ماشىنىسى سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، دېھقان ئادۋوكاتنىڭ چىرايىغا بىر قاراپ قويۇپ، ماشىنىسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدىن بىر بوتۇلكا ۋىسكىنى چىقىرىپ ئادۋوكاتقا:

— كېلىڭ، قارىغاندا بەك چۆچۈپ كەتكەندەك قىلىسىز، بىر يۇتۇم ئىچىپ قويۇڭ، ھاراق نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، — دەپتۇ. ئادۋوكات ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئىچىپتۇ.

— چىرايىڭىز تاتىراڭغۇ تۇرىدۇ، يەنە بىر يۇتۇم ئىچسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ دېھقان.

دېھقاننىڭ سالا قىلىشى بىلەن ئادۋوكات ھاراقتىن يەنە بەش - ئالتە يۇتۇم ئىچىپتۇ، ئاندىن دېھقانغا:

— سىزمۇ بىرەر يۇتۇم ئىچىپ قويامسىز؟ — دېگەندە، دېھقان:

— ياق، مەن قاتناش ساقچىسىنى ساقلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

# پەرق

بىر ئادەم موزىغا:

— سىز دائىم كىشىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئاسرىشى كېرەك دەيسىز. بىراق ھازىرغىچە تېخى ھېچكىم سىزنىڭ پايدىڭىزنى كۆرۈپ باققىنى يوق. مەن سىزگە ئوخشاش «بىر - بىرىنى ئاسراش كېرەك» دەپ ۋەز ئېيتىپ يۈرمىگىنىم بىلەن ھېچكىمگە زىيىنىم يەتمىدى، شۇڭا سىزنىڭ ئۇ ۋەز - نەسىھەتلىرىڭىزنىڭ ئەمەلىيەت-

تە ھېچقانداق رولى يوق، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق بولغاندا، سىز ياخشى بولسىڭىز زادى ئەرگىز ياخشى؟ مەن يامان بولسام ئەرىم يا- مان؟ بىلگىلى بولمايدۇ، — دەپتىكەن، موزى:

— بىر ئۆيگە ئوت كەتتى دەيلى، جاڭسەن سۇ ئاپىرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈشنى ئويلاپتۇ، لىسى بولسا ئوتنىڭ ئۈستىگە ماي چېچىپ، ئۇلغايتىشنى ئويلاپتۇ. گەرچە ئۇ ئىككىسىنىڭ خىيالى تېخى ھە- رىكەتكە ئايلانمىغان بولسىمۇ، سىنىڭچە بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قاي- سىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

— ئەلۋەتتە جاڭسەننىڭ توغرا، لىسىنىڭ خاتا بولىدۇ - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن، موزى:

— ئىككىمىزمۇ جاڭسەن بىلەن لىسىغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

## گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار

بىر ئادەم پالتىسىنى يوقىتىپ قويۇپ قوشنىسىنى ئوغرى دەپ گۇمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلاپتۇ، يىگىتنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكىنىنى كۆرسە، بىر ئازمۇ شەپە چىقارماي ماڭغىنىنى قارا، قارىغاندا خېلىلا تەج- رىبىلىك ئىكەن دەپ ئويلاپتۇ، باشقىلار بىلەن سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىسا خۇددى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئاستا ئاۋازدا گەپ قىلىدۇ، ئوغرىنىڭ يۈرىكى يوك - پوك دېگەن شۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ قارىغانسېرى ئۇنىڭغا يىگىتنىڭ يول مېڭىشى، ئاۋازى، ھەت- تا چىرايىمۇ ئوغرىدەك تۇيۇلۇپتۇ.

كېيىن يىتكەن پالتىسىنى تېپىۋاپتۇ، ئەسلىدە ئۇ تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىققاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن پالتىنى جىلغىدا چۈشۈ-

رۇپ قويغانىكەن. ئىككىنچى كۈنى ئۇ يەنە قوشنىسىنىڭ ئوغلىنى ئۇچرىتىپتۇ. يىگىتنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش يول ماڭىدىغانلىقىنى، ئاۋازىنىڭمۇ ئىنتايىن نورماللىقىنى ھېس قىپتۇ، قانداقلا قارىسا ئوغرىغا ئوخشىماپتۇ.

## بېلىق تۇتۇش ماھىرى

يانخې بېلىق تۇتۇشتا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغانىكەن. ئۇنىڭ بېلىق تۇتىدىغان يىپى ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ، يالاڭ قات يىپەكتىن، قارمىقى ناھايىتى ئىنچىكە يىڭنىدىن، قارماقنىڭ دەستىسى چۇ بەگلىكىنىڭ ئىنچىكە قومۇشىدىن ياسالغان، يەمچۈكى بولسا يېرىم تال گۈرۈچتىنلا ئىبارەت ئىكەن. ھالبۇكى، ئۇ مۇشۇنچىلىكلا نەرسىلەر بىلەن شۇنچە چوڭقۇر ھەم شىددەتلىك ئېقىندىن كۈنىگە لىق بىر ھارۋا بېلىق تۇتالايدىكەن، شۇنداقتىمۇ قارمىقى ئېگىلىپ، يىپى ئۈزۈلۈپ كەتمەيدىكەن.

چۇ بېگى بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، يانخېنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن، يانخې مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن مەرھۇم ئاتامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان، چېزى ئىسىملىك بىر ئوقيا ئېتىش ماھىرى بولۇپ، ئۇ ئوقيا ئاتقاندا ناھايىتى ئىنچىكە يا ۋە ئىنچىكە يىپەك يىپ ئىشلىتىدىكەن. شۇڭا ئوق شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ناھايىتى تېز مېڭىپ، بىر ئوق بىلەن ھاۋادىكى ئىككى قۇش يەرگە يىقىلىدىكەن. ئۇ بارلىق زېھنىنى مۇشۇنىڭغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچىنى لايىقىدا تەڭشەپ ئىشقا سالغاچقا، ئوقيا ئېتىشتا ئاشۇنداق داڭ چىقارغانىكەن. مەن بېلىق تۇتۇشتىمۇ ئاشۇ ئۇسۇلنى دوراپ، بەش يىلدا ئاران ئۇنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم، بېلىق تۇتقان چېغىمدا، كۆڭلۈمدە باشقا خىيال بولمايدۇ. پەقەت بېلىق تۇتۇشنىلا ئويلايمەن. قارماقنى دەرياغا تاش-

لىغاندا كۆچۈمنى مۆۋاپىق تەڭشەشكە دىققەت قىلىمەن. باشقا ھېچ-قانداق تەسىرگە ئۇچرىمايمەن. شۇڭا يەمچۈكۈمنى كۆرۈپ، كۆپۈك دەپ ئويلاپ ئىككىلەنمەستىنلا يۇتىدۇ، مانا بۇ مېنىڭ بېلىق تۇ-تۇشتىكى سىرىم.

## سېھىرلىك ناخشا

خەنئې ئىسىملىك بىر داڭلىق ناخشىچى قىز شەرقتىكى چى بەگلىكىگە بارغاندا يولى توگەپ كېتىپ، ئامالسىزلىقتىن ناخشا ئېيتىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ناخشىنى بىرىگە بىرىنى ئۇلاپ شۇنداق ھېسسىياتلىق ئېيتىدىغان بولسا، ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۈچ كۈنگىچە ناخ-شىسىنىڭ ئەكس ساداسى ياڭراپ تۇرىدىكەن. بىلمىگەنلەر ئۇنى تېخىچە كەتمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى مېھمانسارايدا بىرسى ئۇنى بوزەك قىپتىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، ناخشا ئېيتقاچ بۇ يەردىن قايتىپتۇ، ئۇنىڭ بۇ قې-تىم ئېيتقان ناخشىسى بەكلا مۇڭلۇق ھەم ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، ياش تۆكمەي قالمايدىكەن، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان پۈتۈن بىر يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىئارامىلىقتىن ئۈچ كۈنگىچە گېلىدىن تاماق ئۆت-مەپتۇ، ئاخىر كىشىلەر جەنئېنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا شوخ ناخشىلارنى ئېيتقۇزۇپتىكەن، پۈتۈن يېزىدىكىلەر خۇشال بولۇپ، بارلىق قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

كېيىن خەنئې قايتىدىغان چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، نۇرغۇن سوۋغاتلارنى بېرىپ ئاران تەستە يولغا سې-لىپ قويۇپتۇ.

## قۇش بېقىش

لۇ بەگلىكى دەۋرىدە بىركۈنى توساتتىن شەھەر سىرتىدا بىر دېڭىز قۇشى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئەزەلدىن بۇنداق قۇشنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنى ئىلاھىي قۇش دەپ بىلىپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرىگە ئامال قىلىپ ئۇ قۇشنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتىكەن، ماھىر ئوۋچىلار نەچچە كۈن قۇشنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئاخىر بۇ قۇشنى تۇتۇپ كەپتۇ. پادىشاھ بۇ قۇشنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قۇشقا ئەڭ ئالىي مېھمانلارنى كۈتكەندەك ئىززەت كۆرسىتىپتۇ. ئالدىغا يەيدىغان، ئىچىدىغانلارنى دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. لېكىن قۇش بۇنىڭدىن رازى بولغاندەك قىلماپتۇ.

«قانداق قىلغاندا ئۇنى خۇشال قىلغىلى بولىدۇ؟» پادىشاھ نەچچە كۈن ئويلىنىپ، ئاخىر بىر چارە تاپقاندەك بولۇپ، شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇلازىملىرىغا يارلىق جاكارلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ يارلىقى بويىچە ئوردىدىكى داڭلىق مۇزىكانتلار قۇشقا ئەڭ ياخشى مۇزىكىلارنى ئورۇنلاپ بېرىپتۇ، ئاشپەزلەر ئەڭ ئېسىل قورۇمىلارنى قورۇپ يېگۈزۈپتۇ ھەمدە ئېسىل مەي ئەكېلىپ ئۇنىڭغا ئىچۈرۈپتۇ. ياخشى نىيەتتە قىلىنغان بۇ ئىشلار ئەكسىچە قۇشنى قورقىتىۋېتىپتۇ، ئۇ گۆشنىمۇ يېمەپتۇ، سۇنىمۇ ئىچمەپتۇ. كۈنبويى قورققىنىدىن قالايمىقان پىرقىراپ يۈرۈپتۇ. شۇ تەرقىدە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇ ئاخىر ئۆلۈپ قاپتۇ.

## نيۇچۆنىڭ بۇلاڭچىغا ئۇچرىشى

نيۇچۆ كاتتا ئۆلىما بولۇپ، ئۇ بىر قېتىم ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ جاۋ بەگلىكىگە كېتىۋېتىپ بىر توپ بۇلاڭچىغا ئۇچراپ قاپتۇ.

— قىمىرلىما، پۇلغا تۇرامسەن ياكى جانغىمۇ؟ — دەپتۇ بۇلاڭچى قىلىچ تۇتۇپ يولنى توسۇۋېلىپ.

نيۇچۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ھارۋىدىن چۈشۈپ، بارلىق پۇل ـ مېلى ۋە ھارۋىنى بۇلاڭچىغا قالدۇرۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال ھالدا ئۆز يولىغا كېتىپ قاپتۇ. بۇلاڭچىلار بۇنىڭدىن ئىنـ ـتايىن ھەيران بوپتۇ، چۈنكى ئىلگىرى ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، بۇلانغان ئادەم يا قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، يا يېلىنىدىكەن. نيۇ ـ چۈدەك ئادەمنى ئۇلار ئۇچرىتىپ باقماپتىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇلار نيۇچۇنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— بىز سېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى بۇلىۋالساق نېمىشقا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يولۇڭغا ماڭىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، نيۇچۇ:

— پۇل ـ مال دېگەن سالامەتلىكنى ئاسراشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئاقىل ئادەم پۇل ـ مالنى دەپ سالامەتلىكىنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتمايدۇ، — دەپتۇ.

نيۇچۇ كەتكەندىن كېيىن، بىر بۇلاڭچى:

— ھەقىقەتەن ئاقىل ئادەمكەن، — دەپتۇ.

يەنە بىر بۇلاڭچى:

— ئۇنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئادەمدەك قىلىدۇ، ئۇ جاۋ بېگى بىلەن كۆرۈشسە چوقۇم ئەتىۋارلاپ ئىشلىـ ـتىشكە ئېرىشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ جاۋ بېگىگە ئەسكەر ئەۋەتكۈزۈپ بىزگە تاقابىل تۇرسا، بىزنىڭ كۈنىمىز تەس بولىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ.

بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، نيۇچۇنى ئۆل ـ تۈرۈۋېتىپتۇ.

يەن بەگلىكىدە بىر ئادەم بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، جەمەتىدىكى ھەممە ئادەمنى يىغىپ:

— بۇلاڭچىغا ئۇچرىغاندا ھەرگىز نيۇچۇنى دورىماڭلار، — دەپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەمنىڭ ئىنىسى تايلاندقا بارماقچى بوپتۇ.

دەرۋەقە ئۇ خەنگۇ ئېغىزىدا بۆلاڭچىغا ئۇچراپتۇ. بۆلاڭچىلار ئۇنىڭ بوغچىسىنى بۇلىماقچى بولغاندا، ئاكىسىنىڭ گېپى ئېسىگە كې-لىپ، ئۇلار بىلەن تىركىشىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۆلاڭچىلار كۆپ بول-غاچقا ئۇنىڭ بوغچىسىنى ئېلىۋاپتۇ، ئۇ بۆلاڭچىلارغا ئەگىشىپ يول بويى يېلىنىپ، بوغچىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتىكەن، بۆلاڭ-چىلار دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەسلىدە جېنىڭنى ئالمىغىنىمىز ساڭا قىلغان ئىلتىپاتى-مىز ئىدى، ئەمما سەن بۇنى بىلمەي كۆزىمىزگە كىرىۋېلىپ، ئى-زىمىزنىمۇ ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولدۇڭ، تاز بولساڭ گەدەنگچە دەپ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىراقلا قۇتۇلغىنىمىز تۈزۈككەن، — دەپ ئۇنى ھەم ھەمراھلىرىنى بىرلىكتە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

## ئەتىرگۈل چەمبىرىكى

ئايال پادىشاھ بىلقىس توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار. ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىككى دانە ئەتىرگۈل چەمبىرىكى سوۋ-غا قىپتۇ. ئۇنىڭ بىرى راست ئەتىرگۈلدىن، يەنە بىرى سۈنئىي ئە-تىرگۈلدىن ياسالغانىكەن. ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل-پاراستىنى سىنىماقچى بولۇپ، بۇ گۈلچەمبىرەكنىڭ قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ سۈنئىي ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىشنى تەلەپ قىپتۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان دېرىزىنى ئېچىپتىكەن، بىر توپ ھەرە ئۇچۇپ كىرىپ، راست ئەتىرگۈلدىن ياسالغان گۈل چەم-بىرەككە ئولىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە ئايدىڭلىشىپتۇ.

## سايە

بىر ئادەم سايىسىنى قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن ھەرقانداق

قىلىسىمۇ سايىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلماپتۇ، ئۇ يولدا دومىلاپتۇ، سۇغا سەكرەپتۇ، لېكىن ھەممىسى نەتىجىسىز بوپتۇ، سايە يەنىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپتۇ.

بىر دانىشمەن ئۇنىڭ بۇ دىشۋارچىلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا:

— ئىچىڭنى پۇشۇرما، بۇ دۇنيادا سايىدىن قۇتۇلۇشتىن ئاسان ئىش يوق، — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم ئالدىراپ:

— قانداق قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

دانىشمەن:

— سەن سايەڭدىن قۇتۇلماقچى بولساڭ سايىسىدا تۇرساڭلا كۇ-پايە، — دەپتۇ.

## چىنلىق

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن «ئەيسانىڭ كۆلپەتكە ئۇچرىشىشى» نام-لىق داڭلىق تىياتىرنى كۆرگىلى بېرىپتۇ.

تىياتىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئەيسانىڭ رولىنى ئالغان باش رولچىنى زىيارەت قىپتۇ. باش رولچىنى سۈرەتكە تارتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇلۇڭدا تۇرغان ياغاچتىن ياسالغان ئىنتايىن چوڭ كىرېستنى — باش رولچى سەھنىدە يۈدۈۋالغان ھېلىقى سەھنە جابدۇقىنى كۆرۈپتۇ.

ئەر ئايالىغا:

— مېنىڭ كىرېستنى يۈدۈۋالغان سۈرىتىمنى تارتىپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كىرېستنى مۈرىسىگە ئاپتۇ، لېكىن كىرېست ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، كۆتۈرەلمەي شۇ ھامان جايىغا قويۇپ قويۇپتۇ، ئەسلىدە ئۇ كىرېست دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، خېلى كۈچ سەرپ قىلمىسا جايىدىن يۆتكىگىلى بولمايدىكەن.

ئۇ باش رولچىغا:

— ۋاييەي، مەن تېخى ئۇنى ناھايىتى يېنىك، ئىچى بوش ياغاچ-تىن ياسالغان دەپ ئويلاپتىكەنمەن، نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئېغىر كىرىستنى كۆتۈرۈۋالىسىز، — دەپتۇ.

باش رولچى:

— ئەپەندىم، ئەگەر كىرىستنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالمىسام، بۇ رولنى قانداق ياخشى ئالالايمەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## سەۋرچانلىق

سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىچىك چېغىدا بىر ئادەمنىڭ ئىشكىنى ئاچىمەن دەپ ئاچقۇچنى ياخشى سالالماي، بىر ياقتىن ئاچقۇچنى تولغاپ، بىر ياقتىن ناھايىتى جىلە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىكەن. شۇ چاغدىلا بىر چەتتە تۇرغان كىچىك پەيلاسوپ «چوڭ بولغاندا ھەرگىز بۇنداق جىلىخور ئادەم بولمايمەن» دەپ قەسەم قىلغانىكەن.

دەرۋەقە، سوقرات بۇ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتۈپتۇ، بىركۈنى ئۇنىڭ بىشەم خوتۇنى يەنە ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كوتۇلداپ بىرمۇنچە يامان گەپلەرنى قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، خوتۇنى بىلەن تەڭ بولۇشنى خالىمىغان سوقرات ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتسا خوتۇنى ئارقىسىدىن بىر داس سۇنى چېچىپتۇ. سوقرات بۇنىڭغىمۇ ھېچنېمە دېمەپتۇ، پەقەت چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە بىر جۈملە سۆز بىلەن ئايالىنىڭ بۇ قىلمىشىغا تەبىر بېرىپ:

— چاقماق چاققاندىن كېيىن چوقۇم يامغۇر ياغىدۇ، — دەپتۇ.

## توخۇ ئوغرىلاش

توخۇ گۆشىگە ناھايىتى ئامراق بىر ئوغرى بار ئىكەن، ئۇ ھەر

كۈنى كەنتتىن بىر توخۇ ئوغرىلاپ يەيدىكەن. بەزىلەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— خەقنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاش ياخشى ئىش ئەمەس، ئەمدى بۇ ئىشتىن قول ئۈز، — دەپتىكەن، ئوغرى:

— ئېيتقىنىڭغۇ توغرا، بىراق مەن ئوغرىلاپ كۆنۈپ قاپتىمەن، بىراقلا ئۆزگەرتەلمەسلىكىم مۇمكىن. مۇنداق بولسۇن، مەن ئازراق ئوغرىلاي، ئىلگىرى ھەر كۈنى بىرنى ئوغرىلايتتىم، بۈگۈندىن باشلاپ ھەر ئايدا بىرنى ئوغرىلاشقا ئۆزگەرتەي، كېلەر يىلى ئوغرىلاشنى توختىتاي، مۇشۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

## مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش

سۇڭ سۇلالىسىدە بىر ئالدىراڭغۇ ئادەم بولۇپ، ئېتىزىغا تېرىغان شالنى تېزراق ئۆسسىكەن دەپ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق ئېتىزغا بېرىپ شاللىرىغا قارايدىكەن. ئەمما ئۇ تىت - تىت بولغانسېرى كۆزىگە شال پەقەت ئۆسمىگەندەكلا كۆرۈنىدىكەن. بىركۈنى كەچتە ئۇ يەنە ئېتىزغا بېرىپ شاللىرىغا قاراپ شالنىڭ ئەتىگەندىكى بىلەن ئوخشاش تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ ھەم ئىچى تىتىلدىغان ھالدا:

نېمىشقا ئۆسمەيدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ، ئويلا - ئويلا كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ چىقىپتۇ. ئاخىر تاڭغا يېقىن كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەپتۇ. «توغرا، شال ئۆسمىسە، مەن ئۇلارنى يۇلۇپ بىر ئاز ئۇستىگە كۆتۈرۈپ قويسام بولمىدىمۇ؟» دەپ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا سىرتقا يۈگۈرۈپتۇ. تېخى تاڭ يورۇمىغان بولغاچقا، تالادا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا ئۇ ئالاجىسىز ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ، تىت - تىتچىلىق ئىچىدە تاڭنىڭ ئېتىشىنى ساقلاپتۇ. ساقلاپ، ساقلاپ ئاخىر تاڭمۇ يورۇپتۇ. ئۇ تاماقمۇ يېمەستىن شال ئېتىزىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

شالنى بىر تالدىن، بىر تالدىن يۇلۇپ ئېگىزلىتىشمۇ ئانچە ئا-سانغا چۈشمەپتۇ. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەپ، شاللارنى ئازراقتىن ئۆستۈرگەندىن كېيىن، چارچاپ ھا-لى قالمىسىمۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپ ئائىلىسىدى-كىلەرگە:

— بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم، بىراق ئېتىزدىكى شال ئاخىر خېلى ئۆستى، — دەپتۇ.

ئوغلى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئېتىزلىققا بېرىپ قاراپ باقسا، شال ھەقىقەتەن خېلى ئۆسكەن، بىراق شال مايسىلى-رى سولىشىپ بېشى پەسكە ئېگىلىشكە باشلىغانىكەن. نەچچە كۈن-دىن كېيىن ئېتىزدىكى شالنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ قاپتۇ.

## ھۇۋقۇشنىڭ ئۆلۈك چاشقاندىن قىزغىنىشى

خۇيشى لياڭ بەگلىكىدە ۋەزىر بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرى-دە قەدىناس ئاغىنىسى جۇاڭزى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ، بەزىلەر بۇنى ئاڭلاپ:

— جۇاڭزى سىزنى يوقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىڭىزنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدى، — دېيىشكەن، خۇيشى بۇ گەپكە ئىشە-نىپ قول ئاستىدىكىلەرنى ئەۋەتىپ جۇاڭزىنى تاپتۇرۇپ، لياڭ بەگلىكىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۈچ كۈن ئاختۇرۇپمۇ ئۇنى تاپالماپتۇ.

جۇاڭزى خۇيشىنىڭ ئۇنى ھەيدىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەتەي بېرىپ، خۇيشى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ:

— مەن بۇ قېتىم لياڭ بەگلىكىگە كەلگۈچە يولدا بىر قىزىق ئىشنى ئاڭلىدىم، ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

خۇيشى:

— ئۇنداق بولسا سۆزلەپ باققىن، — دەپتىكەن، جۇاڭزى:

— بىر خىل قۇش بولۇپ، بۇ خىل قۇش پاكىزلىقنى بەك خالايدىكەن، ئۇ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇچقۇچە، يول بويى چىناردىن باشقا دەرەخ ئۇچرىسا قونمايدىكەن، بامبۇك بىلەن گۆرۈچتىن باشقىنى يېمەيدىكەن، بۇلاق سۈيى بولمىسا ئىچمەيدىكەن. بىركۈنى ھۆۋقۇش بىر ئۆلۈك چاشقاننى ھوزۇرلىنىپ يەۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى قۇش شۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتىكەن، ھۆۋقۇش ئۇنى ئۆلۈك چاشقىنىمنى تالاشقىلى كەلدى دەپ ئويلاپ، غەزەپ بىلەن ھۇۋلاپ ئۇ قۇش بىلەن ئۇرۇشماقچى بوپتۇ، ئېيتقىنە كۈلكىلىكمىكەن؟ — دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن خۇيشىنىڭ يۈزى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

## باش سۆڭىكى

جۇاڭزى چۇ بەگلىكىگە بارغۇچە يول ياقىسىدىكى قۇرۇق چۆپ ئارىسىدا بىر باش سۆڭىكىنى ئۇچرىتىپتۇ، شامالدا باش سۆڭىكىدىن غوڭۇلدىغان ئاۋاز چىقىپ تۇرىدىكەن. جۇاڭزى قامچە بىلەن باش سۆڭىكىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، مۇنداق سوراپتۇ:

— سەن كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچرايدىغان قەبىھلىكلەرنى قىلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭمۇ ياكى يۇرت - ماكانىڭ ۋەيران بولۇپ، چېپىپ ئۆلتۈرۈلۈپ مۇشۇ ھالغا قالدىڭمۇ؟ ۋە ياكى بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويۇپ، ئاتا - ئاناڭ ۋە ئايالىڭنىڭ يۈزىگە قاراشتىن قورقۇپ ياقا يۇرتتا ئۆلۈپ قېلىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ ياكى ئەجىلىڭ توشۇپ، قېرىپ ئۆلۈپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ؟

جۇاڭزى گېپىنى تۈگىتىپ سەل ھارغىنلىق ھېس قىلغانىدەك بولۇپ باش سۆڭىكىگە بېشىنى قويۇپ، چۆپلۈكتە يېتىپ ئۇخلاپ

قاپتۇ، يېرىم كېچە بولغاندا باش سۆڭەكلى ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— كۇندۇزدە قىلغان سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، قا-رىغاندا خېلى ناتىق ئوخشايسەن. يۇرت - ماكانى ۋەيران بولۇش، ئىزا، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈش، قېرىپ ئۆلۈش دېگەنلىرىڭ-نىڭ ھەممىسى تىرىك ئادەملەرنىڭ جاپاسى. ئۆلگەندە بۇلار مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنكى خۇشاللىقنى بىلگۈڭ بارمۇ؟

— قېنى سۆزلەپ باققىن.

باش سۆڭەكلى:

— ئۆلگەندىن كېيىن مېنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق، يىل بويى ئالدىراش ئىشلىشىمنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، ئۆزۈم بەگ، ئۆزۈم خان بولۇپ خالىغىنىمنى قىلىپ ياشايمەن. پانىي دۇنيادا شاھلارمۇ مەندەك خۇشال ياشىيالمايدۇ، — دەپتۇ.

جۇاڭزى ئىشەنمەي:

— مەن ئەزرائىلغا دەپ سېنى قايتا تىرىلدۈرگۈزەي، ئاتا - ئا-ناڭ، ئايالىڭ، دوستلىرىڭنىڭ قېشىغا قايتىشىنى خالامسەن؟ — دەپتىكەن، باش سۆڭەكلى قورققىنىدىن:

— ياق، ياق. مەن ھازىرقى ئەركىن - ئازادە تۇرمۇشۇمغا قى-يالمايمەن. پانىي دۇنيانىڭ دىشۋارچىلىقىدىن قورقىمەن، — دەپتۇ.

## توخۇ سوقۇشتۇرۇش

خوراز كۆندۈرۈشكە ماھىر بىر ئادەم بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى بىر خورىزىنى كۆندۈرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ، ئون كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— خورازنى كۆندۈرۈپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، خوراز كۆندۈرگۈچى:

— ياق تېخى، بۇ خوراز ھازىر ئاران باشقا خورازلارنى پوپوزا

قىلىپ قورقۇتۇشنىلا بىلىدۇ، — دەپتۇ.

يەنە ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ يەنە:

— ئۇ خورازنى سوقۇشقا سالغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، خوراز كۆندۈرگۈچى:

— تېخى بولمايدۇ، ئۇ بەك ئالدىراڭغۇ، باشقا خورازنىڭ قاقاقلىغىنىنى ئاڭلىسىلا، ئېتىلىپ بېرىپ ئېلىشقۇسى كېلىدۇ، — دەپتۇ.

يەنە ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ ھېلىقى خورازنى سوراپتۇ. خوراز كۆندۈرگۈچى:

— بولمايدۇ، باشقا خورازنى كۆرسە ئۇ يەنىلا ھومىيىپ قارايدۇ، — دەپتۇ.

يەنە ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— ھېلىقى خورازنى ئەمدى سوقۇشقا سېلىشقا بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، خوراز كۆندۈرگۈچى:

— ئەمدى سوقۇشقا سالساق بولىدۇ، ھازىر ئۇ باشقا خورازلارنىڭ قاقاقلىغىنىنى ئاڭلىسا، قىياپىتىدە قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. قارىماققا بىر ياغاچ خورازدەكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچى كامىل بولغاچقا، باشقا خورازلار ئۇنى كۆرۈپلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاچىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا ئەسلا پېتىنالمايدۇ، — دەپتۇ.

## كېرەكلىك ۋە كېرەكسىز

جۇاڭزى تاغدا كېتىۋېتىپ بىرمۇنچە ياغاچ كېسىدىغان ئىشچىلارنىڭ باشقا دەرەخلەرنى كېسىپ بولۇپ، بىر توپ چوڭ دەرەخنى كەسمەي، ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ شۇنداق يوغان دەرەخكەن. ئۇنى نېمىشقا كەسمىدىڭلار؟ — دەپ سوراپتىكەن، ياغاچ كېسىدىغان بىر ئىشچى:

— بۇ دەرەخ چوڭلۇقىغۇ چوڭ، بىراق كارغا كەلمەيدۇ، ئەگرى بولغاچقا لىم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆي سەرەمجانلىرى ياساشقىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇاڭزى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— قارىغاندا كارغا كەلمىسە ئۇزۇن ياشىغىلى بولغۇدەك - تە! — دەپتۇ.

جۇاڭزى تاغدىن چۈشۈپ، تاغ ئېتىكىدىكى بىر دوستىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتىكەن، دوستى جۇاڭزىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، خىزمەتكارىغا غازدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ غىزا تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ.

خىزمەتكار غوجايىنىدىن:

— ھېلىقى غاقىلدايدىغان غازنى ئۆلتۈرەيمۇ ياكى غاقىلدىمايدىغىنىنى ئۆلتۈرەيمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، غوجايىن:

— غاقىلدايدىغىنىنى ئېلىپ قېلىپ ئۆيگە قارىتايلى، غاقىلدىمايدىغىنى كارغا كەلمەيدۇ، شۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

## ئەتىرگۈلنىڭ دوستى

بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدا تۇرغان بىر دۆۋە لاي - توپىنىڭ بىر خىل خۇش پۇراق چىقىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ، ئۇ بۇ توپىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتىكەن، ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بىردەمدىلا خۇش پۇراققا تولۇپتۇ.

يولۇچى بۇ ئىشقا قىزىقىپ ھەم ھەيران بولۇپ، توپىدىن:

— سەن بىرەر يەردىن كەلگەن ئەڭگۈشتەرمۇ يا بىرخىل كەم ئۇچرايدىغان پۇراقلىق قىممەت باھالىق ماتېرىيالمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، توپا:

— ھېچ قايسىسى ئەمەس، مەن پەقەت ئادەتتىكى توپا، خالاس، — دەپتۇ.

يولۇچى:
— ئۇنداق بولسا سىزنىڭدىن تارقىلىۋاتقان بۇ ئۆتكۈر خۇش پۇراق قەيەردىن كەلگەن؟ — دەپتىكەن، توپا:
— مەن پەقەت ئىلگىرى ئەتىرگۈللۈكتە ئەتىرگۈل بىلەن ناھا-يىتى ئۇزۇن بىرگە تۇرغان.

## سوغۇققان راھىب

داڭلىق بۇتخانىنىڭ باش راھىبى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىكەن. شۇڭا شاگىرتلىرىغىمۇ ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدىكەن.
بىركۈنى تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپتۇ. ھەممەيلەن ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىۋاتسا، راھىب قىلچە قورقمىغان قىياپەتتە چاي ئىچكەچ جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپتۇ.
يەر تەۋرەش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ شاگىرتلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپتۇ.
— سىلەر ھەممىڭلار بەك يارىماس ئىكەنسىلەر، سىلەر دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ بايا يەر تەۋرىگەندە سىلەر قالايمىقان پىتراپ ھەر تە-رەپكە قېچىشتىڭلار، پەقەتلا مەن مىدىرلىماي ئولتۇردۇم. يەنە تېخى ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاي ئىچتىم. قېنى قايسىڭلار مېنىڭ ئىس-تاكان تۇتقان قولۇمنىڭ تىترىگەنلىكىنى كۆردۈڭلار؟
بۇ ۋاقىتتا بىر شاگىرت:
— ئۇستاز، بەلكىم قولىڭىز تىترىمىگىنى راستتۇر، لېكىن سىزنىڭ تۇتۇپ تۇرغىنىڭىز بىر ئىستاكان چاي ئەمەس، بەلكى بىر قۇتا سىياھ، — دەۋېتىپتۇ.

## دەرەخ بىلەن تۆمۈر تۇمشۇق

ئېگىز ھەم يوغان ئۆسكەن بىر تۇپ دەرەخ ئۆزىنىڭ قەددى -

قامىتىدىن بەك مەمنۇن ئىكەن، پەخىرلىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر تۆمۈر تۇمشۇق كېلىپ دەرەخكە قونۇپ دەرەخ غولىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىچىك قۇرتلارنىڭ دەرەخنى غاجاپ يەۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، دەرەخنى چوقۇلاپ بىر تۆشۈك ئېچىپ قۇرتنى يەۋەتمەكچى بوپتۇ.

لېكىن دەرەخ تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن خاپا بوپتۇ، ئۇ چىرايلىق قامىتىنىڭ تۆشۈك بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز رازى ئەمەس ئىكەن. شۇڭا تۆمۈر تۇمشۇقنى ئەيىبلەپ ھەيدىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قۇرت دەرەخنىڭ غولى ئىچىدە چوڭلاپتۇ ھەمدە تېخىمۇ كۆپ كىچىك قۇرتلارنى تۇغۇپتۇ. ئۇلار دەرەخ غولىنى توختىماستىن غاجاپ بارا ـ بارا ئۇنى كاۋاك قىلىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى بوران چىقىپ، بۇ دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

## قىزىقارلىق پەرق

بىر چوڭ ئورمانلىقتا بىر تۈپ مەغرۇر كىچىك دەرەخ بار ئىكەن. ئۇ دائىم تۆۋەنگە قاراپ ئۆزىدىن پەس گۈل ـ گىياھلارغا بېرىشنى لىگشىتىپ:

— كۆپچىلىك قاراڭلار، مېنىڭ بويۇمنىڭ ئېگىزلىكىگە، مەن يەردىن خېلىلا يىراقتا ئىكەنمەن، — دەپ كۆرەڭلەيدىكەن.

ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە كونا قارىغاي دەرىخى بار ئىكەن، ئۇ دائىم ئاسمانغا قاراپ كەمتەرلىك بىلەن خورسىنىپ:

— مەن نېمىدېگەن پاكار، بىپايان ئاسمان مېنىڭدىن شۇنداق يىراقتا، يەنە قانچە يىلدا بۇلۇتلارغا تاقىشارمەن؟ — دەيدىكەن.

## ئەپۇ قىلىش ۋە ئەركىنلىك

ياپونىيەنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىدا ھايات قالغان بىر ئادەم ئەينى

چاغدا بىرگە قامالغان ھەمراھىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن:
— سەن ئۇ قەبىھ ئەبلەخلەرنى كەچۈردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەئە، مەن ئۇلارنى ئالللىبۇرۇنلا كەچۈرۈۋەتكەن.
— بىراق، مەن ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم، بۇ ئەبلەخلەر پۈتۈن ئائىلەمنى ۋەيران قىلدى، شۇنى ئويلىسام ھازىرغىچە چىشلىرىم غۇچۇرلاپ، ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ.
دوستى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا:
— ئەگەر شۇنداق بولسا، سەن ئۇلارنىڭ ئالىقىنىدىن تېخىچە قۇتۇلالماپسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## سۇۋەرەكنىڭ تومۇزغا تۇتۇشى

جۇاڭزى بىر باغنىڭ ئەتراپىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، غەلىتە بىر قۇشنىڭ جەنۇب تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، بۇ غەلىتە قۇشنىڭ قانىتى يەتتە چى كەڭلىكتە، كۆزى ئەجدىھانىڭ كۆزىدەك بولۇپ، ئۇ جۇاڭزىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ دېگۈدەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ باغقا كىرىپ كېتىپتۇ.
جۇاڭزى بۇ قانداق قۇش بولدى ئەمدى؟ قانىتى شۇنچە چوڭ، ئەمما يىراققا ئۇچالمايدۇ، كۆزى چوڭ، ئەمما كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەن دەپ ئويلاپتۇ.
جۇاڭزى بىلىدىن ئوقيانى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، شەپە چىقارماي مېڭىپ باغقا كىرىپ، ئۇنى ئاتماقچى بوپتۇ. ئۇ ھېلىقى غەلىتە قۇشنى ئىزدەۋېتىپ، دەرەخ شېخىدا بىر تومۇزغىنىڭ خۇشال ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر سۇۋەرەك ئېھتىيات بىلەن تومۇزغا تەرەپكە يۆتكىلىپ، تومۇزغىنى تۇتۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى غەلىتە قۇش بولسا قاچانلاردىندۇر سۇۋەرەكنىڭ

كەينىدە پەيدا بولۇپ، سۇۋەرەكنى يېيىشكە تەمشىلىپتۇ. بىراق جۇاڭزىنىڭ دەرەخ تۈۋىدە ئوقيا ئېلىپ تۇرغانلىقىنى سەزمەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، جۇاڭزى ئۇھ تارتىپ:

— ھەي، جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق ئۇلار بىر-بىرىنى جەلپ قىلغان چاغدا يۈز بېرىدىكەن، — دەپتۇ.

جۇاڭزى ئوقيانى تاشلاپ، ئارقىغا قايتىپتۇ، باغۋەن جۇاڭزىنىڭ باغدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى مېۋە ئوغرىلىدى دەپ ئويلاپ ئارقىدىن قوغلاپ تىللاپتۇ. جۇاڭزى ئۆيىگە كېلىپ ئۈچ ئايغىچە سىرتقا چىقماي ئويلىنىپتۇ.

## ئۆز ئاجىزلىقىنى تەن ئالماق

كۈزدە ئۇدا بىر ئاي يامغۇر يېغىپ چوڭ-كىچىك ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىيىپتۇ. ئىككى قىرغاقتىكى قۇملۇق ۋە تۆپىلىكلەر سۇنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. دەريا يۈزى كېڭىيىپ قارشى قىرغاقتىكى ئات-كالىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇاڭخې دەرياسىدىكى سۇ مۇئەككىلى خېبو كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى جاھاندا بىر دەپ چاغلايدىغان بوپتۇ.

ئۇ سۇ يۆنىلىشى بويىچە شەرققە قاراپ ئېقىپ شىمالىي دېڭىزغا ئېقىپ بېرىپتۇ. شەرققە قاراپ دېڭىزنىڭ چېكىنى كۆرەلمەپتۇ، ئۇ دېڭىزغا شۇڭغۇپ دېڭىز ئاستىغا قاراپ ماڭغانسېرى چوڭقۇرلاپتۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ دېڭىزنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ، ئاخىر قورقۇپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. شۇندىلا ئۆزىنىڭ بەك كۆرەكلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

دېڭىز مۇئەككىلى ئۇنى كۆرۈپ:

— سەن خېبوغۇ دەيمەن، — دەپ سوراپتۇ.

خېبو دېڭىز مۇئەككىلىگە:

— ھەئە، مەن ئىلگىرى ئۆزۈمنى جاھاندا بىر دەپ ئويلاپ يۈ-
رۈپتىكەنمەن، سىلىنى كۆرۈپ ئاندىن ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئەخمەق-
لەرچە ئويدا بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى بىلدىم، — دەپتۇ.

## كېيىنىش ۋە قابىلىيەت

بىر قېتىم لۇ بېگى پەخىرلەنگەن ھالدا جۇاڭزىغا:
— ئېلىمىزدە نۇرغۇن قابىلىيەتلىك ئۆلىمالار بار، — دەپتى-
كەن، جۇاڭزى:
— لۇ بەگلىكىدە ئالىملار ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ، — دەپتۇ.
لۇ بېگى:
— ئۇنداق ئەمەسمۇ، ئېلىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆلىمالارنىڭ
كىيىمىنى كىيىۋالىدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە
ئۆلىمالار كەم ئۇچرايدۇ دېگىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ.
جۇاڭزى:
— ئاڭلىشىمچە، ئۆلىمالار يۇمىلاق پوپۇكلۇك بۆك كىيسە
ئاسترونومىيەنى بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئا-
شۇنداق قابىلىيىتى بار ئادەملەرنىڭ ئۇنداق كىيىنىۋېلىشى ناتا-
يىن، ئۆلىمالارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغانلارنىڭ بۇنداق قابىلىيە-
تى بولۇشى ناتايىن، — دەپتۇ.
لۇ بېگى بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ، جۇاڭزى يەنە:
— ئىشەنمىسىلە مۇشۇنداق بىلىمى يوق ئۆلىمالارنىڭ كىيىمى-
نى كىيسە بىردەك ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ پەرمان چۈشۈرسىلە، ئەھۋال-
نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن لۇ بېگى شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، بەش كۈن
ئۆتمەيلا لۇ بەگلىكىدە ئۆلىمالارچە كىيىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان
ئادەم قالماپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆ-
لىمالارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئوردىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقى مەلۇم

بوپتۇ، لۇ بېگى ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ سوئال سوراپتىكەن، دەرۋەقە ئاسترونومىيە، جۇغراپىيەنى تولۇق بىلىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ھەققىدىمۇ ئۆزگىچە قاراشلىرى بارلىقى ئىسپاتلىنىپتۇ.

مۇشۇ چاغدا جۇاڭزى لۇ بېگىگە:

— شۇنچە چوڭ لۇ بەگلىكىدە ھەقىقىي ئالىمدىن ئاران بىرى بولسا، بۇنى كۆپ دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

## تەمسىل

بىركۈنى بېلىقلار دېڭىزدىن بىر بوتۇلكا سۈزۈۋاپتۇ، بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە بىر ۋاراق قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىكەن: «خالايىق، مېنى تېز قۇتقۇزۇڭلار، مەن بۇ يەردە، دېڭىز سۈيى مېنى بىر ئادەمسىز ئارالغا چىقىرىپ قويدى، مەن قىرغاقتا تۇرۇپ قۇتقۇزۇشنى كۈتىمەن، تېز كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! مەن بۇ يەردە!».

بۇنى كۆرۈپ بىر قېرى بېلىقچى:

— بۇ خەتكە ۋاقىت يېزىلماپتۇ، ئەمدى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دېگەنبىلەن چوقۇم كېچىكتۇق، بوتۇلكىدا دېڭىزدا ناھايىتى ئۇزۇن ئېقىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

— ئورنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلمەپتۇ، بىز ھەتتا ئۇنىڭ قايسى دېڭىزدا ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق بىلمىسەك، — دەپتۇ. يەنە بىر بېلىقچى.

— ئېھتىمال كېچىككەندىمىز، ئۇ ئانچە يىراقتىمۇ ئەمەستۇر، چۈنكى ھەممىلا يەردە «بۇ يەر» ئىسىملىك ئارال بار، — دەپتۇ ئۈچىنچى بېلىقچى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوڭايسىزلىنىپ جىمىپ كېتىپتۇ، ھەقىقەتەن ئادەتتە مۇشۇنداق بولىدۇ.

# سۆيگۈچى ۋە سۆيۈلگۈچى

بىر پەيلاسوپ كەچلىك تاماقتىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، بىر ئادەمنىڭ قاتتىق يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، پەيلاسوپ ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنچىۋالا يىغلايدىغانلىقىنى سوراپتۇ، ئۇ ئادەم:

— مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پەيلاسوپ بۇنى ئاڭلاپ تىزلىرىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەمدە:

— ھاماقەتلىكتە ھاماقەتلىك، — دەپتۇ.

مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغۇچى يىغىسىنى توختىتىپ غەزەپ بىلەن:

— مەن بىلمىلىك دەپ باشقىلارنى مۇشۇنداق خالىغانچە مەسخىرە قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، پەيلاسوپ بېشىنى چايقاپ:

— مەن سىزنى مازاق قىلمىدىم، ئەكسىچە ئۆزۈڭىز ئۆزۈڭىزنى مازاق قىلىۋاتىسەن، — دەپتۇ.

مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغۇچى بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتىكەن، پەيلاسوپ:

— سىزنىڭ بۇنداق ئازابلىنىۋاتقىنىڭىزغا قارىغاندا، قەلبىڭىزدە يەنىلا مۇھەببەت بار دېگەن گەپ. سىزنىڭ قەلبىڭىزدە مۇھەببەت بولغانىكەن، ئۇنداقتا قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدە چوقۇم مۇھەببەت يوق. بولمىسا سىلەر ئايرىلىپ كېتەمتىڭلار؟ ھالبۇكى، مۇھەببەت سىزنى تەرەپتە، سىز مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولمىدىڭىز، پەقەت سىزنى سۆيمەيدىغان ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، بۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈڭىزنى يېرىم قىلغۇلۇقمۇ؟ مېنىڭچە، ئۆيۈڭىزگە قايتىپ ئۇخلىغىن، يىغلاشقا تېگىشلىكى ئۇ. ئۇ سىزنىڭدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، يەنە كۆڭلىدىكى «مۇھەببەت» تىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟

مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان ئادەم يىغىسىنى توختىتىپ، ئۆ-زىنىڭ شۇنچە ئاددىي ئىشنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىگەنلىكىگە كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن پەيلاسوپقا بىر تەزىم قىلىۋېتىپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قاپتۇ.

## يەردىكى بۈركۈت

بۇ ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ ھېكايىسى. بىر چەۋەندازبۈركۈت تۇخۇمىدىن بىرنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى قۇرنىڭ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. كېيىن كىچىك بۈركۈت ئانا قۇر تەرىپىدىن بېقىپ چىقىرىلىپ، بىر توپ كىچىك قۇر بىلەن بىللە چوڭ بوپتۇ.

بۇ بۈركۈت بالىسى ئۆزىنى قۇر دەپ ھېسابلاپ يۈرۈۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى قۇرغا ئوخشايدىكەن. ئۇ توپىنى تاتىلاپ يۈرۈپ ئۈرۈق ۋە ئۇششاق قۇرتلارنى تېپىپ يەيدىكەن، ئۇ قوقۇقلاپ قانىتىنى قېقىپ، خۇددى قۇرغا ئوخشاش ئاران نەچچە گەز ئېگىزلىككە ئۆرلىيەلەيدىكەن.

يىللار ئۆتۈپتۇ، بۈركۈتمۇ چوڭ بوپتۇ، بىركۈنى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا ئىنتايىن چوڭ بىر قۇشنىڭ كۆك ئاسماندا كۈچلۈك قانىتىنى كېرىپ لەرزان ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ قۇشنىڭ تۇرقى ئىنتايىن كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، غالىبلارنىڭ سالاپىتى بار ئىكەن. بۇنى كۆرگەن بۈركۈت ھەمراھىدىن:

— ئاۋۇ قۇش بەك چىرايلىقكەن، ئۇ نېمە قۇش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ بۈركۈت، قۇشلارنىڭ پادىشاھى، سەن ئۇنىڭغا قاراپ نېمە قىلىسەن؟ سەن مەڭگۈ ئۇنىڭدەك بولالمايسەن، — دەپتۇ ھەمراھى.

## ئاق ئات ئات ئەمەس

گۇڭسۇنلۇڭ جاۋ بېگى، پىڭ پۇەنجۈننىڭ مېھمىنى ئىكەن. ئۇ مۇنازىرىگە ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ «ئاق ئات ئات ئەمەس» دەيدىغان بىر مەشھۇر سۆزى بار ئىكەن.

بىرەيلەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئاق ئات ئات ئەمەس دەيسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، گۇڭسۇنلۇڭ ئۇنىڭدىن:

ئاتنى ئاق ئات دېيىشكە بولامدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم ئىككىلەنگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ:

— بۇنداق دېيىشكە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

گۇڭسۇنلۇڭ:

— ئاق ئات ئات بولىدىغان بولسا، قانداقسىگە ئاق ئاتنى ئات دېگىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ.

— بىراق، ئاق ئات راستتىنلا ئات تۇرسا!

گۇڭسۇنلۇڭ:

— ئوخشىمايدۇ، ئاق ئات بولسا ئاق رەڭ ۋە ئاتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن، ئۇ ئاتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئاقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئاق ئاتنى ئاق دېيىشكىمۇ ياكى ئات دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

ئاق ئات ئات ئەمەس دېيىش خاتا دەپ ئويلىسىمۇ، گۇڭسۇنلۇڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي، ئامالسىز بېشىنى چايقاپ كېتىپ قاپتۇ.

## جۇۋۋاڭنىڭ چوكىسى

بىركۈنى جۇۋۋاڭ تاماق يەۋېتىپ، ياغاچ چوكا ئۇنىڭغا ناھايىتى

ئاددىي بىلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پىل چىشىدىن بىر جۈپ چوكا ياسىتىپتۇ.

جىۋ بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ:

— جۈۋاڭنىڭ پىل چىشى چوكىسى بولسا ھەرگىز چاقچۇق قاچا - قۇچا ئىشلەتمەيدۇ، چوقۇم كەركىدان مۇڭگۈزى ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان قاچا - قۇچىلارنى ماس كۆرىدۇ، قاشتېشى قاچىدا چوقۇم ئادەتتىكى تاماقنى يېمەيدۇ، پىل قۇيرۇقى، يىلپىز ھەمراھى قاتارلىق ئالىي تائاملارنى يېگۈسى كېلىدۇ، ئالىي تائاملارنى بۇنداق يېگەندىكەن، ئاددىي كىيىم كىيىپ، ئاددىي ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدۇ، چوقۇم ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، كاتتا قەسىرلەردە ئولتۇرىدۇ، ئادەمنىڭ راھەت كۆرۈش ئىستىكىنىڭ چېكى بولمايدۇ، بۇنداق بولسا دۆلەت چوقۇم ھالاك بولىدۇ، — دەپتۇ.

نەچچە يىل ئۆتمەي جۈۋاڭنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. گۆللۈكنىڭ ھەممە يېرىگە گۆش ئېسىۋېتىپتۇ، مەرمەر تاشتىن بىر يوغان كۆل ياسىتىپ، ھاراق بىلەن تولدۇرۇپتۇ. كۈنبويى خانىش، توقال، ۋەزىرلىرى بىلەن ئەيش - ئىشرەتتە ياشاپتۇ. ئۇ يەنە بىر خىل كۆيدۈرۈش جازاسىنى ئىجاد قىپتۇ، بۇنىڭدا بىر مىس تۈۋرۈكنى ئوتتا قىزىتىپ، جىنايەتچىنى ئۈستىدە ماڭغۇزىدىكەن، جىنايەتچىلەر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا پۇتى كۆيۈپ ئوتقا چۈشۈپ كېتىپ كۆيۈپ ئۆلىدىكەن.

دەرۋەقە، بۇ خىل تۇرمۇش ئۇزۇن داۋاملاشماپتۇ، دۆلەت ھالاك بوپتۇ، جۈۋاڭمۇ جېنىدىن ئايرىلىپتۇ.

## ھەركىمنىڭ ئۆزىگە ئېسىل

بىر خۇشامەتچى بىر پارچە ئېسىل قاشتېشىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، ئۇنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى، زىفەنگە سوۋغا قىپتىكەن، زىفەن ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئۇ ئادەم:

— بۇ بەك ئېسىل قاشتېشى، بۇنى سىلىندەك سالاپەتلىك مۆتىۋەر ئادەم تاقىمىسا ئادەتتىكى ئادەملەرگە ماس كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ زىنفەن:

— سەن بۇ قاشتېشىنى ئېسىل نەرسە دەۋاپسەن، بىراق مەندە بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل نەرسە بار، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— قانداق ئېسىل نەرسە؟ — دەپ سوراپتىكەن، زىنفەن:

— مېنىڭ ئېسىل نەرسەم — سېنىڭ ئېسىل نەرسەڭنى ئالماسلىق، — دەپتۇ.

# ئاياغ سېتىۋېلىش

جېڭ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم شەھەرگە كىرىپ ئاياغ سېتىۋالماقچى بوپتۇ، ئۇ پۇتىنى ئۆلچەپ، ئۆلچەمنى ئورۇندۇقتا قويۇپ قويۇپ، پۇلنى ئېلىپلا ئىشىكنى تاقاپ بازارغا مېڭىپتۇ، بازارغا بېرىپ ئاندىن ئۆلچەمنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ.

ئۇ ئاياغ ساتقۇچىغا:

— مەن ئۆلچەمنى ئەكەلمەپتىمەن، شۇڭا قانچىلىك چوڭلۇقتىكى ئاياغ كىيىدىغىنىمنى بىلەلمىدىم، مەن بېرىپ ئۆلچەمنى ئەكېلەي، — دەپ قويۇپ كەينىگە قايتىپتۇ.

تەرلەپ - پىشىپ ئۆلچەمنى ئەكەلسە، بازار تارقاپ بوپتۇ، بىر مۇنچە ئاۋارە بولۇپ ئاياغمۇ سېتىۋالالماپتۇ. بۇ چاغدا بىرەيلەن ئۇنىڭدىن مۇنداق سوراپتۇ:

— ئاياغنى ئۆزىڭىزگە ئالامتىڭىز ياكى باشقا ئادەمگىمۇ؟

— ئۆزۈمگە ئالاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ئادەم.

— ئۆزىڭىزگە ئالسىڭىز ئۆلچەمنىڭ نېمە كېرىكى؟ كېيىپ كۆرۈپ باقسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم:
— ئۇنىڭدا بولمايدۇ، ئۆلچەم ئەڭ توغرا بولىدۇ، مەن ئۆلچەمگىلا ئىشىنىپ، پۇتقا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

## تىلەمچى بىلەن شەبنەم تامچىسى

بىر تىلەمچى ناھايىتى ئەتىگەن يولغا چىقىپتۇ، ئۇ گۇرۇچ خالتىسىنى ئوڭ قولىدىن سول قولىغا يۆتكەپ، قولىدىكى توپا - چاڭنى پۇۋلەۋاتقاندا بىر دانە چوڭ ھەم سۈزۈك شەبنەم تامچىسى ئالىقىنىغا چۈشۈپتۇ.
تىلەمچى ئالىقىنىغا بىر ئاز قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن لېۋىگە يېقىن ئەكېلىپ، شەبنەم تامچىسىغا:
— مېنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ.
— مېنى يۇتۇۋېتىسەن.
— قارىغاندا سەن مەندىنمۇ بىكارچىكەنسەن، جېنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىكەن.
— خاتالاشتىڭ، مەن بىچارىلىكىڭنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، مەن ئىلگىرى ئىنتايىن چوڭ بىر سېرىنگۇل غۇنچىسىنى نەمدەپ ئۇنى چىرايلىق ئېچىلدۇرغان. ھازىر يەنە بىر ھاياتلىقنى نەمدەۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم ۋە بەختىم. بۇ ئۆمرۈمدە مېنىڭ ھېچقانداق ئارمىنىم يوق.
تىلەمچى بىردىنلا تۇرۇپ قاپتۇ.

## باشقىلارنىڭ يولى

بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، ئالدىدا بىرەرسىنىڭ ماڭغان ئىزى بولمىغاچقا، خەتەر چىقىش مۇمكىنلىكىنى بىلىپ

تۇرسىمۇ، ئامالسىز ئۇيان ـ بۇيانغا دەسسەپ بېقىپ، بىر بۆلەك يول ئېچىپ مېڭىپتۇ. بىراق ھېچقانچە ماڭمايلا ئېھتىياتسىزلىقتىن پاتقاققا دەسسىۋېلىپ چۆكۈپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر ئادەممۇ سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئىلگىرىكى ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ بۇ يەردىن چوقۇم ئادەم مېڭىپ بېقىپتۇ، باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭسام چاتاق چىقمايدۇ دەپ ئويلاپ، دەسسەپ كۆرسە دەسسىگەن يېرى راستتىنلا قاتتىق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىر ھېلىقى بوش يەرگە دەسسىۋېلىپ ئۇمۇ پاتقاققا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، ئالدىنقى ئىككى ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا شۇ ئىزدىن مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى دېمىسەكمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بۇ چوقۇم سازلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تۇتىشىدىغان يول. بۇ يولدىن نۇرغۇن ئادەم مېڭىپ بېقىپتۇ، مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭسام چوقۇم سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلەيمەن دەپ ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم ھالدا ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئاخىر ئۇمۇ پاتقاققا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

## قوشۇمچە رولچى بولۇش

تۇنجى قېتىم ئاي شارىغا چىققان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئىككى. كۆپچىلىككە تونۇشلۇق ئاموسراندىن باشقا يەنە ئودىرانمۇ بار. ئەينى چاغدا ئاموسراننىڭ: «مېنىڭ كىچىك بىر قەدىمىم، ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ بىر قەدىمى» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئاللىبۇرۇن پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلىدىغان سۆزگە ئايلاندى.

ئاي شارىغا چىقىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىك-

لەش ئۇچۇن ئېچىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، بىر مۇخبىر ئۇدىراندىن ئۇشتۇمتۇت بىر غەلىتە سوئال سوراپتۇ:

— ئاموسران ئاي شارىغا باشتا چۈشۈپ، ئاي شارىغا چىققان تۇنجى ئادەم بولدى، سىز بۇنىڭدىن ئەپسۇسلانماسسىز؟

پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ ئوڭايسىز قارىشى ئاستىدا، ئۇدىران ناھايىتى بىمالال ھالدا:

— كۆپچىلىك ئېسىڭلاردا بولسۇن، يەر شارىغا قايتىپ چۈشكەندە ئالەم كېمىسىدىن مەن ئالدىدا چىقتىم، شۇڭلاشقا مەن باشقا پىلانېتتىن يەر شارىغا كەلگەن تۇنجى ئادەم ھېسابلىنىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كۆپچىلىك كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپتۇ.

## دۇمچەك ۋە ھەيكەل

ناھايىتى كېلىشكەن بىر شاھزادە بار ئىكەن، بىراق ئۇ دوك ئىكەن. مۇشۇ ئەيىبى تۈپەيلى ئۆزىنى بەك كەمسىتىدىكەن.

بىركۈنى، پادىشاھ مەملىكەت بويىچە ئەڭ داڭلىق ھەيكەلتىراشنى چاقىرتىپ، شاھزادىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىتىپتۇ.

ھەيكەلتىراش شاھزادىنىڭ ھەيكىلىنى تۈپتۈز، ئىنتايىن قامەتلىك قىلىپ ياساپتۇ، پادىشاھ بۇ ھەيكەلنى شاھزادىنىڭ قەسىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

شاھزادە ھەر قېتىم قەسىر ئالدىدا بۇ ھەيكەلنى كۆرگەندە، كۆڭلىدە بىر خىل ھەسرەت پەيدا بولىدىكەن.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن پۇقرالار:

— شاھزادىنىڭ گەۋدىسى ئاۋۋالقىدىن رۇسلىنىپ قالدى، — دېيىشىپتۇ. بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا شاھزادىنىڭ كۆڭلى خېلى

كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن.

بىركۈنى ئاخىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. شاھزادە ئورنىدىن تۇر-غاندا دۇمبىسى ھەيكەلنىڭكىدەك تۈپتۈز ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ.

## چېقىلغان ئەينەك نەزەرىيەسى

پسىخولوگىيەگە ئائىت مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەنگەن:

تاشقى كۆرۈنۈشى ئوخشاش ئىككى ماشىنا ئوخشاش مۇھىتتا توختىتىپ قويۇلىدۇ، بىرىنىڭ قاپقىقى بىلەن ئەينىكى ئوچۇق، يە-نە بىرىنىڭ يېپىق.

ئوچۇق ماشىنا ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇزۇۋېتىلىدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۆز پېتى تۇرىدۇ. لېكىن تەجرىبە خادىمى بۇ ماشىنىنىڭ بىر كۆزئەينىكىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن، بىر كۈن ئىچىدە ما-شىنىنىڭ ھەممە ئەينىكى چېقىۋېتىلىپتۇ، ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئوغرىلىنىپ كېتىلىپتۇ.

بۇ تەجرىبە داڭلىق «چېقىق ئەينەك نەزەرىيەسى» دۇر.

## موزى نېمە ئۈچۈن گەپكە ناقىس؟

بىر قېتىم چۇ بېگى موزىنىڭ شاگىرتى تيەنجۇدىن:

— نېمە ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ موزىنىڭ ئىش قىلىشقا ئېپى بار، بىراق گەپكە ناقىس؟ — دەپ سوراپتۇ.

تيەنجۇ:

— ئۇستازىم ھەققىدە سۆزلەشتىن ئىلگىرى، ئىككى كىچىك ھېكايە سۆزلىشىمگە ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ.

— قېنى سۆزلە.

تيەنجۇ:

— چۇ بەگلىكىدىن بىر ئادەم جېنىڭ بەگلىكىگە مەرۋايىت سات-
قىلى بېرىپتۇ، ئۇ ماگنولىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل ئېسىل يا-
غاچتا مەرۋايىت قاچىلايدىغان بىر قۇتا ياساپتۇ، يەنە قىممەت باھا-
لىق پۇراقلىق ماتېرىياللار بىلەن قۇتىنى ئىسلاپ خۇش پۇراق
قىپتۇ. قۇتىنىڭ ئەتراپىغا نەپىس نەقىشلەرنى ئويۇپتۇ، قاشتېشى
ۋە كەھرىۋا قاداپتۇ. نەتىجىدە خېرىدار ئۇنىڭ قۇتىسىنى سېتىۋې-
لىپ، مەرۋايىتىنى ئالماپتۇ، بۇ، قۇتا سېتىشقا ماھىر بولۇپ،
مەرۋايىت سېتىشقا ماھىر بولماسلىقتا!

ئەينى يىلى چىڭبو قىزىنى جىن بەگلىكىنىڭ بەگزادىسىگە ياتلىق قىلغاندا، يەتمىش گۈزەل قىزنى تاللاپ قىزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بىرگە ماڭدۇرۇپتۇ، جىن بەگلىكىگە بارغاندا بەگزادە خىزمەتكار قىزلارنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، يېڭى كېلىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپتۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ خىزمەتچى بېرىشكە ماھىر بولۇپ، قىز بېرىشكە ماھىر بولماسلىقتا! ھازىرقى ئادەملەر بىر - بىرىدىن گەپدان، سۆزلىگەندە ھەشەمەتلىك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق. نەتىجىدە باشقىلار ئۇنىڭ سۆز - پاساھىتىگە دىققەت قىلىپ، سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. موزىنىڭ تەلىماتىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمكى گۈزەل ئەخلاقنى تەكىتلەش، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويغىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەددىدىن زىيادە ياساپ سۆزلىسە، كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىستىپداتىغا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇمۇ خۇددى چۇ بەگلىكىدىكى ھېلىقى سودىگەرنىڭ مەرۋايىت سېتىشى، چىڭبونىڭ قىز چىقىرىشىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ شۇڭا ياساپ سۆزلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، — دەپتۇ.

## نىشان توغرا ئەمەس

بىر ئادەم ئات هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ شىمالغا قاراپ مېڭىپتۇ. دوستى ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىسا، ئۇ «چۇ بەگلىكـ- گە» دەپتۇ.

دوستى ئۇنىڭغا:

— چۇ بەگلىكى جەنۇبتا تۇرسا، نېمىشقا شىمالغا ماڭىسەن؟ — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم:

— قاياقتا بولسا ئوخشاش، مېنىڭ هارۋام ياخشى، — دەپتۇ.

دوستى:

— هارۋاڭغۇ بەك ياخشىكەن، بىراق يۆنىلىشىڭ خاتا بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— هېچقىسى يوق، مەندە پۇل كۆپ.

— پۇلۇڭنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىمەن، بىراق جەنۇبقا ماڭساڭ توغرا بولىدۇ.

— هەي، نېمە جەنۇبقا، نېمە شىمالغا. هارۋىكەشمىنىڭ ماهار- تى ياخشى، مەن نېمىدىن قورقاتتىم؟

هارۋىكەشنىڭ ماهارىتى راستتىنلا ياخشى ئىكەن. ئۇ قامچىنى چۆرۈپ «چۇ» دەپ بىر ۋارقىراش بىلەنلا هارۋا چاڭ - توزان كۆتۈ- رۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ، بۇنى كۆرۈپ دوستى:

— ئۇنىڭ هارۋىسى قانچە ياخشى، هارۋىكىشى قانچە ئۇستا بولغانسېرى، چۇ بەگلىكىدىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىۋېرىدۇ، — دەپ- تۇ بېشىنى چايقاپ.

## لايخورەك بىلەن قۇلۇلىنىڭ ئېلىشىشى

پارقىراپ ئاپتاپ چىققان بىر كۈنى، بىر سەدەپ قۇلۇلىسى قې-

پىنى ئېچىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ ئاپتاپسىنىپتۇ. بىر لايخورەك ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇچۇپ كېلىپ چوقۇپتۇ، قۇلۇلە دەرھال قېپىنى يۇمۇپ، لايخورەكنىڭ تۇمشۇقىدىن مەھكەم قىسىۋاپتۇ، لايخورەك ھەرقانچە سىلكىپمۇ قۇلۇلىنى چۇشۇرۈۋېتەلمەپتۇ.

لايخورەكنىڭ تۇمشۇقى قىسىقلىق بولغاچقا دۇدۇقلاپ:

— بۈگۈن يامغۇر ياغمىسا، ئەتىمۇ يامغۇر ياغمىسا، ئۇسساپ ئۆلىسەن، — دەپتۇ.

قۇلۇلىمۇ لايخورەككە:

— بۈگۈن قويۇۋەتمەيمەن، ئەتىمۇ قويۇۋەتمەيمەن، ئاچلىقتىن ئۆلىسەن، — دەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قاراشقىنىچە تۇرۇۋې-رىپتۇ، ھېچقايسىسى يول قويماپتۇ، نەتىجىدە بېلىقچى كېلىپ ئىككىلىسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ.

## ئىككى خىل كۆزقاراش

ناھايىتى ئابرۇيلۇق بىر ئەمەلدار بار ئىكەن، ئۇنىڭ تونۇشى بىر دوستىنى باشلاپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ، تونۇشىنىڭ دوستى كەتكەندىن كېيىن ئەمەلدار تونۇشىغا مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇڭنىڭ ئۈچ يېتەرسىزلىكى بار ئىكەن. ئۇ مېنى كۆ-رۈپلا كۈلدى، بۇ ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، پاراڭلاشقاندا ئۇستازىنى تىلغا ئالمىدى، بۇ ئۇستازىغا بولغان ئا-سىيلىق، تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپلا دېمىگىنى قالمىدى، بۇ قائىدە بىلمىگەنلىك.

تونۇشى كۈلۈپ قويۇپ:

— سىلى مۇلايىم بولغاچقا، ئۇ سىلىنى كۆرۈپلا كۈلدى، ئۇ ئو-قۇمۇشلۇق، مەزھەپ قارىشى يوق بولغاچقا، پاراڭلاشقاندا ئۇستازىنى تىلغا ئالمىدى؛ ئۇ كۆڭلىدە سىر ساقلىمايدۇ، كىشىلەرگە سەمى-

مىي مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇڭا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپلا دېمىگىنى قالمىدى، — دەپتۇ.

## ئوغرىنىڭ كارامىتى

چۇ بەگلىكىنىڭ سانغۇنى زىفا ئالاھىدە ماھارىتى بار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. نۇرغۇن ماھارەت ئىگىلىرى ئۇنىڭ قېشىغا پاناھلانغىلى كېلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئوغرى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئاڭلىسام ئالاھىدە ماھارىتى بار ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز، مېنىڭ باشقا ماھارىتىم يوق، ئەمما مەن ئۇستا ئوغرى. بۇ كارامىتىم سىزگە يارامدىكىن؟ — دەپتۇ.

زىفا بۇنى ئاڭلاپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئوڭشاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدىراپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ:

— سىزدەك تالانت ئىگىسىگە ئېرىشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن، — دەپتۇ. زىفانىڭ يېنىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا:

— بىر ئوغرىغا مۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىسىلا تازا مۇۋاپىق بولماس، — دەپتىكەن، زىفا:

— سىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيسىلەر، — دەپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي چى بەگلىكى ئەسكەر تارتىپ چۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىپتۇ. زىفا قوشۇن باشلاپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۈچ قېتىم تۇتۇشۇپ ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بوپتۇ. چى قوشۇنلىرى غەلىبە قىلغانسېرى غەيرىتى ئۇرغۇپ تېخىمۇ باتۇرلىشىپ كېتىپتۇ. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدىغان چارە تاپالماي چۇ بەگلىكىنىڭ مۇلكى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ بېشى قېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئوغرى زىفانىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مېنىڭ كىچىككىنە كارامىتىم بار، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن، — دەپتىكەن، زىفا ئارتۇق گەپ قىلماي:

— بولىدۇ، — دەپلا ئوغرىنى ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ.

يېرىم كېچىدە ئوغرى چى بەگلىكى سانغۇنىنىڭ چېدىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ چىمىلدىقىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى زىفا چىمىلداقنى بىر پارچە خەت بىلەن چى بەگلىكىنىڭ سانغۇنىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىكەن:

نۆكىرىم ئوتۇن تەرگىلى چىقىپ سانغۇنىنىڭ چىمىلدىقىنى تېپىۋاپتۇ، بۇنى ئەۋەتتىم.

ئەتىسى ئوغرى چى بەگلىكى سانغۇنىنىڭ ياستۇقىنى ئوغرىلاپ كەپتۇ، زىفا يەنە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئوغرى يەنە چى بارگاھىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ سانغۇنىنىڭ ياغلىقىنى ئوغرىلاپ كەپتۇ، زىفا يەنە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، چى ئەسكەرلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. سانغۇن قول ئاستىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— ئەمدى چېكىنمىسەك، چۇ قوشۇنىنىڭ مېنىڭ بېشىمنى ئېلىپ كېتىشى چوقۇم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىفا قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كېتىپتۇ.

## تۇزلۇق بېلىق ئەۋلىيا

بىر ئوۋچى جاڭگالدا بىر بۇغا تۇتۇۋاپتۇ، ئۇ بۇغىنى بىر دەرەخكە ئىلىپ قويۇپ، ئوۋ ئوۋلاشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ كېتىپ تۇرۇشىغا بىر سودىگەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇغىغا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئەمما، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى بىكارغا ئېلىۋالسام ياخشى بولماس دەپ ئويلاپ، بىر تال تۇزلانغان بېلىقنى دەرەخكە ئىلىپ قويۇپ، بۇغىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوۋچى قايتىپ كېلىپ، بۇغىنىڭ بىر تال تۇزلانغان بېلىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ، ئۇ، بۇ ئادەمزات يوق جاڭگالدا بۇغا بىر

تۇزلانغان بېلىقتا ئايلىنىپ قالسا، بۇ بېلىق كاتتا ئەۋلىيا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپتۇ. بۇ ئىش تېزلا تارقىلىپ كېتىپتۇ، كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، تۇزلۇق بېلىق ئەۋلىيانى تاۋاپ قىلىپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ دۇئا قىپتۇ. كېسىلى بارلار ئەۋلىيادىن تېنىنى ساغلام قىلىشنى تىلەپتۇ. تالىپلار نام ـ ئاتاقتا ئېرىشىش ئىستىكىنى ئىزھار قىپتۇ. كەمبەغەللەر ئەۋلىيادىن يېگۈدەك تاماق ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. پۇلدارلار داۋاملىق پۇللۇق بولۇشنى تىلەپتۇ. بەلكىم نىيىتى خالىس بولسا تىلىكى ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەن سەۋەبتىن بولسا كېرەك، نۇرغۇن دۇئالار ئىجابەت بوپتۇ. كىشىلەر تۇزلۇق بېلىق ئەۋلىيانىڭ كارامىتى قالتىسكەن دەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سېپتۇ. ئىبادەتخانىدا نەچچە ئون ئەر ـ ئايال پېرخونلار ئورۇنلىشىپ، كۈنبويى داڭ ئۇرۇپ، دۇمباق چېلىپ پېرە ئويناپتۇ. نەچچە يۈز چاقىرىم دائىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتخانىغا كېلىپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ سەجدە قىپتۇ.

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ تۇزلانغان بېلىقنى دەرەخكە ئىلىپ قويغان سودىگەر يەنە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا «تۇزلانغان بېلىق ئەۋلىيا» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەلىتىلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ كۆجە كۆيدۈرگىلى كەلگەنلەردىن بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى سوراپتىكەن، بۇغا تۇزلانغان بېلىقتا ئايلىنىپ قالغان ھېلىقى ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سودىگەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىپ:

— مەن قويۇپ قويغان بېلىق نەدىمۇ ئەۋلىيا بولسۇن؟ — دەپ ئۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاندىن نەزىرخانا ئالدىغا كېلىپ بېلىقنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يەرگە كېلىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلىدىغانلار قالماپتۇ، نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ تۇزلۇق بېلىق ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

# كىرىچىنىڭ سايىسى جامدا يىلان كۆرۈنۈپتۇ

ناھىيەدىكى بىر كىچىك ئەمەلدار ھاكىمنى يوقلاپ بېرىپتۇ، ھاكىم ئۇنىڭغا بىر قەدەھ مەي تۇتۇپتۇ، كىچىك ئەمەلدار قەدەھنى ئېلىپ ئىچەي دېيىشىگە كۆزى قەدەھتە بىر قىزىل يىلان ئويناپ يۈرگەندەك كۆرۈنۈپتۇ، لېكىن باشلىقى تۇتقان مەينى ئىچمەسلىككە پېتىنالماي، كۆزىنى يۇمۇپلا ئىچىۋېتىپتۇ. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن قورسىقى قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەپتۇ. ئاخىر ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپتۇ، ئائىلىسىدىكىلەر نۇرغۇن دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھەرخىل ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپمۇ ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتالماپتۇ.

كېيىن ھاكىم ھېلىقى ئەمەلدار تۇرغان يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى يوقلاپتۇ ھەم ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سوراپتىكەن، ئەمەلدار:

— ھېلىقى كۈنى سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىدا ھاراق ئىچكەندە، بىر كىچىك قىزىل يىلاننى يۇتۇۋەتكەنىدىم، — دەپتۇ.

— مۇشۇنداق ئىش بولدىما؟ — دەپتۇ ھاكىم ئىشەنمەي. لېكىن ئەمەلدار ئۆزىنىڭ بىر تال يىلاننى يۇتۇۋەتكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ.

يامۇلغا قايتقاندىن كېيىن ھاكىم بۇ ئىشنى ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، شىمال تامدا بىر قىزىل ئوقيانىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغان ئەمەلدارنى ھارۋىغا سېلىپ ناھىيە يامۇلغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. ھاكىم ئەمەلدارنى ئالدىنقى قېتىم ھاراق ئىچكەن يەرگە باشلاپ كەپتۇ، قەدەھكە ھاراق

قويۇپ ئەمەلدارغا كۆرسىتىپتىكەن، قەدەھتە يەنە كىچىك قىزىل يىلان پەيدا بوپتۇ.

هاكىم:

— ئەمەلىيەتتە بۇ تامدىكى ئاۋۇ يانىنىڭ سايىسى، — دەپتۇ.

كىچىك ئەمەلدار ئىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى خوش بوپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىپتۇ.

## پەرىشتىمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ

شاھزادە 18 ياشقا توشقان كۈنى پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر چاققان هارۋا بىلەن چىرايلىق ئىككى تايچاقنى سوۋغا قىپتۇ.

شاھزادە بۇ سوۋغاتتىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، بولۇپمۇ ھېلىقى ئىككى تايغا بەكلا ئامراق بولۇپ قاپتۇ، تايلارنى سىلاپتۇ، قۇچاقلاپتۇ، ھەتتا سۆيۈپمۇ قويۇپتۇ. ئاندىن:

— بۇ ئىككى تايچاقنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ:

— بىرىنىڭ ئىسمى پەرىشتە، يەنە بىرىنىڭ ئالۋاستى، — دەپتۇ.

— ئەجەب قىزىقكىنا؟ — دەپ كۈلۈپتۇ شاھزادە. ئۇ ھارۋىغا چىقىپ قامچا ئۇرۇپتۇ.

ياندۇرقى يىلى شاھزادە 19 ياشقا كىرىپتۇ، ئۇ شەھەر ئەتراپىدىن ھارۋا ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، كاللىسىغا «نېمە ئۈچۈن ئېتىمنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى پەرىشتە، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئالۋاستى؟» دېگەن خىيال كەپتۇ ۋە دادىسىدىن سوراپتۇ.

پادىشاھ مېھرىبانلىق بىلەن بوش ئاۋازدا:

— بالام سەن كەلگۈسىدە پادىشاھ بولىسەن، شۇ چاغدا پەرىشتىنىڭمۇ، ئالۋاستىنىڭمۇ سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا موھتاج بولىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ شاھزادە خېلى چوڭقۇر مە-سىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشنى بىلىدىغان بولغاندا:

— مەن ئالۋاستىنىمۇ ئىشقا سالسام، پەرىشتىنىمۇ ئىشقا سال-سام، ئۇنداقتا ئۆزۈم پەرىشتىمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ؟ — دەپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپتۇ.

## ھەق - ناھەق، توغرا - خاتا

ئىككى باغۋەن كۆكتاتلىقتا غوجايىنىنىڭ ئىشىنى قىلىدىكەن، باغۋەن ئا يېپىسىۋېلەكنىڭ قۇرتلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قۇرتنى تۇتۇپ دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باغۋەن ب ئۇنى قۇرتنى ئۆلتۈرمەسلىكنىڭ كېرەكتى دەپ ئەيىبلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى باغۋەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا غوجايىن غوجىدارلار-نى باشلاپ كېلىپ، ئۇ ئىككىسىدىن نېمىشقا گەپ تالاشقانلىقىنى سوراپتۇ.

باغۋەن ئا:

— غوجايىن، مەن قۇرتنىڭ يېپىسىۋېلەكنى يەۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ قۇرتنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم، مېنىڭچە قۇرتنى ئۆلتۈرمە-سەك، يېپىسىۋېلەكنى كاردىن چىقىرىۋېتەمدۇ؟ — دەپتىكەن، غوجايىن:

— ئېيتقىنىڭ توغرا، تامامەن توغرا، — دەپتۇ بېشىنى لىڭشىتىپ.

باغۋەن ب:

— غوجايىن قۇرتمۇ بىر جانلىق تۇرسا، ئۇ يېپىسىۋېلەك يېمى-سە قانداق ياشىيالايدۇ؟ بىراق باغۋەن ئا قۇرتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈ-ۋەتتى، ئەگەر مەن ئۇنى توسمىسام، قۇرتنىڭ ھاياتىنى، ھەتتا پۈتۈن ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قانداق ساقلىغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

غوجايىن بۇنىڭغىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا، تامامەن توغرا، — دەپتۇ.

بىر چەتتە تۇرغان غوجىدار بۇنى چۈشىنەلمەي، تۆۋەن ئاۋازدا:
— غوجايىن، مەنتىقە جەھەتتىن ئالغاندا ئىككى خىل كۆز-قاراش زىددىيەتلىك بولسا، چوقۇم بىرى خاتا بولىدۇ، ھەممىسى توغرا بولىدىغان ئىش بولمايدۇ، — دەپتىكەن، غوجايىن يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ:
— سېنىڭ ئېيتقىنىڭمۇ توغرا، تامامەن توغرا، — دەپتۇ.

## تەسەۋۋۇردىكى بولكا

بىر پەيلاسوپنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىسىنى كوچىغا چىقىپ بىر بولكا سېتىۋېلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئوقۇغۇچى كوچىغا چىقىپ بىر ئايلىنىپ، قۇرۇق قول قايتىپ كىرىپ پەيلاسوپقا:
— كوچىدا پەقەت يۇمىلاق بولكا بىلەن ئۇزۇنچاق بولكىلا بار ئىكەن، سىز ئالماقچى بولغان ئۇ خىل (ئۇزۇنمۇ ئەمەس، يۇمىلاقمۇ ئەمەس) بولكا يوق ئىكەن، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن پەيلاسوپ ئوقۇغۇچىنى بىر «يۇمىلاق» بولكا سېتىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئوقۇغۇچى كوچىنى بىر ئايلىنىپ يەنە قۇرۇق قول قايتىپ كىرىپ، پەيلاسوپقا:
— كوچىدا پەقەت قارا ئۇننىڭ يۇمىلاق بولكىسى بىلەن ئاق ئۇننىڭ يۇمىلاق بولكىسى بار ئىكەن، سىز ئالماقچى بولغان ئۇ خىل (قارىمۇ ئەمەس، ئاقمۇ ئەمەس ئۇننىڭ) «يۇمىلاق» بولكىسى يوق ئىكەن، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن پەيلاسوپ ئوقۇغۇچىسىنى بىر دانە «ئاق ئۇندا ئەتكەن يۇمىلاق بولكا» سېتىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئوقۇغۇچى كوچىنى بىر ئايلىنىپ يەنە قۇرۇق قول قايتىپ كىرىپ ئۇنىڭغا:
— كوچىدا پەقەت سوغۇق ئاق ئۇندا ئەتكەن يۇمىلاق بولكا بىلەن قىزىق ئاق ئۇندا ئەتكەن يۇمىلاق بولكا بارئىكەن، سىز ئالماقچى بولغان ئۇ خىل (سوغۇقمۇ ئەمەس، قىزىقمۇ ئەمەس) ئاق

ئۇندا ئەتكەن يۇمىلاق بولكا يوق ئىكەن، ـــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن... نەتىجىسىنى كۆپ سۆزلىمەيلى، ئۇ ئوقۇغۇچى مەڭگۇ بولكا سېتىۋېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇ پەيلاسوپمۇ پەقەت ئاچ-لىقتىن ئۆلۈشنىلا كۈتۈپ ئولتۇرسا بولىدۇ.

## ئەڭ مۇھىم ئىش

بىر پادىشاھ بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ. ئۇ ئەگەر مۇنداق ئۈچ ئىش ھەل بولسا، دۆلەت چوقۇم قۇدرەت تاپىدۇ دەپ ئويلاپتۇ. بىرىنچى، ئەڭ مۇھىم ۋاقىتنى مۆلچەرلەش، ئىككىنچى، قانداق ئادەم دۆلەت ئۈ-چۈن ئەڭ مۇھىم؟ بۇنى ئايرىش؛ ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئايرىش.

پادىشاھ بۇ ھەقتە ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپتىكەن، ۋە-زىرلەر ۋاقىتنى توغرا مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى بىر جەد-ۋەل تۈزۈش كېرەك؛ دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئوقۇتقۇچى ياكى ئالىم تەربىيەلەش؛ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە پەن ـ تېخنىكى-نى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ جاۋابتىن قانائەتلەنمەي بىر زاھىتتىن مەسلىھەت ئالغىلى بېرىپتۇ. زاھىت يەر ھەيدەۋاتقانىكەن، پادىشاھ ھېلىقى سوئاللارنى سوراپ زاھىتنىڭ يول كۆرسىتىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، بىراق زاھىت ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. پادىشاھمۇ كەتمەي شۇ يەردە تۇرۇپ زاھىتنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم-لىشىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر يا-رىلانغان ئادەم يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بولالماي يىقىلىپتۇ، پادىشاھ بىلەن زاھىت ئۇنى يۆلەپ يارىسىنى تېڭىپ، زاھىتنىڭ ئۆيىگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپتۇ، يارىدار ئەتىسى

ئويغانغاندىن كېيىن پادىشاھقا قاراپ:

— مەن سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز بولىمەن، تۈنۈگۈن زاھىتنى زىيارەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىڭىزدا خەۋەر تېپىپ قايتىشىڭىزدا سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىدىم، بىراق سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدىم. ئۇلار مېنى تۇتۇۋالدى، مەن ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىققان بولساممۇ يارىلانغان بولغاچقا، يىراققا كېتەلمەي ساڭا ئۇچرىدىم، قۇتقۇزغىنىڭغا رەھمەت، مەن ئەمدى سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ئەمەس، دوستۇڭ بولىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ زاھىتتىن يەنە ھېلىقى سوئالنى سوراپتىكەن، زاھىت:

— مەن سوئاللىرىغا ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولدۇم، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— سىز ماڭا قانداق جاۋاب بەردىڭىز؟ — دەپتىكەن، زاھىت:

— سىلى تۈنۈگۈن مېنىڭ ھېرىپ - چارچاپ يەر ھەيدەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ماڭا ياردەملەشمەي ئۆز يوللىرىغا كېتىۋەرگەن بولسىلا، قايتىشلىرىدا ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولاتتىلا، ئەگەر ئۇنىڭ يارىلانغانلىقىغا ئېچىنماي، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماي كېتىپ قالغان بولسىلا، ئۇ سىلىگە بۇنداق ئوڭاي قايىل بولمايتتى. شۇڭلاشقا سوئاللىرىنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئەڭ مۇھىم ۋاقىت ھازىر، پەقەت ھازىرنىڭ ئۆزىنى چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم ئادەم يانلىرىدىكى ئادەم، چۈنكى سىلى ئۇلارغا دەرھال تەسىر كۆرسىتەلەيلا. جاھاندىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى مۇھەببەت، مۇھەببەت بولمىسا ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

## ئوت ئۆچۈرۈش

جاۋ بەگلىكىدە بىر ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ئوت كېتىپتۇ. ئۆيىنىڭ بېشىدىن چىقىپ ئوتنى ئۆچۈرەي دېسە، شوتا يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن قوشنا كەنتتىكى دوستىنىڭكىگە بېرىپ

شوتا سوراپ كەلمەكچى بوپتۇ، رەتلىك كىيىنگەندىن كېيىن، سال-ماق قەدەم بىلەن قوشنا كەنتكە قاراپ مېڭىپتۇ. دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئالدى بىلەن دوستىغا ئۈچ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن دوستىغا ئەگىشىپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. دوستى قورۇما، مەي كەلتۈ-رۈپ ئۇنى مېھمان قىپتۇ، ئۇ مەينى ئۈچ قەدەھ ئىچىپتۇ، ئاندىن دوستىغا ئۈچ قەدەھ قايتۇرۇپتۇ. مەينى ئىچىپ بولۇپ دوستى ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈن غېرىب كەپەمگە قەدەمىڭىز يېتىپتۇ، مەن قىلغۇدەك خىزمىتىڭىز بارمىكىن؟ — دەپتىكەن، ئۇ دوستىغا:

— تەڭرىدىن قازا كەلدى، ئۆيۈمنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە ئوت كەتتى، ھازىر ئوت تازا ئۇلۇغ كۆيۈۋاتىدۇ، سىز ئاچىقىپ ئوتنى ئۆز-چۆرەي دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۆگزىگە چىقالمىدىم، ئۆيدىكىلەر ئامالسىز بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆيگىنىگە قارىشىپ قالدى. ئۆيىڭىزدە شوتا بارلىقىنى ئاڭلاپ كېلىپ مالال قىلىشىم، شوتىنى ماڭا بېرىپ تۇرالامسىز؟ — دەپتىكەن، دوستى ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ:

— نېمانچە ھاماقەت سىز، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، ئاندىن دەرھال شوتىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە مېڭىپتۇ. بىراق ئۇلار يېتىپ بارغاندا، ئۆي ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلى-نىپ بولغانىكەن.

## مۆشۈك بىلەن چاشقان

ۋېي بەگلىكىدە شۇ فامىلىلىك بىر ئادەم بولۇپ، مۆشۈككە ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىكەن. ئۇ ئۆيىدە يۈزدىن ئارتۇق مۆشۈك بېقىپتۇ، مۆشۈكلەر ئۆيىدىكى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدى-كى چاشقانلارنى تېزلا يەپ تۈگىتىپتۇ.

ئاخىر مۆشۈكلەر يېگىلى نەرسە يوق، ئاچلىقتىن كۈنبويى

قالايمىقان مىياڭلايدىغان بوپتۇ، شۇ فامىلىلىك ئامالسىز ھەر كۈنى گۆش سېتىۋېلىپ ئۇلارغا يېگۈزۈپتۇ. كېيىن مۈشۈك ئاسلانلاپتۇ، ئاسلانلار چوڭ بولۇپ يەنە ئاسلانلاپتۇ، نەچچىنچى ئەۋلاد مۈشۈك ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئىشقىلىپ ئەمدى بۇ ئۆيدە قالغان مۈشۈكلەر تەييار گۆشنى يەپ يۈرۈپ، جاھاندا چاشقان دەيدىغان ئىشنى ئۇنتۇپتۇ، ئۇلار پەقەت قورسىقى ئاچسا مىياڭلاشنىلا بىلىدىكەن. مىياڭلىسىلا يېگىلى گۆش تەييار ئىكەن. قورسىقى تويغاندا لاغايلاپ يۈرىدىكەن ياكى ئاپتاپسىنىپ ياتىدىكەن.

شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنىڭ ئۆيىنى چاشقان بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە چاشقانلار كۈپكۈندۈزدىلا توپ ـ توپ بولۇپ يۈگۈرۈپ يۈرۈيدىكەن. چاشقانلار ئۆيدىكى نەرسىلەرنى چىشلەپ بىرنىمۇ ساق قويماپتۇ. ئۇ ئادەم شۇ فامىلىلىكتىن ئۆيىدە مۈشۈك ئارىيەت ئېلىپ ئۆيىگە چاشقان تۇتقىلى ئاپىرىپتۇ. مۈشۈك ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قۇلىقى تىككىدە، قاپقارا ھەم ئۆتكۈر كۆزلىرى توختىماي پىلدىرلاپ، قىزىل بۇرۇتى مىدىرلاپ تۇرىدىغان، قالايمىقان چىرقىراپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي، تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. پەقەت چاشقانلارغا ئەگىشىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئاچچىقىدا مۈشۈكنى چاشقانلار توپىغا ئېتىپتىكەن، مۈشۈك بەك قورقۇپ كېتىپ چاشقان توپى ئارىسىدا پىرقىراپ كېتىپتۇ. چاشقانلار مۈشۈكنىڭ ئۆزلىرىگە چېقىلالمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، مۈشۈكنىڭ پۇتىنى بىر چىشلەپتىكەن، مۈشۈك ئاغرىقىدىن چىدىماي غەلىتە چىرقىراپ قېچىپ كېتىپتۇ.

## يۆ بەگلىكىنىڭ ھارۋىسى

يۆ بەگلىكىدە ئەسلىدە ھارۋا يوق ئىكەن. يۆ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم باشقا بەگلىكلەردە ساياھەت قىلىپ، يول ياقىسىغا تاشلىۋېتىلگەن بىر كېرەكسىز ھارۋىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ھارۋا ئىنتايىن كو-

ئىراپ كەتكەن بولۇپ، چاقى مايماق ـ سايماق، شوتىسىمۇ سۇنۇپ كەتكەنىكەن. تېخى بىر نەچچە تال تاختىيى كەم بولۇپ، هارۋا بەك ـ رەك سىلكىنىسىلا هارۋىدا ئولتۇرغان ئادەم ئۇ يەردىن چۈشۈپ كې ـ تىشى مۇمكىنىكەن. يۇرتىدا هارۋا بولمىغاچقا، هېلىقى ئادەم بۇ ئەبجەق هارۋىنى كېمىگە سېلىپ يۆ بەگلىكىگە ئەكېتىپتۇ. يۆ بەگلىكىگە بارغاندىن كېيىن كىشىلەر ئەجەبلەنگەن هالدا بۇ غەلى ـ تە مەخلۇقنىڭ ئەتراپىدا ئولىشىپ، هېلىقى ئادەمدىن نېمىلىكىنى سوراپتۇ.

ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا:

— بۇ دېگەن هارۋا، مەن نۇرغۇن ئەللەرنى ئارىلاپ ئۇنى ناهايى ـ تى تەسلىكتە قولغا چۈشۈردۈم، — دەپتۇ.

— هە، ئەسلىدە هارۋا دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن ـ دە.

— مەن ئاتمىش تۆت ياشقا كىرىپتىمەن، بۇرۇن هارۋىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باققان بولسامۇ ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ما ـ نا ئاخىر كۆردۈم.

— باشقا ئەلنىڭ نەرسىسى راستتىنلا ئوخشىمايدىكەن، چاقىغا قارا، ئەگرى ـ بۈگرى، نېمىدېگەن چىرايلىق، — دېيىشىپتۇ كى ـ شىلەر بۇ هارۋىنى ئورۇۋېلىپ. كېيىن بەزىلەر بۇ هارۋىغا تەقلىد قىلىپ چارۋا ياساشقا باشلاپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يۆ بەگلىكىدە نۇر ـ غۇن چاقى مايماق، تاختىيى كەم، ئات قاتقىلى بولمايدىغان هار ـ ۋىلار پەيدا بوپتۇ.

چۇ بەگلىكىنىڭ بەزى ئادەملىرى يۆ بەگلىكىگە كېلىپ ئۇلار ياسىغان هارۋىنى كۆرۈپ، مەسخىرە قىلىپ:

— سىلەر نېمانچە دۆت، هارۋىنىڭ چاقىنى مايماق ياساپسىلەر، ماڭغاندا ئادەمنى سىلكىمەمدۇ، يەنە تېخى ئىچىنىڭ تاختىيى كەم ـ كەن، سىلكىنگەندە ئادەم چۈشۈپ كەتمىسىلا بولدىغۇ؟ — دەپتۇ.

يۆ بەگلىكىدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناهايىتى خاپا بوپتۇ، ئۇلار:

چۇ بەگلىكىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇلار چوقۇم بىزنى ئالداۋاتقان گەپ، دەپ ئويلاپتۇ.

كېيىن ۋۇ بەگلىكى يۆ بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىپتۇ، يۆ قوشۇنى ئەبجەق ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ جەڭگە چىقىپ، مەغلۇپ بوپتۇ. ھالبۇكى، يۆ بەگلىكىدىكىلەر باشتىن ـ ئاخىر ئاشۇ ناچار ھارۋىسى سەۋەبلىك مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.

## جىگدىچى بىلەن تومۇزغا

بىر ئادەم جىگدىچىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىدە بېقىپتۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى جىگدىچى ئادەمنىڭ گېپىنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. لېكىن ھەرقانداق قىپمۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزدىن باشقىنى ئۆگىنەلمەپتۇ. جىگدىچى ئادەمنىڭ گېپىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن كۆرەڭلەپ كىمنىلا كۆرسە نەچچە ئېغىز سۆزلەيدىغان بوپتۇ. بىركۈنى، ھويلىدىكى دەرەختە بىر تومۇزغا چىرقىراپتۇ، جىگدىچى دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە سەكرەپ چىقىپ، تومۇزغىغا:

— ھەي، بولدى قىل دەيمەن، ئاۋازىڭ بەك سەتكەن، چىرقىراشنىلا بىلگەن، باشقىچە سايراشنى بىلەمسەن؟ — دەپتىكەن، تومۇزغا:

— ھەئە، مەن چىرقىراشنىلا بىلىمەن، سەن باشقىچە سايراشنى بىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ.

جىگدىچى كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم كۆپ، مەن جىگدىچىنىڭ سايرىشىنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە ئادەمنىڭ گېپىنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ.

تومۇزغا:

— راست، سەن ئادەمنىڭ گېپىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىسەن، قولاقتا يامان ئەمەس ئاڭلىنىدۇ. بىراق، قىلغان ئۇ نەچچە ئېغىز گەپ ئۆزۈڭنىڭ گېپى ئەمەس، ئۇنى قانداقمۇ مېنىڭ سايرىشىمغا

سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ مەن گەرچە يېقىمسىزراق سايرىساممۇ، لېكىن ئۇ دېگەن مېنىڭ چىن كۆڭلۇمدىن چىققان ئاۋازدە، — دەپتۇ.

جىگدىچى خىجىل بولۇپ بېشىنى ساڭگىلىتىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەمنىڭ گېپىنى دورىماپتۇ.

## بۆرىنىڭ ھېكايىسى

جاۋ جەنزى قوشۇن باشلاپ جۇڭسەن تېغىغا شىكارغا چىقىپتۇ. يا ئوقى تېگىپ زەخىملەنگەن بىر بۆرە قېچىپ كېتىپتۇ، جاۋ جەنزى قوشۇننى باشلاپ قوغلاپتۇ، بۆرە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ قېچىپ كېتىۋاتسا ئېشەكلىك كېتىۋاتقان دۇڭگۇ ئەپەندىگە ئۇچراپتۇ، بۆرە:

— ئارقامدىن ئادەملەر قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى قۇتقۇزۇۋالغان بولسىڭىز، — دەپ ئۇنىڭغا يېلىنىپتىكەن، دۇڭگۇ ئەپەندى بۆرىنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ بۆرىنى تاغارغا سېلىۋاپتۇ، جاۋ جەنزى تېزلا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ دۇڭگۇ ئەپەندىنىڭ يول ياقىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، بىر بۆرىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، دۇڭگۇ ئەپەندى سالام بېرىپ:

— پەقەت سىزنىڭ قوشۇنىڭىز كەلگەنلىكىنىلا كۆردۈم، بۆرىنىڭ ئۆتكىنىنى كۆرگىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. جاۋ جەنزى دۇڭگۇ ئەپەندىنىڭ ياۋاش، سەممىمىي تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، قوشۇننى باشلاپ كېتىپ قاپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندى بۆرىنى تاغاردىن چىقىرىپتىكەن، بۆرە:

— ئەپەندى، ھېلىمۇ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالدىلا، ھازىر ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم، يولدا ئاچلىقتىن ئۆلگىنىمدىن، ئۇلار ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ياخشىتى، ياخشىلىقنى ئاخىرغىچە قىلسىلا، مەن سىلىنى يەۋېتەي، — دەپ بىرلا سەكرەپ دۇڭگۇ ئەپەندىگە ئېتىلىپتۇ، دۇڭگۇ ئەپەندى ئالمان - تالمان ئۆزىنى ئېشەكنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ،

ئېشەكنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈپتۇ، دۈڭگۈ ئەپەندىم يۈگۈرۈۋېتىپ:

— ياخشى نىيەت بىلەن سېنى قۇتقۇزۇپ قويسام، ۋاپاغا جاپا قىلامسەن؟ — دەپتىكەن، بۆرە:

— ۋاپاغا جاپا دېگىنىڭنى قوي، تەڭرى سەندەك ئادەمنى مېنىڭ يېيىشىم ئۈچۈن ياراتقان، — دەپتۇ ئېشەكنى چۆرگۈلەپ قوغلىغاچ. بۇ چاغدا ھاسا تايانغان بىر بوۋاي مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ، دۈڭگۈ ئەپەندى:

— ئاقساقال، جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن ۋەقەنىڭ جەريانىنى سوراپتىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۆرىنى قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى، بۆرىنىڭ قانداقسىگە ئۇنى يېمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خاپا بولۇپ، ھاسىسىنى بۆرىنىڭ بېشىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— ھۇ، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئەبلەخ، تېز يوقال، بولمىسا سېنى ھاسا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۆرە كەينىگە نەچچە قېتىم چېكىنىپ، بىچارە قىياپەتتە:

— ئۇ مېنى تاغارغا سالغاندا ئاغزىنى قەستەن چىڭ بوغۇۋەتتى، مەن تاغارنىڭ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قالدىم، ئۇ بەلكىم مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، تېرەمنى سويۇپ ساتماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئېيتسىلىچۇ؟ بۇنداق خەتەرلىك ئادەمنى يەۋەتسەم نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ — دەپتۇ. بوۋاي بۆرىگە:

— ھەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ گېپىنى توغرا دېيىشىلەر، مەن توغرا - خاتالىقىنى ئايرىيالمىدىم، مۇنداق بولسۇن، ئۇ سېنى يەنە بىر قېتىم تاغارغا سېلىپ، ماڭا كۆرسەتسۇن، ئەگەر راستتىنلا سەن دېگەندەك بىئارام بولغان بولساڭ، ئۇنى يەۋەتسەڭمۇ ھەق، — دەپتۇ. بۆرە بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، دۈڭگۈ ئەپەندىگە ئۆزىنى قايتا تاغارغا سولاتقۇزۇپتۇ، بوۋاي دۈڭگۈ ئەپەندىگە:

— بولدى، سىز دە پىچاق بارمۇ؟ — دەپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندى پىچاقنى چىقىرىپ بوۋايغا سۇنۇپتۇ. بوۋاي تاغارنى كۆرسىتىپ:
— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، — دەپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندى:
— ئۇنداقتا بۇ بۆرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولامدىم؟ — دەپتىكەن، بوۋاي كۇلۇپ كېتىپ:
— مۇشۇنداق ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان نىمىنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە كۆزىڭىز قىيمىسا، سىزنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىڭىز ھاماقەتلىك گىردابىغا يېتىپتۇ، — دەپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندىمۇ كۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بۆرىنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ.

## يوپۇرماق

گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ لېيبىنىز بىركۈنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا پەلسەپە سۆزلەۋېتىپ:
— جاھاندا پۈتۈنلەي ئوخشىشىدىغان ئىككى يوپۇرماق يوق، — دەپتىكەن، پادىشاھ ئىشەنمەي، ئوردىدىكى دېدەكلەرنى گۈللۈككە چىقىپ بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى يوپۇرماق تېپىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دېدەكلەر بىرمۇنچە ئاۋارە بولۇپ ھەممىسى قۇرۇق قول قايتىپتۇ.
كىچىككىنە يوپۇرماق دېگەنبىلەن، ئەگەر ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، ئۇ چەكسىز خاسلىققا ئىگە. ئۇزۇن - قىسقىلىقى، كەڭ - تارلىقى، قېلىن - نېپىزلىكى، رەڭگىنىڭ قېنىق - سۇسلۇقى، قىرغاقتىكى ھەرە چىشىنىڭ شەكلى، ئوتتۇرىسىدىكى تومۇرلارنىڭ يۆنىلىشى... يەنىمۇ بەكرەك ئىنچىكىلەشكە توغرا كەلسە ھەربىر خاسلىقىدىن نۇرغۇن خىلغا ئايرىغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق چەكسىز خاسلىقلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى يوپۇرماقنى تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق.

## ھەقىقىي گۆھەر

بىر جاھان كېزەر راھىب يولدا بىر گۆھەر تېپىۋېلىپ خۇرجىنىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بىركۈنى راھىب چارچاپ ھالىدىن كەتكەن بىر ساياھەتچىنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇ بۇ ئادەم بىلەن خۇرجۇندىكى ھەممە يېمەكلىكنى تەڭ يەپتۇ، راھىب خۇرجۇنغا ئاشقان نەرسىلەرنى سېلىۋاتقاندا ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزى توساتتىن خۇرجۇندىكى پارقىراپ تۇرغان گۆھەرگە چۈشۈپ ھەيرانلىق بىلەن گۆھەرگە قاراپلا قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن راھىب قىلچە ئىككىلەنمەستىن گۆھەرنى ئۇ ئادەمگە سوۋغا قىپتۇ. بۇ ئادەم گۆھەرنى ئېلىپ خۇشاللىقىدىن «ئەجەب تەلىيىم كەلدى» دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

لېكىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھېلىقى ئادەم راھىبنى يەنە ئىزدەپ كېلىپ گۆھەرنى ئېھتىرام بىلەن قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ھەم:

— ئويلىسام ماڭا بۇ گۆھەر ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسە كېرەككەن، مۇشۇنداق قىممەتلىك نەرسىنى ماڭا سوۋغا قىلىۋېتىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى؟ ماڭا شۇنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

راھىب:

— ھاياتتا كۆڭۈلدىنمۇ بىباھا نەرسە بارمۇ؟ — دەپتۇ.

## ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، داۋىنچى مەشھۇر ئەسىرى «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» نى سىزغاندا، مىلان چېركاۋىدىكى ھۆكۈمەتچىلەر ئەترىتىدىن بىر يىگىتنى تېپىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ كۆزى نۇرانە، چىرايى مۇلايىم ئىكەن. داۋىنچى ئۇنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ مودېلى قىپتۇ.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپمۇ، بۇ رەسىم پۇتمەپتۇ، بىركۈنى ئۇ نامراتلار رايونىدىكى بىر كىچىك مەيخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ يەردە كۆزلىرىدىن مەككارلىق، ئاچ كۆزلۈك چىقىپ تۇرىدىغان، پۇتۇن بەدىنىدىن گۇپۇلدەپ هاراق پۇرىقى كېلىدىغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ خىيالىدىكى ئوبرازىغا پۇتۇنلەي ماس كېلىدىغان ئادەمدىن بىرنى تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ چىرايى يۇداغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن (يۇدا ھەزرىتى ئەيساغا ئاسىيلىق قىلغان شاگىرتى).

داۋىنچى ھەق بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمنى تېزلا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە ماقۇل قىپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەمنى يۇدانىڭ مودېلى قىلماقچى بوپتۇ.

داۋىنچى ھەممە تەييارلىقلارنى پۇتكۇزۇپ رەسىمنى سىزىشنى باشلاي دېگەن چاغدا ئىختىيارسىزلا:

— بىز ئىلگىرى كۆرۈشۈپ باققانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم ئەزمىلىك بىلەن:

— كۆرۈشكەن، مەن نەچچە يىل ئىلگىرى سىز ھەزرىتى ئەيسانى سىزغان چاغدىكى مودېل شۇ، — دەپتۇ.

## ئارىلىق ساقلاش

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئوۋچى بار ئىكەن، ئۇ ھەر قېتىم يىرتقۇچ ھايۋان ئوۋلىغاندا تېرىسىنى سويۇپ ئۆزى ئىشلىتىپ، گۆشىنى تاشلىۋېتىدىكەن.

بىر شىر ئۇ يەرگە كېلىپ تاشلاپ قويۇلغان يېڭى گۆشنى كۆرۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئوۋچى ھەر قېتىم گۆش تاشلىغاندا، ھېلىقى شىر كېلىپ تويغۇچە يەيدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، شىر بىلەن ئوۋچى تونۇشۇپ، ئۆزئارا يېقىن بولۇپ كېتىپتۇ. ئوۋچى شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۈمبىسىنى سىلىسا، شىر

قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئەركىلەپتۇ.

ئۇۋچى شىرنىڭ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياۋاشلىق بىلەن تۇر ـ غانلىقىنى كۆرۈپ، شىرنى بويسۇندۇردۇم، بۇ ۋەھشىي شىرمۇ ماڭا بويسۇنۇپ، مېنىڭ ئولجامغا ئايلاندى، مەن ئۇنىڭ دۇمبىسىگە مىن ـ نىپ، باشقا هايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالغاندەك ئۇنىڭمۇ تېرى ـ سىنى سويۇۋالايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇۋچى قەتئىي ئىرادىگە كې ـ لىپ، ئېتىلىپ كېلىپ شىرغا مىنىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويماق ـ چى بوپتىكەن، ئۇۋچىنىڭ قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن شىر قۇتۇر ـ غىنىچە ئۇۋچىنى بېسىۋېلىپ، ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن ئۇۋچىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپتۇ، ئاندىن تاتىلاپ، چىشلەپ هەش ـ پەش دې ـ گۈچە ئۇۋچىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپتۇ.

## نوپۇزغا چوقۇنماڭ

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا بىر پادىچى بار ئىكەن. ئۇ هەر كۈنى جاڭگالدا قوي باقىدىكەن، پادىسىنى كۆڭۈل قويۇپ مۇهاپىزەت قىلىدىكەن.

بىركۈنى كېچىدە بىر ئوغرى ئۇنىڭ قويلىرىنى ئوغرىلىغىلى كەپتۇ، لېكىن پادىچىنىڭ ئۇخلىماي ئىنتايىن هوشيارلىق بىلەن پادىسىنى مۇهاپىزەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز كېچىچە پادىچى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ هېچ نەرسە ئوغرىلىيالماپتۇ.

ئاخىر باشقا ئامال تاپالمىغان ئوغرى دالاغا چىقىپ بىر شىرنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى سويۇپ ئىچىگە سامان قاچىلاپ، پادىچى كۆ ـ رەلەيدىغان بىر دۆڭلۈككە قويۇپتىكەن، تىرىك شىردەكلا كۆرۈنۈپتۇ.

ئوغرى ئىشنى تۈگىتىپ پادىچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— پادىچى بۇرادەر، ياخشىمۇسەن، بىر شىر مېنى كەچلىك تا ـ

مىقىغا سىڭگەندىن بىر قوي ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى، ــ دەپتۇ.
پادىچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ:
ــ شىر قەيەردە؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، ئوغرى دۆڭلۈكتىكى ھېلىقى يالغان شىرنى كۆرسىتىپ:
ــ ئاۋۇ تەرەپكە قارا، ئۇ شىر دۆڭلۈكتە تۇرىدۇ، ــ دەپتۇ.
پادىچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، دەرۋەقە ئالدىدىكى دۆڭلۈكتە بىر شىر تۇرغۇدەك، ئۇنى راست شىر دەپ ئويلاپ قالغان پادىچى:
ــ بۇرادەر، قايسى قوي لازىم بولسا شۇنى ئەكېتىۋەر، مەن سىنى توسۇمايمەن، ــ دەپتۇ.
ئوغرى بىر قوينى ئەكېتىپتۇ، كېيىنچە ئۇ پادىچىنىڭ شىردىن قورقىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، پادىچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قوينى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ.

## راھىب بىلەن ئالدامچى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇن بىر راھىب بىر ئۆچكە سېتىۋېلىپ، نەزىرلىك قىلماقچى بوپتۇ.
راھىب ئۆچكىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقاندا ئۈچ ئوغرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۆچكىنى ئالداپ ئېلىۋالماقچى بوپتۇ.
ئۇلاردىن بىرى راھىبنىڭ ئالدىنى توسۇپ:
ــ راھىب كالام، بۇ ئىتنى نېمە قىلغىلى ئەكېتىپ بارىسىز؟ ــ دەپتۇ.
راھىب ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ، يەنە بىر ئالدامچى ئالدىغىراق كېلىپ:
ــ نەدە ئۇ راھىب بولىدۇ، راھىب بولسا ئىت يېتىلەپ يۈرەمتى؟ ــ دەپتۇ.
ئۈچ ئالدامچىنىڭ بىرى ئۇنى دەپ، بىرى بۇنى دەپ يۈرۈپ راھىبنىمۇ ئۆزىنىڭ يېتىلىۋالغىنى ئىت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپتۇ، ئاخىر راھىب ئۆچكە ساتقان ئادەم كۆز بوياپتۇ دەپ ئويلاپ،

ئۆچكىنى قويۇۋېتىپتۇ.

ئۆچ ئالدامچى راھىبنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆچكىنى يېتىلەپ، خۇشال ھالدا كېتىپتۇ.

## تەسۋىر بويىچە ئات ئىزدەش

بولى ئات تاللاشقا ماھىر بولۇپ، ئۇ «ئات تاللاش رىسالىسى» دېگەن كىتابىدا، تۇلپار توغرىسىدا مۇنداق تەسۋىرلەرنى يازغان: «بېشى ئېگىز، كۆزى يوپيۇمىلاق، تۇۋىقى يۇمىلاق ھەم يوغان». ئۇنىڭ ئوغلى بۇ رىسالىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تۇلپار ئىزدەپتۇ. ئۇ ئۆيىدىن چىقىپلا بىر پاقىنى ئۇچرىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پاقىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كىتابنى ئېچىپ سېلىشتۇرۇشقا باشلاپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ پاقىنى تۇتۇپ ئەكېتىپ دادىسىغا:

— مەن بىر ئات تاپتىم، كىتابتا ئېيتىلغان تۇلپارغا ئوخشىشىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ بېشى ئېگىز، كۆزى يۇمىلاق ئىكەن، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ تۇيىقى ئانچە چوڭ ھەم يۇمىلاق ئەمەسكەن، — دەپتۇ.

بولى بۇ گەپتىن ناھايىتى خاپا بوپتۇ، لېكىن ئوغلى تۇغما ھاماقەت بولغاچقا ئىلاجسىز كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇ ئاتقۇ ياخشى ئاتكەن، بىراق سەكرەشنىلا بىلىپ، چېپىشنى بىلمەيدىكەن، مىنىشكە ئەپسىز تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

مانا بۇ تەسۋىرگە قاراپ ئات ئىزدەش توغرىسىدىكى ھېكايە.

## ئۈمىدۋار ئەما

ئىككى ئەما ھاسا تۇتۇپ قولتۇقلىشىپ كېتىۋېتىپ، بىرى:

— يەنىلا، ئەما بولغان ياخشى، كۆزى ساق ئادەملەر كۈنبويى ئالدىراش ئۆتىدۇ، دېھقاننىڭ جاپاسى تېخىمۇ يامان، نەدىمۇ بىز ئەمالاردەك ئەركىن - ئازادە يۈرەلىسۇن؟ — دەپتۇ.

— راست، ئۇ دېھقانلار بەك بىچارە، — دەپتۇ يەنە بىر ئەما.

بىر نەچچە دېھقان ئەمالارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئەمەلدار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ:

— ھوي، ئىككىڭ ۋالى بېگىم كەلسىمۇ يول بوشاتمايسەنغۇ؟ گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

قالغان نەچچە دېھقان ئۇلارنى ئوتۇغۇچنىڭ سىپىي بىلەن تازا ئۇرۇپ، ۋارقىراپ بىر چەتكە ھەيدىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئاستا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، يەنە گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپتۇ.

بىر ئەما:

— يەنىلا ئەما بولغان ياخشى، ئەگەردە باياتىن كۆزى ساق ئادەم ۋالىي بېگىمنى كۆرۈپ يول بوشاتمىغان بولسا، تاياق يەپلا قالماستىن تېخى تۈرمىدە ياتاتتى، — دەپتۇ.

— راست، نەچچىنى ئۇردى شۇ، بىز يەنىلا تەلەيلىك، — دەپتۇ.

## دىبىق

دىبىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، ئۇ يۇمشاق ھەم ئىنچىكە بولغاچقا، ئۆزى ئۆسەلمەي باشقا ئېگىز ئۆسۈملۈكلەرگە يامىشىپ ئۆسىدىكەن. دىبىق ئۆسۈپ بارا - بارا بۇك - باراقسان بوپكېتىپتۇ، يەنە تېخى مېۋىگە كىرىپتۇ، دىبىقنىڭ مېۋىسى قارامتۇل قىزىل بولۇپ، كۆرگەنلەرنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىدىكەن. بىركۈنى بىر يولۇچى دىبىقنىڭ مېۋىسىدىن بىرنى ئۈزۈپ يەپ:

— بەك تاتلىق ھەم چىرايلىقكەن، — دەپتۇ دىبىقنى ماختاپ.

بۇنى ئاڭلاپ دىبىق ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ.

كېيىن بىر ياغاچچى تاغقا ياغاچ كەسكىلى چىقىپتۇ. ئۇ دىبىق يۆگىشىۋالغان چوڭ دەرەخنى كۆرۈپ:

— بۇ دەرەخنى ئۆيگە لىم قىلسام تازا ياخشى بولغۇدەك، — دەپ

ئويلاپ پالتىسىنى ئېلىپ دەرەخ كېسىشكە باشلاپتۇ.

دىبىق:

— ئۇ مېنىمۇ قوشۇپ كېسىۋېتىدىغان بولدى، — دەپ بەك قورقۇپتۇ. ئۇ دەرەختىن ئايرىلماقچى بوپتۇ، بىراق ئادەتتە بەك چىڭ يۆگىشىۋالغان بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ئايرىلاي دەپمۇ ئايرىلالماپتۇ، ئاخىردا دەرەخ يىقىلىپتۇ، دىبىقمۇ بىرگە هالاك بوپتۇ.

بەزىلەر ھەسرەتلىنىپ ئەگەر دىبىق ئۆزى ئۆسەلىگەن بولسا، بېشىغا بۇنداق بالا ـ قازا كەلمەيتتى دېيىشى مۇمكىن.

## تىكەن

جۇڭنەن تېغىدا بىر يول بار ئىكەن، يولنىڭ ئىككى چېتىدە نۇرغۇن تىكەن ئۆسۈپتۇ. بىركۈنى يولنىڭ بۇ تەرىپىدىكى تىكەن يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تىكەنگە گەپ قىپتىكەن، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تىكەن ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىيالماپتۇ.

ئۇ تەرەپتىكى تىكەن:

— چىڭراق گەپ قىل، ئاڭلىيالمىدىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ يولنىڭ بۇ تەرىپىدىكى تىكەنگە ئېنىق ئاڭلانماپتۇ.

بۇ تەرەپتىكى تىكەن ئۇ تەرەپكە بىر ئاز سۇرۇلۇپ:

— نېمە دېدىڭ؟ — دەپتۇ.

ئۇ تەرەپتىكى تىكەنمۇ بۇ تەرەپكە بىر ئاز سۇرۇلۇپ:

— ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىكەن بىر ـ بىرىگە قاراپ سۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار بىخارامان پاراڭلىشالايدىغان بوپتۇ، ئەمما يولنى تىكەن قاپلاپ، ئۆتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر تەرسا ئادەم بۇنىڭدىن ناھايىتى خاپا بولۇپ:

— سىلەر پاراڭلىشىمىز دەپ مېنى يولدىن ئۆتكۈزمەمسىلەر؟

قانداق گەپ بۇ؟ — دېگىنىچە يەڭلىرىنى شىمايلاپ تىكەننى يۇلۇپتۇ، ئەمما سول تەرەپتىكى تىكەننى قايرىسا، ئوڭ تەرەپتىكى تىكەن ئۇنىڭ قولىغا سانجىلىپتۇ. ئوڭ تەرەپتىكى تىكەننى چىقىرىۋېتىشىگە، پۇتىغا تىكەن كىرىپتۇ. يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ، قولى، يۈزى، ھەتتا كىيىملىرىمۇ تىتىلىپ كېتىپتۇ. تىكەنلەر يەنىلا شۇ يەردە خاتىرجەم پاراڭلىشىپتۇ. بۇ نەس باسقان ئادەم تىكەنلەرنىڭ:

— ماۋۇ كالۋانى قاراڭلار، — دەپ مەسخىرە قىلغىنىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ.

بۇ ئادەم روھى چۈشكۈن ھالدا ئارقىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، يولدا بىر ئوتۇنچى يىگىتكە سۆزلەپ بەرگەنىكەن، يىگىت:

— ئاشۇ تىكەنلەرگىمۇ بوزەك بولغۇلۇقمۇ، جۈرۈڭ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىمەنكىن، كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

ئىككىيلەن تىكەن تولۇپ كەتكەن يولغا قايتىپ كەپتۇ.

ئۇلارنى كۆرۈپ تىكەنلەر:

— بىر ياردەمچى تېپىپ كەپتۇ، ئون ياردەمچى تېپىپ كەلسىمۇ بەرىبىر، تەييارلىنىڭلار، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى، — دېيىشىپتۇ.

يىگىت ئۇ تىكەنلەرنى يۇلماپتۇ، بېلىدىن قىڭراقنى سۇغۇرۇپ، ئېگىشىپ تىكەننىڭ يىلتىزىدىن چاناپتۇ، بىردەمدە خېلى جىق تىكەن چاناپ بوپتۇ. يىگىت تىكەننىڭ يىلتىزىدىن كۈچەپ تارتىپ يۇلغاندىن كېيىن بىر چەتكە تاشلاپتۇ. ئىككىيلەن مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە، ئۇزۇنغا قالماي يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تىكەنلەرنى پاكپاكىز چاناپ بوپتۇ.

## ماڭالايدىغان تاش شىر

ساڭجۇنىڭ جەنۇبىدا دەريا ياقىسىغا جايلاشقان بىر بۇتخانا بار

ئىكەن. بۇتخانىنىڭ ئىشىكى دەرياغا غۇلاپ چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئىشىكتىكى بىر جۈپ تاش شىرمۇ بىللە دەرياغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن.

ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، بىر راھىب نۇرغۇن پۇل يىغىپ بۇ بۇتخانىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ھېلىقى بىر جۈپ تاش شىرنى سۈزۈپ چىقىشقا ئادەم ئەۋەتسە، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ، ئۇلار سۇ تاش شىرنى تۆۋەنگە ئېقىتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، نەچچە كىچىك كېمىنى ھەيدەپ، تۆمۈر ئارا بىلەن دەريانى مالتىلىغاچ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئون نەچچە چاقىرىم مېڭىپ تاش شىرلارنى ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىر خەلپەت:

ــ سىلەر كاللاڭلارنى ئوبدانراق ئىشلىتىپ باقامسىلەر؟ تاش شىر يا ياغاچ پارچىسى بولمىسا، سۇ قانداقمۇ ئېقىتىپ كېتەلىسۇن؟ تاش شىر بەك ئېغىر، قۇم بەك يۇمشاق بولغاچقا، تاش شىر قۇمغا چۈشسە بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ پېتىپ كېتىدۇ، ئاخىردا قۇم كۆمۈۋالىدۇ. ئۇنى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئىزدەش بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى توغرا دەپ ئويلاپ:

ــ بىلىملىك ئادەم باشقىچە بولىدىكەن، ــ دېيىشىپ تاش شىر چۈشۈپ كەتكەن يەرنى كولىماقچى بوپتىكەن، بىر پېشقەدەم ئەسكەر كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ خاتالىشىۋاتىسىلەر، تاش شىر چوقۇم بۇ يەردە ئەمەس، ــ دەپتۇ.

ــ بۇ يەردە بولمىسا ئەمىسە قەيەردە؟

ــ يۇقىرىقى ئېقىندا، ــ دەپتۇ پېشقەدەم ئەسكەر.

ــ سۇ تاش شىرنى تۆۋەنكى ئېقىنغىمۇ ئېقىتىپ كېتەلمىسۇن، ئەمما يۇقىرىقى ئېقىنغا ئېقىتىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ يا ئۇ ماڭالمىسا؟

كۆپچىلىك پېشقەدەم ئەسكەرنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسى يوق دەپ

قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ تەگىشىشنى لايىق كۆرمەي تاش شىر چۈشۈپ كەتكەن يەرنى كولاشقا باشلاپتۇ، يېرىم كۈن كولاپ بىر مۇنچە ئاۋارە بولۇپمۇ تاش شىرنى يەنىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر بىرەيلەن بېرىپ پېشقەدەم ئەسكەرنى تېپىپ:

— سىز تاش شىر يۇقىرى ئېقىندا دېدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق.

— نېمە ئۈچۈن؟

— تاش شىر بەك ئېغىر، قۇم بولسا بەك بوش. سۇ تاش شىرنى ئېقىتىپ كېتەلمىگەچكە، تاش شىرنىڭ ئاستىدا قايتىلانما ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ، قايتىلانما ئېقىن تاش شىرنىڭ ئالدىدىكى قۇمنى ئېقىتىپ كارىز پەيدا قىلىدۇ، سۇ قۇملارنى ئېقىتقانسېرى چوڭقۇرلايدۇ، ئاخىر تاش شىرنىڭ كۆپ قىسمى بوشلۇقتا قالغاندا تاش شىر ئالدىغا دومىلاپ چۈشىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىپ سۇ قۇمنى يەنە ئېقىتىدۇ، تاش شىر يەنە ئالدىغا دومىلايدۇ. ئاستا - ئاستا تاش شىر ئېقىنغا قارشى ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ. تۆۋەن ئېقىندىن تاش شىرنى ئىزدەش بىمەنىلىك بولغاندەك، قۇمنىڭ ئاستىدىن تاش شىرنى ئىزدەشمۇ بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

كۆپچىلىك پېشقەدەم ئەسكەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە تاش شىرنى ئۈستۈنكى ئېقىندىن ئىزدەپتىكەن، نەچچە چاقىرىم ئۈستىدىن تاش شىرنى تېپىپتۇ.

## سودىگەرنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن.

سودىگەرنىڭ ئايالى تەڭداشسىز ساھىبجامال ئىكەن.

بىر كۈنى بىر ئوغرى قولىغا پىچاق ئېلىپ، سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ، ئوغرى پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ئۆيگە

كىرىپ، سودىگەرنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، ئۇنىڭ ساھىبجامال ئايالى تېخى ئويغاق ئىكەن. سودىگەرنىڭ ئايالى ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى سېزىپ، قورققىنىدىن دەرھال ئېرىنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇ.

سودىگەر بۇرۇنلا ئايالىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇيقۇلۇقتا ئايالىنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلىغانلىقىنى سېزىپ ئويغىنىپتۇ ۋە ھەددىدىن زىيادە مەمنۇن بولۇپ:

— نەدىن كەلگەن ئامەت بۇ؟ — دەپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئوغرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

— ھەي، ئوغرى، ئۆيۈمدىكى مال - دۇنيادىن قايسى كېرەك بولسا شۇنى ئال، ئەگەر سەن مېنىڭ تۇرالغۇمغا كىرمىگەن بولساڭ، ماڭا بۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىغان بولاتتى، ساڭا كۆپ رەھمەت، سەن ئايالىمنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىپ، ئۇنى ماڭا مۇشۇنداق يېقىنلاشتۇردۇڭ، — دەپتۇ.

## ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىش

ئىككى كەمبەغەل ئوتۇنچى تاغدىن ئوتۇن تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بىر كۈنى تاغدا ئۇلارغا چوڭ ئىككى دۆۋە پاختا ئۇچراپتۇ. پاختىنىڭ باھاسى ئوتۇننىڭ باھاسىدىن ئۆرە بولغاچقا، ئىككىيلەن ئۇ ئامەتتىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، چۈنكى بۇ دۆۋە پاختىنى ساتسا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىرەر ئايلىق چاي - تۇز پۇللىرىدىن غەم يېمەيدىكەن. ئىككىيلەن بىر دۆۋىدىن پاختىنى يۈدۈپ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

كېتىۋېتىپ بىر ئوتۇنچى يولدا بىر تېڭىق رەخت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا ئالىي دەرىجىلىك ماتا بولۇپ، 10 نەچچە توپ كېلىدىكەن. ئۇ خۇشال بولۇپ ھەمراھىغا يۈدۈۋالغان پاختىنى تاشلىۋېتىپ، رەختنى ئېلىپ كېتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

ئەمما، ئۇنىڭ ھەمراھى پاختىنى شۇنچە يەردىن يۇدۇپ كېلىپ، بۇ يەردە تاشلىۋەتسەك ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ. ماتانى بايقىغان ئوتۇنچى ئامالسىز ماتادىن ئۆزىنىڭ قۇربىتى يېتىشىچە ئېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ماتا يۇدۇۋالغان ئوتۇنچى ئورمانلىقتا بىر نەرسىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، يەردە نەچچە قۇتا ئالتۇن چېچىلىق تۇرغۇدەك. كۆڭلىدە خۇدايىم بەردى دېگەن مانا، دەپ ئويلاپ ھەمراھىغا مۈرىسىدىكى ماتا بىلەن پاختىنى تاشلاپ، ئوتۇن كۆتۈرىدىغان ئەپكەش بىلەن ئالتۇننى كۆتۈرۈپ ئەكېتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ھەمراھى يەنىلا پاختىنى تاشلىمايلى، ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ دېگەن مۇقامنى تۇۋلاپتۇ، يەنە تېخى ئۇ ئالتۇنلارنى يالغان دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى بىكار ئاۋارە بولۇپ، ئاخىردا ھەممىدىن قۇرۇق قالماسلىققا دەۋەت قىپتۇ.

ئالتۇننى بايقىغان ئوتۇنچى ئىلاجسىز ئۆزى ئىككى قۇتا ئالتۇننى كۆتۈرۈپ، پاختا يۇدۇۋالغان ھەمراھى بىلەن ئۆيىگە مېڭىپتۇ. تاغدىن چۈشكەندە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ، ئىككىيلەن ئوچۇقچىلىقتا قېلىپ، چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى، پاختا يۇدۇۋالغان ئوتۇنچىنىڭ مۈرىسىدىكى پاختا يامغۇر سۈيىنى سۈمۈرۈپ يۇدۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. ئامالسىز قالغان ئوتۇنچى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي جاپا تارتىپ كۆتۈرۈپ كەلگەن پاختىنى تاشلىۋېتىپ، ئالتۇن كۆتۈرگەن ھەمراھى بىلەن قۇرۇق قول ئۆيىگە قايتىپتۇ.

## يامغۇر تىلەش

بىر يىلى چى بەگلىكىدە ئۇزۇنغىچە يامغۇر ياغماي زىرائەتلەر

قۇرۇپ كېتەي دەپ قاپتۇ، چى بەگلىكىنىڭ بېگى جىڭگۇڭ باخشى-نىڭ مەسلىھەتى بويىچە تاغ ئىلاھىنى تاۋاپ قىلىپ يامغۇر تىلى-مەكچى بوپتىكەن، ۋەزىر يەنزى:

— بولدى، بارمايلى، تاغ ئىلاھىدىن يامغۇر تىلىگەننىڭ پايدىسى يوق، تاغدىكى تاش تاغ ئىلاھىنىڭ سۆڭىكىگە ئوخشايدۇ، ئوت - چۆپلەر تاغ ئىلاھىنىڭ چېچىغا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنغىچە يامغۇر ياغماي تاغ ئىلاھىنىڭ چېچىمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ، مۇسكۇلىمۇ ئاپتاپتا قاق بولۇپ قاپتۇ، ئەجەبا تاغ ئىلاھى يامغۇر يېغىشىنى ئارزۇ قىلمامدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ قولىدىن يامغۇر ياغدۇرۇش كېلىدىغان بولسا، بۇرۇنلا يامغۇر ياغقان بولاتتى، — دەپتۇ.

جىڭگۇڭ:

— قارىغاندا تاغ ئىلاھىدىن تىلىسەم بولمىغۇدەك، ئۇنداقتا دەر-يا ئىلاھىدىن تىلىسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

يەنزى:

— ئۇمۇ بولماسمىكىن، سۇ دەريا ئىلاھىنىڭ زېمىنى، بېلىق، راك قاتارلىق جانلىقلار ئۇنىڭ پۇقراسى، ئۇزۇن ۋاقىت يامغۇر ياغ-ماي دەريا سۈيى قۇرۇپ كەتسە، دەريا ئىلاھى زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغانغا باراۋەر بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا بېلىق، راك دېگەنلەردەك پۇقرا-لىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ ئۆلىدۇ، ئەگەر دەريا ئىلاھى يامغۇر ياغ-دۇرالىغان بولسا يامغۇر ئاللىقاچان ياغقان بولاتتى، ئۇنىڭدىن تى-لىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ.

جىڭگۇڭ يەنزىنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار دەپ قاراپ ئىلاھتىن يامغۇر تىلىمەپتۇ.

## كۆرەك ھارۋىكەش

يەنزى چى بەگلىكىدە ۋەزىر بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە

ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ھار-ۋىكەشنىڭ ئايالى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا ئېرى ھارۋىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا كېرىلىپ تېرىسىگە سىغماي ئولتۇرغۇدەك.

ھارۋىكەش كەچتە ئۆيىگە كەپتىكەن، ئايالى ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن دەپ سوقۇشۇپتۇ. ھارۋىكەش ئايالىنىڭ نېمىشقا سوقۇ-شىدىغانلىقىنى بىلەلمەي:

— نېمىدەپ بىكاردىنلا بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئايالى:

— يەنزى پۇتۇن ئەلدە نامى بار ۋەزىر تۇرۇپ، ھارۋىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ نېمىدېگەن كەمتەر. بىراق سىز ئۇ-نىڭ ھارۋىكىشى تۇرۇپ، گىدىيىۋېلىپ تېرىڭىزگە سىغماي قاپ-سىز، شۇڭا سىزدىن رايىم يېنىپ كەتتى، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھارۋىكەش پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ كەمتەر بولۇپ كېتىپتۇ. يەنزى ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ قالغانلى-قىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سوراپتىكەن، ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى يەنزىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. يەنزى ئۇنىڭ ئۆز كەمچىلىكىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان روھىدىن سۆيۈ-نۈپ، ئۇنى چىن بەگلىكىنىڭ دافۇلىقىغا كۆرسىتىپتۇ.

## پاك قولاق ئەپەندى

بىر ئادەم ئايالىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىدا چاتاق بار دەپ گۇمان-لىنىپ، ئۇنىڭ ئاڭلاش سېزىمىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

بىركۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، ئۇ ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ 10 مېتىر ئارىلىق قالغاندا:

— خانىم، ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايالى ئىنكاس قايتۇرماپتۇ، ئۇ يەنە بەش مېتىر كېلىدىغان

يەرگە كەپتۇ.

— خانىم، ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ئايالى يەنىلا جاۋاب قايتۇرماپتۇ، ئۇ ئايالىغا ئۈچ مېتىر كېلىدىغان يەرگە كېلىپ:

— مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپتىكەن، ئايالى:

— ئاڭلىدىم، بۇ مېنىڭ سىزگە ئۈچىنچى قېتىم جاۋاب بېرىشىم، — دەپتۇ.

## ئازادە ھايات

دېھقان مۇللىر بىر كۈنلۈك جاپالىق ئەمگىكىنى تۈگىتىپ، خۇشال ھالدا دەرەخنىڭ تۈۋىدە قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىنى ئاڭلىغاچ، سالا ـ سالا ئېتىزلارغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ يېتىپتىكەن، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنى كۆرۈپ بىردەم پاراڭلاشماقچى بوپتۇ، ئۇ ئادەم:

— سەن نېمىشقا ھازىرلا بۇ يەرگە كېلىپ يېتىۋالدىڭ؟ تېخى يورۇققۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭچە قانداق قىلسام بولاتتى؟

— تاغقا چىقىپ جىقراق ئوتۇن كەسسەڭ بولىدىغۇ؟

— ئوتۇننى جىق كېسىپ نېمە قىلىمەن؟

— ئەتە بازارغا ئاپىرىپ ساتىسەن؟

— ئاندىنچۇ؟

— ئاندىن يانچۇقۇڭغا ئازراق پۇل كىرىدۇ، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئۇششاق ـ چۈششەك ئېلىپ ـ سېتىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىسەن، كېيىن بۇ پۇللارنى يىغىپ چوڭراق بىرەر تىجارەت قىلالايسەن، تېخىمۇ كۆپ پۇل ئېلىپ يۇرتقا قايتىپ كېلەلەيسەن، نەچچە پارچە يەر سېتىۋېلىپ باشقىلارغا تېرىشقا ئىجارىگە بېرىسەن، ئۇ چاغدا ئەمگەك قىلماي ئولتۇرۇپ ئىجارىنى يىغساڭلا بولىدى.

— ئۇنداقتا قانداق بولماقچى؟

— ئەخمەق، ئۇنداقتا سەن ئارام ئالالايسەن، جاپا تارتىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ - دە؟

— ئۇنداقتا، سېنىڭچە مەن ھازىر نېمە قىلىشۋاتقاندىمەن؟

## ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

بىر ئادەم پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن:

— دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە؟ — دەپ سورايدىكەن.

— ئالتۇن، ساھىبجامال، ئالماس، ھوقۇق، بىلىم، سېھىرگەرلىك.

— ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە جاۋاب بېرىشىپتۇ.

بۇ ئادەم زادى نېمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەي جاھان كېزىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلسام دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپالايمەن دەپ ئويلايدىكەن.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئارىدا ئۇ ئادەم پۈتۈن دۇنيانى ئارىلاپ چىقىپتۇ، ئۇ قېرىپ، نامراتلىشىپ كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ، ئەمما ھېلىقى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپالماپتۇ. ئامالسىز ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ غەمكىن ھالدا ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ.

قىشنىڭ سوغۇق بىر ئاخشىمى ئۇ ئاخىر ئۆيىگە كەپتۇ، ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپتۇ، يېقىن كېلىپ ئىچىگە قارىسا ئۆيدىكىلەر ئىسسىق تاماق قويۇلغان تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغۇدەك، ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويغان ئورۇنلا بوش ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ ئاخىر ئەسلىدە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

بۇ كىتاب خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据河南大学出版社 2004 年 7 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

策　　划：阿迪力・穆罕默德
责任编辑：吐尔逊古丽・卡斯木
　　　　　古海尔尼沙・吾布力
责任校对：茹克也・西里甫
封面设计：努尔买买提・艾买尔
制　　版：阿依努沙・吾布力

外国名家名著丛书

**智慧人生**（维吾尔文）

郭成　主编
阿不都卡德尔・加拉里丁　译

---

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32 开本　8.75 印张
2013 年 9 月第 1 版　2013 年 9 月第 1 次印刷

---

ISBN978－7－5466－1967－5（民文）　定价：30.80 元